# ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: مەھمۇت زەيدى
سەمەت دۇگايلى

مىللەتلەر نەشرىياتى

## "ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى"نىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا

1. «لۇغەت»كە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ۋە قۇرۇلمىسى، ئەدەبىي ژانىر ۋە تۈرلەر، ئەدەبىي ئېقىم، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىملىرى ساھەسىدىكى بۇرۇن ئىشلىتىلگەن ۋە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان، ئاساسەن بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئاتالغۇلاردىن 670 ى كىرگۈزۈلۈپ تېگىشلىك ئىزاھى بېرىلدى.

2. ئاتالغۇلارنىڭ تەرتىپى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بويىچە تۈزۈلدى.

3. تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىر ئاتالغۇغا تەۋە تۈرلەر ئاتالغۇسى ھەرپ تەرتىپى بويىچە شۇ ئاتالغۇنىڭ ئاستىغا تىزىلىپ، مۇندەرىجىدە باش قىسمىغا” — “سىزىق قويۇپ پەرقلەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

ئەدەبىيات

— ئانتىكلىرىكال ئەدەبىيات

— ئەخلاقىي تەلىم ئەدەبىياتى

— ئەمەلىيەتلىك ئەدەبىيات

— بالىلار ئەدەبىياتى

4. ئاسان تېپىش ئۈچۈن ژانىر ئاتالغۇسىغا تەۋە تۈرلەر ئاتالغۇسى ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ، مۇندەرىجىدە باش قىسمىغا" — "سىزىق قويۇپ پەرقلەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

شېئىر

— ئاق شېئىر

— ئەركىن شېئىر

— بالىلار شېئىرى

— چاچما شېئىر

— لىرىك شېئىر

— ماۋزۇسىز شېئىر

— نەسرى شېئىر

5. ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ئۇيغۇرچىغا بويسۇن-دۇرۇلۇپ تەرجىمە قاتارىدا بېرىلدى. ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە تەگدىشى يوقلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلدى. مەسىلەن:

ئاناكرېئونتىك پوئېزىيە 歌颂醇酒，男女之间爱情的诗歌

ھاشىيە （图书页中）字外空白处

6. ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار ۋە كلاسسىك ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خەنزۇچە تەگدىشى بولمىغانلىقتىن، تاۋۇش ئاھاڭى بويىچە خېتى يېزىلىپ تىرناق ئىچىگە تەۋەلىكى ئىلاۋە



قىلىندى ۋە شەكلى چۈشەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

بەھرى تەۋىل 特维力（阿鲁兹格律诗的一种音律）

مۇتەسسە 木特色（阿鲁兹格律诗的一种，九行为一段诗）

مۇختەملات 木合特来拉提（一·二·四行押韵同音异意诗）

7. چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئوخشاش مەنىلىكلىرى تەڭ قوللىنىلغان، ياكى قوللىنىلىۋاتقان بولسا ھەر ئىككىلىسى ئۆزى تەۋە ھەرپ تەرتىپى قاتارىدا تىزىلدى. خەنزۇچىسى ئوخشاش بېرىلىپ، ئۇيغۇرچىدا ئىزاھ ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

مېتافورا 借喻

ئىستىئارە 借喻

ئاتالغۇلارنىڭ "مېتافورا" ئىزاھىغا قاراڭ، ئاتالغۇلارنىڭ ئىستىئارە" ئىزاھىغا قاراڭ، ياكى "ئىزاھىدىن پايدىلىنىڭ" قاتارلىقلار.

8. بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى تىرناق ئىچىگە ئىلاۋە قىلىندى. مەسىلەن:

ئابستراكتسىئونىزم (لاتىنچە ئۇزاقلىشىش، مەۋھۇملۇق سۆزىدىن)

باللادا (ئىتالىيانچە ئويۇنغا چۈشمەك سۆزىدىن)

9. ئاتالغۇلارنىڭ ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىنىڭ ئىسمى مەلۇم بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇندەرىجىدە ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. كۆپرەك ئىشلىتىلگەن ۋە ئىشلىتىلىۋاتقانلىرىغىلا ئىزاھ

بېرىلدى.

10. ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى يولداش سەمەت دۇگايلى تەرىپىدىن ئىشلەندى ۋە تەرتىپى تۈزۈلۈپ، ئىزاھلىرى بېكىتىلدى.

11. يولداش سەمەت دۇگايلى قوشقان ۋە ئىزاھلىغان ئاتالغۇلارغا مۇندەرىجىدە * بەلگىسى قويۇلۇپ پەرقلەندۈرۈلدى.



# «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»غا كىرىش سۆز

ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئىلىم-پەننىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى راۋاجلىنىش ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بىر جەرياندۇر. چۈنكى، پەيدا بولغان ھەربىر يېڭى چۈشەنچە تىلدا ئۆز ئىنكاسىنى تاپىدۇ. پەن، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا مىسلىسىز راۋاجلىنىۋاتقان ھازىرقى كۈندە يېڭى ئاتالغۇلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. ھازىر ئاتالغۇلار ئاساسەن پەن-تېخنىكا تىلىغا ئايلىنىپ، تەرەققىي قىلغان تىللاردا يېڭى سۆزلەرنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتىنى پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ئېنىقلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تېرمىنولوگىيە مىللىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس مىزانىغا، تىللارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە يېقىنلىشىپ بېرىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تۈرلۈك ساھەلەرگە خاس ئاتالغۇلارمۇ ئۇيغۇر تىل لېكسىكا بايلىقىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋە سالماقلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي

تىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ
باي ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدە-
بىياتى ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ يارقىن ئەينىكى ئىدى. ئۇنىڭ
تەرەققىياتىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى
بېسىپ ئۆتتى. ھالبۇكى، ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ
شەكىللىنىشى، تاكامۇللىشىشى سۆز سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتشۇناس-
لىقنىڭ، شۇنداقلا ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ
باغلانغاندۇر. سۆز سەنئىتى تەرەققىياتى جەريانىدا خىلمۇخىل
ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلىق
ئۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئاچىدۇ، نەزەرىيە
قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەييەن ئەدەبىي ھادىسىلەرنى
مەخسۇس نام-ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ ياكى ئەدەبىي ھادىسە
بىلەن بىرگە پەيدا بولغان ئاتالغۇلارنى قەتئىي بىر قېلىپقا
سېلىپ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق تىلى
بايلىقلىرىدىن ئەدەبىي تىلنىڭ قائىدە ۋە نورمىلىرى ئاساسىدا
پايدىلىنىش زېمىنىدا سادىر بولىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلىق ئاتال-
غۇلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تولۇقلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى
تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئەنە شۇنداق
ئەھمىيەتلىك ۋە مۇرەككەپ جەرياننىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا ناھايىتى باي، خىلمۇخىل
ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى ياراتقان. ئۇيغۇر



ئەدەبىياتى، ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقى تەرەققىياتى
نەتىجىسىدە، بۇرۇن خېلى بىر قىسىم ئەدەبىي ئاتالغۇلار قوللى-
نىلغان، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ كېيىنكى ئەدەبىياتشۇناسلىق تەرەققى-
ياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇر خەلقى
ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى
مىللەتلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىي ئالاقىلەردە بولۇشتىن
تاشقىرى ئەرەب، پارس ۋە ھىندىلار، ياۋروپادىكى بىر قىسىم
خەلقلەر بىلەنمۇ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتتە بولغان.
بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى
كۆرسەتكەن، ئىز قالدۇرغانىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر
قاتار ژانىر ۋە ئاتالغۇلىرىدا رومان، پوۋېست، داستان، پوئېما،
غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، رۇبائىي... دېگەندەك سۆزلەر-
نىڭ ھازىرغىچە مەكتەپ مائارىپ قوللانما-پروگراممىلىرىدا،
مەتبۇئاتلاردا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەنلىكى يۇقىرىدىكى سۆزىمىز
ئۈچۈن دەلىلدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي
سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن يىلدىن يىلغا گۈللىنىپ،
ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن
تەركىب تاپقان قوشۇنىغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،
بۇ ساھەدە قايتىدىن گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.
ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ

مۇھىم بىر تەركىبى قىسمىنى تەشكىل قىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز بېشىدىن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋە ئۇلۇغ يۈكسىلىش باسقۇچىنى ئۆتكۈزمەكتە. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇلۇغ دەۋرنىڭ تېرمومېتىرى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا ئوڭدىن ۋە سولدىن كەلگەن توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ۋەتىنىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارىدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشماقتا. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى دەۋرنىڭ تەلىپى، كىتابخانلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈشنى كۈنتەرتىپكە قويدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دەۋرنىڭ يېڭىلىنىشى ئەدەبىياتقىمۇ يېڭى، مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى يۈكلىدى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ماكرولۇق يۈزلىنىشكە قاراپ چوڭقۇرلاپ بارماقتا. بۇ يۈزلىنىشنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆپ خىللىق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىمىز بۇرۇنقى رېئالىزم (ئېنىقراق ئېيتقاندا بىرلا سوتسىيالىستىك رېئالىزم) مېتودىدىن كۆپ خىللىشىپ بارماقتا. دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىملار،



ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت شەكىللىرىمۇ ئەمدىلىكتە بىزنىڭ ئەدەبىي ھاياتىمىزغا كىرىپ كەلمەكتە. بۇ ھال ئاشۇ ئېقىملار، پىكىر ئېقىملارنىڭ ئاتىلىشى، ئىجادىيەت ۋاسىتىلىرى ۋە شەكىللىرىنىڭ ئاتالغۇسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش زۆرۈرىيىتىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇ، ئەدەبىياتىمىزدا بارچە گۈللەرنىڭ بەس ـ بەس بىلەن پورەكلەپ ئېچىلىش ۋەزىيىتىنى، تولۇق يۆنىلىشلىك، كۆپ خىل بولۇشنى بارلىققا كەلتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق، ئەلۋەتتە. يەنە بىر جەھەتتىن، چەت ئەللەردىن كىرىۋاتقان ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات مېتودلىرى، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى نەزەرىيە تەنقىدىي تەتقىقاتىمىزنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەنئەنىۋى، ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىلا ئەمەس، بىزگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئاتالغۇلارنىمۇ بىلىپ قويۇش، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە شۇ ئاتالغۇلار ۋەكىللىك قىلغان ئېقىملارنىڭ پايدىلىق قاراشلىرى بىلەن ياندىشىپ كۆرۈش، زىيانلىق قاراشلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىگە تەنقىدىي قاراش ۋە ساۋاق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش، نەزەر دائىرىمىزنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مىڭلىغان ئوتتۇرا مەكتەپ،

تېخنىكۇملار ۋە كۆپلىگەن ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، بولۇپمۇ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئوقۇتۇش ۋە ئۇنى ھەر تەرەپلىمە شەرھلەشتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئاممىباب ۋە ئورتاق ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىگە موھتاج ئىدى. مۇشۇنداق ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، 1984-يىلى «تارىم» ژۇرنىلى سەھىپىسىدە «ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» سەھىپىسى ئېچىلىپ، ھەر ساندا بىر تۈركۈم ئاتالغۇلار ئېلان قىلىنىپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق داۋام قىلدى.

بۇ ئاتالغۇلار جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا سازاۋەر بولدى. يولداش مەھمۇت زەيدى نۆۋەتتىكى تەلەپ ۋە ئېھتىياجلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ «تارىم»دىكى تېكىستىنى ئاساس قىلىپ، يەنە بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى قوشۇپ قايتىدىن تۈزۈپ چىققان ۋە قايتىدىن تۈزۈش جەريانىدا ئەسلى «تارىم»دىكى كەتكەن بەزىبىر سەھۋەنلىكلەرنى تۈزەتكەندى.

نەشر قىلىش ھارپىسىدا ئاتالغۇلارنىڭ يەنىلا ئازراق بولۇپ قالغانلىقى، بۇنداق بولغاندا، تەلەپ ۋە ئېھتىياجنى قاندۇرۇش مەقسىتى تولۇق ھەل بولالمايدىغانلىقى سېزىلىپ، بۇ «لۇغەت»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى يولداش سەمەت دۇگايلى تەرىپىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئاتالغۇلار قوشۇلۇپ تولۇقلاندى ۋە ئەسلىدىكى



ئىزاھلانمىغان ئاتالغۇلارغا قوشۇپ ئىزاھ يېزىلدى.

ئىلىم ئەھلىگە مەلۇمكى، ھەرقانداق چوڭ ۋە مۇكەممەل لۇغەتمۇ بىر پەننىڭ ئۆز ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق چۈشەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، تىلنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى بايلىقىنى بىر دائىرىگە توپلاش ئىشى ئوڭاي ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنىڭ زىچلىقى، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەڭ-كۇشادە ئەمەسلىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن «لۇغەت»تە يېتەرسىزلىك ۋە سەھۋەنلىكلەر، كەمتۈكلۈك ھەتتا خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ، لۇغەتشۇناسلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

**مەھمۇت زەيدى**
**سەمەت دۇگايلى**

1987-يىل ئاپرېل.

# ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

# 文学名词术语维汉对照目录

## ئا


ئابزاس 段落 ......... ( 1 )
ئابستراكتسىئونىزم (مەۋھۇمچىلىق) 抽象主义 ......... ( 1 )
ئاپتور 作者 ......... ( 2 )
ئاپتور نۇتقى 作者术语 ......... ( 2 )
ئاپتوبىبلىئوگرافىيە 作者自编其著书目 ......... ( 4 )
ئاپتوبىئوگراف 自传作者 ......... ( 4 )
ئاپتوبىئوگرافىيە 自传，生平自述 ......... ( 4 )
ئاپتوبىئوگرافىك ئەسەر 自传性作品 ......... ( 5 )
ئاپتوگراف 亲笔手稿 ......... ( 5 )
ئاپوفېئوز 公众的颂扬 ......... ( 6 )
ئارخائىزم 古旧语词 ......... ( 6 )
ئارختېكتونىكا 结构法 ......... ( 7 )

* ئارقا كۆرۈنۈش ......... 背景 ( 8 )
* ئاساسىي گەۋدە ......... 主体 ( 9 )
* ئاساسىي ۋەقەلىك ......... 本事 ( 9 )
ئافورىزم ......... 格言，箴言 ( 9 )
* ئاقارتىش ھەرىكىتى ......... 启蒙运动 ( 11 )
* ئاقىلانىلەر ......... 爱智派 ( 12 )
* ئاكادېمىزم (ساپ نەزەرىيىچىلىك) ......... 纯理论主义 ( 12 )
ئاكادېمىك نەشىر ......... 考订版 ( 13 )
* ئاگنوستىتسىزم (بىلىپ بولماسچىلىق) ......... 不可知论 ( 13 )
* ئاڭ ئېقىمى ......... 意识流 ( 13 )
* ئالدىچىلىق (ئاۋانگارتىزم) ......... 先锋主义 ( 16 )
ئاللېگورىيە ......... 寓意 ( 17 )
ئاللىتېراتسىيە ......... 同音法 ( 18 )
ئالماناخ ......... 多人文选 ( 19 )
* ئاممىبابلاشتۇرۇش ......... 大众化 ( 21 )
* ئامموۋلاشتۇرۇش ......... 群众化 ( 22 )
* ئامورالىزم (ئەخلاق بىكىرەكچىلىكى) ......... 无道德论 ( 22 )
ئاناخرونىزم ......... 旧时代的残余，非常落户 ( 22 )
ئانافورا ......... 头语重叠 ( 24 )



ئاناكرېئونتىك پوئېزىيە ......... 歌颂醇酒，男女之间爱情的诗歌 ( 25 )
* ئانتروپولوگىزم (كىشىچىلىك) ......... 人本主义 ( 26 )
ئانتولوگىيە ......... 文选 ( 27 )
ئانتونىملار ......... 反意词 ( 27 )
ئانتىتېزا ......... 对照法 ( 28 )
ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشى ......... 古希腊诗体结构 ( 29 )
ئانناللەر ......... 编年史 ( 30 )
ئاننوتاتسىيە ......... 书评 ( 30 )
ئانېكدوت ......... 可笑的奇闻 ( 30 )

## ئە

ئەبجەد ......... 阿拉伯字母次序 ( 31 )
ئەبجەد ھېسابى ......... 用阿拉伯字母代替数字法 ( 32 )
ئەپسانە ......... 神话 ( 34 )
* ئەپسانىشۇناس ......... 神话学家 ( 35 )
* ئەپسانىشۇناسلىق ......... 神话学 ( 35 )
* ئەپكار ......... 机关刊报 ( 35 )
* ئەپكار ئامما ......... 读者 ( 35 )
ئەتيود ......... 草稿 ( 35 )
* ئەدەبىي ئاخبارات ......... 报告文学 ( 36 )

ئەدەبىي ئەسەر
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ
قەھرىمانى ……… 文学作品 (37)
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قەھرىمانى ……… 文学作品的主人公 (38)
* ئەدەبىي ئەنئەنە ……… 文学传统 (39)
ئەدەبىي تەسىر ……… 文艺影响 (40)
ئەدەبىي تەنقىد ……… 文学批评 (41)
ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ……… 文学批评的标准 (43)
* ئەدەبىي تەنقىدنىڭ
بەدىئىي ئۆلچىمى ……… 文学批评的艺术标准 (45)
* ئەدەبىي تەنقىدنىڭ "سىياسىي ئۆلچىمى"
مەسىلىسى ……… 文学批评的“政治标准”问题 (46)
ئەدەبىي تىل ……… 文学语言 (49)
ئەدەبىي خاتىرىلەر ……… 随笔 (50)
ئەدەبىي خەۋەر ……… 通讯文学 (50)
* ئەدەبىي زوقلىنىش ……… 文学欣赏 (50)
* ئەدەبىي مىراس ……… 文学遗产 (51)
* ئەدەبىي ئوبزور ……… 文学评论 (53)
ئەدەبىي ئېقىم ……… 文学流派 (53)
ئەدەبىيات ……… 文学 (54)
— ئانتىكلېرىكال ئەدەبىيات ……… 反对教权主义 (55)
— ئەخلاقىي ـ تەلىمىي ئەدەبىيات ……… 教训文学 (56)
— *ئەمەلىيەتلىك ئەدەبىيات ……… 纪实文学 (56)





— باللار ئەدەبىياتى ……… 儿童文学 (57)
— بەدىئىي ئەدەبىيات ……… 文艺 (57)
— پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ……… 普罗文学 (58)
— تەرجىمە ئەدەبىيات ……… 翻译文学 (58)
— تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ……… 传记文学 (59)
— تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ……… 劝善文学 (59)
— * تىياتىر ئەدەبىياتى ……… 戏剧文学 (59)
— * خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ……… 民间文学 (61)
— دۇنياۋى ئەدەبىيات ……… 世界性文学 (62)
— دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى ……… 国防文学 (63)
— ساپ ئەدەبىيات ……… 纯文学 (63)
— سۇيىقەست ئەدەبىياتى ……… 阴谋文学 (63)
— * سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ……… 比较文学 (64)
— شەھەر (رىتسارلار ياكى ئاتلىقلار)
ئەدەبىياتى ……… 城市（骑士）文学 (64)
— * كىنو ئەدەبىياتى ……… 电影文学 (65)
— * لىرىك ئەدەبىيات ……… 抒情文学 (66)
— مىستىتىك ئەدەبىيات ……… 神秘主义文学 (67)
— مىللەتپەرۋەرلەر ئەدەبىياتى ……… 民族主义文学 (68)
— مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى
ئەدەبىياتى ……… 民族革命战争的大众文学 (68)
— ئوردا ئەدەبىياتى ……… 宫庭文学 (69)

— * ئېپىك ئەدەبىيات 叙事文学 ……… (69)
— ئىنقىلابىي ئەدەبىيات 革命文学 ……… (70)
— * يېڭى ئەدەبىيات 新文学 ……… (70)
ئەدەبىيات تارىخى 文学史 ……… (71)
* ئەدەبىيات نەزەرىيىسى 文学理论 ……… (73)
* ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقلىقى 文学的真实性 ……… (74)
* ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى 文学的倾响性 ……… (76)
* ئەدەبىياتنىڭ دەۋر روھى 文学的时代精神 ……… (77)
* ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى 文学的阶级性 ……… (78)
* ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيۋىلىكى 文学的政治性 ……… (79)
* ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي
رولى 文学的社会作用 ……… (80)
* ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيىۋىلىكى 文学的思想性 ……… (82)
* ئەدەبىيات ـ سەنئەت 文艺 ……… (83)
ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى 文艺思潮 ……… (84)
* ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق 文艺学 ……… (84)
ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشى
(ئويغىنىشى) 文艺复兴 ……… (85)
”ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە قارا يىپ دىكتاتورلۇقى“
نەزەرىيىسى “文艺黑线专政”论 ……… (86)
* ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلـ





دۇرۇش 文艺为人民服务，为社会主义服务 ……… (86)
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
ئىچكى قانۇنىيىتى 文艺的内在规律 ……… (88)
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان،
ئەسكەرلەر يۆنىلىشى 文艺的工农兵方向 ……… (91)
* ئەدەبىياتشۇناس 文学家 ……… (91)
* ئەدەبىياتشۇناسلىق 文学 ……… (91)
ئەدەبىيات ئىنقىلابىي 文学革命 ……… (91)
ئەدىب 文人，文豪，文学家 ……… (93)
* ئەسلىمە 回忆录 ……… (93)
— * ئىنقىلاب ئەسلىمىلىرى 革命回忆录 ……… (94)
ئەقلىيە سۆز 箴言 ……… (95)

ب

باخشى 巫师 ……… (95)
بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار
بەس ـ بەستە سايراش 百花齐放，百家争鸣 ……… (96)
* بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما 基础与上层建筑 ……… (98)
باللادا 短篇故事诗 ……… (100)
بالېت 巴蕾舞 ……… (101)
باللار چۆچىكى 童话 ……… (101)
باياز 众人诗选 ……… (102)
بايان 叙述 ……… (103)

— ئاپتور بايانى 作者叙述 ......... (103)
— * بىرىنچى شەخس بايانى 第一人称 ......... (103)
— * پاراللېل بايان 平叙 ......... (104)
— تەتۈر بايان 倒叙 ......... (104)
— قىستۇرما بايان 插叙 ......... (104)
— ئوڭ بايان 顺叙 ......... (104)
— * ئۈچىنچى شەخس بايانى 第三人称 ......... (105)
— * يوشۇرۇن بايان 伏笔 ......... (105)
بەدىھە 即兴诗 ......... (106)
* بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش (قوراشتۇش)
艺术构思 ......... (107)
* بەدىئىي تەربىيلىنىش 艺术修养 ......... (108)
بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى 艺术语 ......... (109)
بەدىئىي قىزغىنلىق 艺术冲动 ......... (114)
بەدىئىي ماھارەت 艺术技巧 ......... (114)
بەدىئىي ئۇسۇل 艺术手法 ......... (115)
بەدىئىيلىك 艺术性 ......... (115)
* بەدىئىي يىغىنچاقلاش 艺术概括 ......... (116)
بەند 段节 ......... (116)
بەھرى 音律 拜合里（阿鲁兹格律诗的结构） ......... (117)
بەھرى تەۋىل
特维力（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)




— بەھرى بەست
拜斯特（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)
— بەھرى رەجەز
热杰孜（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (119)
— بەھرى رەمەل
热麦力（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (119)
— بەھرى سەرى
册日（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (121)
— بەھرى كامىل
卡米里（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)
— بەھرى مەدىد
麦德迪（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (121)
— بەھرى مۇجتەس
木吉特斯（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)
— بەھرى مۇقتەزىب
木克特再甫（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (122)
— بەھرى مۇنسەرىھ
木尼色日赫（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (122)
— بەھرى ھەزەج
艾则吉（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)
— بەھرى ۋافىر
瓦费尔（阿鲁兹格律诗的一种音律） ......... (118)

بەھرى قەسرى

......... 凯斯里（阿鲁兹格律诗行句少的音律） (118)

— بەھرى جەددىت

......... 杰德提（阿鲁兹格律诗的一种音律） (118)

— بەھرى خەفىف

......... 合费甫（阿鲁兹格律诗的一种音律） (123)

— بەھرى قەرىب

......... 凯里甫（阿鲁兹格律诗的一种音律） (124)

— بەھرى مۇتەدارىك

......... 木特大里克（阿鲁兹格律诗的一种音律） (118)

— بەھرى مۇتەقارىب

......... 木特哈里甫（阿鲁兹格律诗的一种音律） (124)

— بەھرى مۇزارى

......... 木扎里（阿鲁兹格律诗的一种音律） (125)

— بەھرى مۇشاكىل

......... 木夏克力（阿鲁兹格律诗的一种音律） (118)

بېغىشلاش ......... 献诗（词），诗序 (126)

* بېغىشلىما ......... 题词 (127)

* بېغىشلىما تەقدىم قىلىش ......... 赠序 (127)

بېيىت ......... 民间诗，双行诗 (127)

* بىئائۇتىزم ......... 欲乐主义 (129)

بىبلىئوگرافىيە ......... 书志学 (128)



* بىمەنىچىلەر ......... 荒诞派 (129)

بىئوگرافىك مېتود ......... 传记法 (131)

بىئوگرافىيە ......... 言行录，传记 (132)

* بىۋاستە سېزىم ......... 直觉 (132)

## پ

پاراللېلىزم ......... 平行法 (132)

پارتىيىۋىلىك ......... 党性 (134)

پائۇزا ......... 间歇 (135)

پەردە ......... 幕 (136)

پروتوتىپ ......... 原型 (136)

پروزا ......... 散文体 (136)

* پروزائىك ......... 散文家，小说家 (137)

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنى ......... 无产阶级革命文艺路线 (137)

پورترېت ......... 人物肖像 (138)

* پورنوگرافىيە ......... 淫书 (138)

پوۋېست ......... 中篇小说 (138)

پوئېتىكا ......... 诗学 (139)

پوئېزىيە ......... 风骚 (139)

پوئېما ......... 长诗 (139)

پۇبلىتسىستىكا ......... 政论 (140)

* پۇلغا چوقۇنۇش سەنئىتى ········· 拜金艺术 (141)
* پۇلغا چوقۇنۇش مەسلىكى ········· 拜金主义 (141)
پېرسوناژ ········· 人物 (141)
— * سەلبىي پېرسوناژ ········· 反面人物 (141)
— * قەھرىمان پېرسوناژ ········· 英雄人物 (142)
— * ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژ ········· 转变人物 (143)
— * ئىجابىي پېرسوناژ ········· 正面人物 (144)
پېرسوناژ خاراكتېرى ········· 人物性格 (145)
* پېرسونالىزم ········· 人格主义 (145)
پېيزاژ ········· 风景 (146)
* پېسسىمىزم (ئۈمىدسىزچىلىك) ········· 悲观主义 (147)
* پىنھانچىلار ········· 隐逸派 (147)
پيېسسا ········· 剧本 (148)
* پىئېتىزم (تەقۋادارچىلىق) ········· 虔诚主义 (148)

## ت

* تەبىئىيچىلەر ········· 自然派 (148)
تەپەككۇر ········· 思维 (150)
— * ئابستراكت تەپەككۇر ········· 抽象思维 (150)
— * بەدىئىي تەپەككۇر ········· 艺术思维 (150)
— ئوبرازلىق تەپەككۇر ········· 形象思维 (150)
تەپسىلات ········· 细节 (152)



تەجنىس
········· 特吉尼斯（阿鲁兹格律诗的一种音律） (153)
تەخەللۇس ········· 笔名 (154)
تەخمىس
········· 特合米斯（阿鲁兹格律诗的一种音律） (154)
تەرجىئى بەند
········· 特尔吉伊班德（阿鲁兹格律诗的一种音律） (155)
تەزكىرە ········· 传记 (156)
— * قەبرە تەزكىرىسى ········· 墓表 (156)
تەسەۋۋۇر ········· 想象 (157)
تەسۋىر ········· 描写，描绘 (157)
— *ئاق تەسۋىر ········· 白描 (157)
— بىۋاستە تەسۋىر ········· 直接描写 (158)
— پورترېت تەسۋىرى (قىياپەت تەسۋىرى)
········· 肖像描写 (158)
— *پسىخىك تەسۋىر ········· 心理描写 (159)
— * تەپسىلات تەسۋىرى ········· 细节描写 (160)
— مۇھىت تەسۋىرى ········· 景描 (161)
— * ھەرىكەت تەسۋىرى ········· 行动描写 (161)
— * ۋاستىلىك تەسۋىر ········· 间接描写 (162)
* تەسىرات خاتىرىسى ········· 扎记 (162)
تەقرىز ········· 文学短评 (162)

* تەقلىدچىلىك ......... 模仿 (163)
ترادىتسىيە ......... 传统 (164)
تراگېدىيە ......... 悲剧 (164)
تراگېكومېدىيە ......... 悲喜剧 (165)
* ترانسكرىپسىيە ......... 音标 (165)
ترىلوگىيە ......... 三部曲 (165)
* توقۇلما ......... 虚构 (166)
تۇراق ......... 韵脚 (166)
تۈگۈن ......... 焦点 (167)
* تېز يازما ......... 速写 (168)
تېما ......... 题材 (168)
— باش تېما ......... 主题 (169)
— * ئاساسىي باش تېما ۋە
قوشۇمچە باش تېما ......... 正主题和副主题 (171)
تېماتىكا ......... 选题 (172)
تېكىست ......... 文词，正文 (172)
تېكىستولوگىيە ......... 原文鉴定学 (172)
*تېلېۋىزىيە تىياتىرى ياكى تېلېۋىزىيەفىلىم ......... 电视剧 (172)
تىپ ......... 典型 (174)
تىپىك، تىپىكلىك ......... 典型性 (175)
— تىپىك پېرسوناژ ......... 典型人物 (176)
— تىپىك خاراكتېر ......... 典型性格 (176)
— تىپىك شارائىت (مۇھىت) ......... 典型环境 (177)



تىپىكلەشتۈرۈش ......... 典型化 (178)
تىراژ ......... 印数 (178)

ج

جانلاندۇرۇش ......... 振奋辞 (178)
جەڭنامە ......... 战史文学 (179)

چ

چۆچەك ......... 童话；史话 (179)
چىنلىق ۋە چىنلىقنى يېزىش ......... 真实和写真实 (179)
* چىنلىقچىلىق ......... 真实主义 (180)

خ

خاتىرە (خاتىرە دەپتەر) ......... 笔记 (180)
خاراكتېر ......... 性格 (181)
خاراكتېرىستىكا ......... 鉴定，评定 (181)
خام ماتېرىيال ......... 素材 (182)
* خەت - چەكلەر ......... 书信 (182)
خەلقچىللىق ......... 人民性 (183)
* خەلق ئېغىز تىلى ......... 口头语言 (185)
خەلق ئېغىز ئىجادى ......... 口头创作 (185)
خەمسە ......... 哈米沙（五卷本诗） (186)
* خرېستوماتىيە ......... 文选读本 (186)

* خىرەچىلەر ……… 微暗派 (187)

د

* دادائىزم ……… 达达主义 (187)
* داستان ……… 叙事长诗 (189)
* داستانچىلىق ……… 说唱 (189)
دراما ……… 话剧 (190)
— * بىر پەردىلىك دراما ……… 独幕剧 (191)
— * رادىئو درامىسى ……… 广播剧 (191)
— شېئىرى دراما ……… 诗剧 (192)
— * كۆپ پەردىلىك دراما ……… 多幕剧 (192)
— * مۇزىكىلىق دراما ……… 音乐话剧 (193)
— مېلو دراما ……… 充满感伤的悲欢离合的音乐话剧 (193)
— * ئۇسسۇللۇق دراما ……… 舞剧 (193)
دراماتۇرگ ……… 剧作家 (194)
دراماتۇرگىيە ……… 剧作学 (194)
* دراماتىزم ……… 紧张情节 (195)
* دېكادېنتىزم (چۈشكۈنچىلىك) ……… 颓废主义 (195)
دېكلاماتسىيە ……… 朗诵诗 (196)
* دېكلاماتور ……… 朗诵者 (196)
دېكوراتسىيە ……… 布景 (196)
* دىئالېكت ……… 方言 (196)



* دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ……… 辩证唯物论的创作方法 (197)
دىباچە ……… 序言 (199)
دىداكتىزم (نەسىھەتچىلىك) ……… 劝善 (199)
* دىسسېرتاتسىيە ……… 论文 (200)
دىۋان ……… 全集 (202)

ر

* "راپپ"چىلار ……… "拉普"派 (203)
رادىف ……… 韵后重叠 (204)
* راۋاج ……… 发展 (205)
رومان ……… 长篇小说 (205)
— تارىخىي رومان ……… 历史长篇小说 (207)
رومانتىزم ……… 浪漫主义 (207)
— ئاكتىپ رومانتىزم ……… 积极浪漫主义 (208)
— پاسسىپ رومانتىزم ……… 消极浪漫主义 (208)
— ئىنقىلابىي رومانتىزم ……… 革命浪漫主义 (209)
— يېڭى رومانتىزم ……… 新浪漫主义 (209)
رومانس ……… 抒情情歌 (209)
رۇبائىي ……… 柔巴依（传统诗的一种） (210)
رۇجۇئ ……… 强化语 (211)
رېئالىزم ……… 现实主义 (212)

— تەنقىدىي رېئالىزم ......... 批判现实主义 (214)

— سوتسىيالىستىك رېئالىزم ......... 社会主义现实主义 (215)

— * سېھرى خىيالىي رېئالىزم ......... 魔幻现实主义 (216)

— سۇررېئالىزم (ئۇستۇن

رېئالىزم) ......... 超现实主义 (217)

— * يېڭى رېئالىزم ......... 新现实主义 (217)

* رېتسىنزىيە ......... 评论 (218)

رېزونانس ......... 共鸣 (218)

رىتورىكا ......... 演说术 (219)

— رىتورىك خىتاب ......... 修词性呼声 (219)

— رىتورىك سوئال ......... 修词性问语 (220)

— رىتورىك مۇراجىئەت ......... 修词上的特别说法 (220)

رىتىم ......... 节律 (221)

رىسالە ......... 小册子 (222)

رىۋايەت ......... 传说 (223)

## ز

زاۋىن ......... 杂文 (223)

زوقلىنىش ......... 鉴赏，欣赏 (224)

## ژ

ژارگون

......... 行话，（某一阶级和阶层中）特殊语言 (224)



ژانىر ......... 体裁，样式 (224)

* ژۇرنال ......... 刊物 (225)

— * ئەدەبىي ژۇرنال ......... 文学杂志（刊物） (225)

## س

ساتىرا ......... 讽刺作品 (225)

ساقىي ......... 斟酒的人，酒保 (226)

ساقىينامە ......... 祝酒诗 (226)

سالنامە(يىلنامە) ......... 编年史 (226)

ساياھەتنامە ......... 游记 (227)

سەبكى ......... 独特风格 (227)

سەجئى ......... 压韵短文 (228)

سەنئەت ......... 艺术 (228)

— سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت ......... 为艺术而艺术 (229)

— * سەھنە سەنئىتى ......... 舞台艺术 (231)

— * شەكىل سەنئىتى ......... 造型艺术 (231)

— * ئويناش سەنئىتى ......... 表演艺术 (231)

— * ئۇنىۋېرسال سەنئەت ......... 综合艺术 (232)

— ئىنسان ئۈچۈن سەنئەت ......... 为人生而艺术 (232)

"سەنئەت ئەركىنلىكى"

نەزەرىيىسى ......... “文艺自由”论 (232)

* سەھنە سۆزى ......... 台词 (233)

سخېماتىزم (قېلىپبازلىق) 公式化 ……… (233)
سونېت 高籁体 ……… (233)
سۇفلېر 提台词者 ……… (235)
* سۆز بېشى 导语 ……… (235)
* سۆز ئۈزۈندىلىرى 语录 ……… (235)
سۇژېت 情节 ……… (235)
— * ئاساسىي سۇژېت 主干 ……… (236)
— * تاق لىنىيىلىك سۇژېت 单纯线 ……… (236)
— * قوش لىنىيىلىك سۇژېت 双线情节 ……… (237)
— * يوشۇرۇن سۇژېت 优线 ……… (237)
سېنارىيە 脚本 ……… (237)
— * تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى 电视文学剧本 ……… (238)
— * رېژىسسور سېنارىيىسى 分镜头剧本 ……… (238)
— * كىنو سېنارىيىسى 电影文学剧本 ……… (238)
سېنتىمېنتالىزم 感伤主义 ……… (239)
* سېنزور 书刊检查 ……… (239)
سىكل (چاتما) 组诗 ……… (240)
سىمۋول 象征 ……… (240)
سىمۋولىزم 象征主义 ……… (241)
* سىنتاش يادنامىلىرى 碑文 ……… (242)
* سىنونىم 同意词 ……… (243)




## ش


شائىر 诗人 ……… (243)
شېئىر 诗 ……… (243)
— * شېئىرىي پاراڭ 诗话 ……… (243)
— * شېئىرىي پىكىر 诗思 ……… (244)
— * شېئىرىي چۆچەك 童话诗 ……… (244)
— شېئىرىي رومان 诗体小说 ……… (244)
— * شېئىرىي مەسەل 寓言诗 ……… (245)
— ئاق شېئىر 无韵诗 ……… (245)
— * ئەركىن شېئىر 自由诗 ……… (247)
— * باللار شېئىرى 儿歌 ……… (247)
— چاچما شېئىر 自由诗 ……… (247)
— * لىرىك شېئىر 抒情诗 ……… (249)
— *ماۋزۇسىز شېئىر 无题诗 ……… (249)
— نەسرى شېئىر 散文诗 ……… (250)
— * ھەجۋىي شېئىر 讽刺诗 ……… (250)
— * ئوردا (ساراي) شېئىرلىرى 宫庭诗 ……… (251)
— ئېپىك شېئىر 叙事诗 ……… (252)
— * يېڭى شېئىر 新诗 ……… (252)


## غ


غايە 理想 ……… (253)

| | | |
|---|---|---|
| — ئەسەر غايىسى | 作品的理想 | (253) |
| غايىۋىيلىك | 理想性 | (254) |
| * غەربىي ياۋروپاچىلار | 西欧派 | (254) |
| غەزەل | 格则里（阿鲁兹格律诗的一种音律） | (255) |
| * غەيرىي سۇژېتلىق ئېلېمېنت | 非情节因素 | (256) |


## ف


| | | |
|---|---|---|
| فانتازىيە | 幻想作品 | (257) |
| فەرد | 菲尔德（阿鲁兹格律诗的一种音律） | (257) |
| فورمالىزم (شەكىلچىلىك) | 形式主义 | (258) |
| فولكلور | 民间创作 | (258) |
| * فۇتۇرىزم (كېلەچەكچىلىك) | 未来主义 | (259) |
| * فرازېئولوگىيە | 成语学 | (261) |
| فېلىيەتون | 讽刺小品文 | (261) |
| فىگۇرا ياكى ئىستىلىستىك فىگۇرا | 修辞格；辞采 | (262) |
| فىلولوگ | 语文学家 | (263) |
| فىلولوگىيە | 语文学 | (263) |


## ق


| | | |
|---|---|---|
| قاپىيە | 押韵 | (263) |
| — ئاچ قاپىيە | 轻韵 | (265) |
| — ئالماش قاپىيە | 重叠韵 | (266) |





| | | |
|---|---|---|
| — باش قاپىيە | 首韵 | (266) |
| — * تار قاپىيە | 阴韵 | (266) |
| — توق قاپىيە | 重韵 | (267) |
| — قوش قاپىيە | 双叠韵 | (267) |
| — * كەڭ قاپىيە | 阳韵 | (268) |
| — ئىچكى قاپىيە | 行内韵 | (268) |
| * قاتلام | 层次 | (268) |
| * قارا يۇمورچىلار | 黑色幽默 | (269) |
| قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش | 古为今用，洋为中用 | (269) |
| قەسىدە | 赞歌 | (270) |
| قوشاق | 歌谣 | (272) |
| — ئەللەي قوشىقى | 摇篮曲 | (272) |
| — ئەمگەك قوشاقلىرى | 田园歌 | (272) |
| — بالىلار قوشاقلىرى | 童谣 | (273) |
| — * بايرام قوشاقلىرى | 节日歌 | (274) |
| — پادىچى قوشاقلىرى | 牧歌 | (275) |
| — تارىخىي قوشاقلار | 历史歌谣 | (275) |
| — توي قوشاقلىرى | 婚礼歌谣 | (275) |
| — خامان قوشاقلىرى | 场院歌谣 | (277) |
| — مەشرەپ قوشاقلىرى | 麦西热甫歌谣 | (277) |

— مەۋسۇم قوشاقلىرى ......... 季节歌谣 (277)
— مۇراسىم قوشاقلىرى ......... 庆典歌谣 (278)
— مۇھەببەت قوشاقلىرى ......... 爱情歌谣 (278)
— ھازا قوشاقلىرى ......... 丧礼歌谣 (279)
— ئوۋ قوشاقلىرى ......... 猎谣 (280)
قىتئە ......... 克特额（传统诗的一种） (281)
قىسسە ......... 传记性中篇小说 (281)


## ك


* كاتالوگ ......... 目录 (282)
كارتىنا ......... 景象；场面 (282)
كارىكاتۇرا ......... 漫画 (282)
كلاسسىك ......... 经典，古典 (282)
كلاسسىك ئەدەبىيات ......... 经典作品，古典文学 (283)
كلاسسىزم ......... 古典主义 (283)
— ساختا كلاسسىزم ......... 伪古典主义 (284)
— * يېڭى كلاسسىزم ......... 新古典主义 (284)
* كوسموپولىتىزم (جاھانچىلىق) ......... 世界主义 (285)
كومپوزىتسىيە ......... 结构 (286)
— * سەكرەتمە كومپوزىتسىيە ......... 跳跃性结构 (286)
كومېدىيە ......... 喜剧 (287)





* كونسترۇكتىۋىزم (قۇرۇلمىچىلىق)
......... 构成主义，结构主义 (288)
كونفلىكت ......... 矛盾冲突 (289)
كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى
يارىتىش ......... 推陈出新 (289)
كۇلمىناتسىيە ......... 高潮 (290)
* كۇبىزم (تىك تۆتتقىرچىلىق) ......... 立方主义 (291)
كۇپلېت ......... 诗段 (291)
* كۆپتۈرۈش ......... 渲染 (292)
* كۆرۈنۈش ......... 场 (292)
* كۆلەڭگۈچىلىك ......... 阴影主义 (293)
كۇللىيات ......... 诗集 (293)
كىنوفىلىم ......... 电影 (294)
كىنوستۇدىيىسى ......... 电影制片厂 (294)


## گ


* گارمونىك ......... 和声 (294)
* گارمونىيە ......... 和声学 (294)
* گەۋدىلەندۈرۈش ......... 烘托 (294)
گراژدانلىق پوئېزىيىسى ......... 市民抒情诗 (295)
گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) ......... 人道主义 (295)
گىمن ......... 国歌 (296)
گىپېربولا ......... 夸张法 (297)

# ل


| | | |
|---|---|---|
| لائۇرېئات | 获奖者 | (297) |
| لەپەر | 双人歌舞 | (298) |
| لەتىپە | 笑话 | (298) |
| لىتوتا | 贬小词 | (298) |
| لىرو ئېپىك تۈر | 抒情叙事体 | (299) |
| * لىرىزم | 抒情（诗），风格 | (300) |
| لىرىكا | 抒情 | (300) |
| — پېيزاژ لىرىكىسى | 借景抒情 | (300) |
| — سىياسىي لىرىكا | 政治抒情 | (301) |
| — مۇھەببەت لىرىكىسى | 爱情抒情 | (301) |
| — * ۋاستىلىك لىرىكا | 托物寄情 | (302) |
| — ئىنتىم لىرىكا | 直抒胸意 | (302) |
| لىرىك چېكىنىش | 抒情倒叙 | (304) |
| لىرىك شېئىر | 抒情诗 | (304) |
| لىرىك قەھرىمان | 抒情角色 | (304) |


# م


| | | |
|---|---|---|
| ماتېۋ | 题材 | (305) |
| ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى | 马克思主义文艺理论 | (305) |





| | | |
|---|---|---|
| ماقال | 谚语 | (306) |
| ماقالە | 文章 | (308) |
| * ماۋزۇ ياكى سەرلەۋھە | 标题 | (208) |
| * ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى | 毛泽东文艺思想 | (309) |
| مەتەل | 意同字异辞 | (313) |
| مەتلەئ | (诗的）第一个两行 | (314) |
| مەجاز | 代词 | (314) |
| مەجمۇئە | 丛书，刊物 | (315) |
| مەجمۇئەششوئارا | 众诗人选集 | (315) |
| مەدەنىيەتتىكى "قورشاپ يوقىتىش" | 文化“围剿” | (315) |
| مەدەنىيەتتىكى "قورشاپ يوقىتىش"قا قارشى تۇرۇش | 反文化“围剿” | (315) |
| مەدھىيە | 赞歌 | (316) |
| مەرسىيە | 哀歌 | (316) |
| مەرىپەتچىلىك (كىشىلىكچىلىك) | 人文主义 | (317) |
| مەزمۇن بىلەن شەكىل | 内容和形式 | (318) |
| مەسەل | 寓言 | (319) |
| مەسنەۋى | 麦斯乃谁（阿鲁兹格律诗的一种音律） | (319) |
| مەلىكۇششۇئارا | 诗歌大师 | (320) |

مەلىكۇلكالام ……… 语言大师 (321)

* مەنىۋى موھىت ……… 意境 (321)

مودېرنىزم ……… 现代主义 (323)

* مودېل ……… 模特尔 (324)

مونتاژ ……… 剪辑，蒙太奇 (324)

مونورىم ……… 同声同韵诗 (325)

مونولوگ ……… 独白 (325)

مۇئەللىپ ……… 作者，著者 (325)

مۇئەمما ……… 诗谜 (325)

مۇبالىغە ……… 夸大，夸张 (326)

مۇتەسسە ……… 木特色（阿鲁兹格律诗的一种，九行为一段诗）(327)

مۇتەقارىب ……… 木特哈力甫（阿鲁兹格律诗的一种音律）(327)

مۇخەممەس ……… 木哈麦斯（阿鲁兹格律诗的一种，五行为一段诗）(328)

* مۇختەملات ……… 木哈特米拉提（一，二，四行押韵同音异意诗）(329)

مۇرەببە ……… 木热巴（阿鲁兹格律诗的一种，四行为一段诗）(329)

* مۇساۋىيات تەرەپەين ……… 木沙维牙提特热帕音（阿鲁兹格律诗的一种）(331)



مۇسەببە ……… 卡色巴（阿鲁兹格律诗的一种，七行为一段诗）(332)

مۇسەددەس ……… 木色德斯（阿鲁兹格律诗的一种，六行为一段诗）(332)

مۇسەللەس ……… 木色来斯（阿鲁兹格律诗的一种，三行为一段诗）(333)

مۇسەممەن ……… 木色满（阿鲁兹格律诗的一种，八行为一段诗）(333)

مۇستەھزاد ……… 木斯特合扎德（阿鲁兹格律诗一的种）(333)

مۇشائىرە ……… （诗）和，诗人会 (335)

مۇغەننى ……… 乐师 (336)

مۇقام ……… 木卡姆；曲调 (336)

مۇقەددىمە ……… 绪论 (337)

* مۇقەددىمە ۋە خاتىمە ……… 序跋 (337)

مۇناجات ……… 免罪歌 (337)

مۇندەرىجە ……… 目录 (337)

مۇھاكىمە ……… 议论 (338)

مۇھەررىر ……… 编辑 (338)

مۇۋەششەھ ……… 木瓦夏（诗行头字母加成立意的一种诗）(338)

مېتافورا ……… 借喻 (339)

| | | |
|---|---|---|
| مېتونىمىيە | 换喻 | (340) |
| مىستىتسىزم (سىرلىقچىلىق) | 神秘主义 | (341) |
| مىستېرىيە | 宗教神秘剧 | (341) |
| مىسرا | 诗行 | (341) |
| مىللىي شەكىل | 民族形式 | (342) |
| * مىللىيلاشتۇرۇش | 民族化 | (343) |
| مىنىئاتيۇرا | （古书中的）小型精细花 | (344) |
| مىف | 神话 | (344) |
| مىفولوگىك ئوبرازلار | 神话人物 | (344) |


## ن


| | | |
|---|---|---|
| ناتۇرا | 写生 | (346) |
| ناتۇرالىزم | 自然主义 | (346) |
| نەزم، نەزمە | 诗文，赋 | (347) |
| نەزمىي ئەسەرلەر | 韵文 | (347) |
| نەزىرە | （诗）和，酬和 | (347) |
| نەسر | 散文 | (348) |
| — لىرىك نەسر | 抒情文 | (348) |
| — ئېپىك نەسر | 叙事文 | (348) |
| نەشر | 出版 | (349) |
| نەشرىيات | 出版社 | (349) |
| * نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى | 诺贝尔文学奖 | (349) |





| | | |
|---|---|---|
| نوۋاتورلۇق | 创新 | (356) |
| نوۋېللا | 小小说，故事 | (357) |
| نېئولوگىزم (يېڭى سۆزلەر) | 新词 | (358) |
| نىگىلىزم (ئىنكارچىلىق) | 虚无主义 | (358) |


## ه


| | | |
|---|---|---|
| * هازىرقى زامانچىلار | 现代派 | (359) |
| هاشىيە | （图书中）字外空白处 | (362) |
| هەجۋى ـ هەجۋىيە | 讽刺 | (362) |
| * "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" | "真正的社会主义" | (362) |
| ھېسسىيات | 感情 | (364) |
| * ھېسسىياتچىللىق | 主情主义 | (364) |
| ھېكايە | 小说 | (365) |
| * ئاخبارات ھېكايىلىرى | 报告小说 | (365) |
| — * ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى | 意识流小说 | (366) |
| — * تەجرىبە ھېكايىلىرى | 实验小说 | (367) |
| — * توقۇلمىسىز ھېكايىلەر | 非虚构小说 | (368) |
| — * تېپىشماق ھېكايىلەر | 含谜小说 | (369) |
| — * چامباشچىلىق ھېكايىلىرى | 武侠小说 | (369) |
| — * رازۋېتكا ھېكايىلىرى | 侦探小说 | (370) |
| — * سۆكمە ھېكايىلەر | 谴责小说 | (371) |
| — * فوتو ھېكايىلىرى | 摄影小说 | (372) |
| — * قارا يۇمور ھېكايىلىرى | 黑色幽默小说 | (373) |

— * قىياس ھېكايىلىرى 推理小说 ……… (374)
— * كىنو ھېكايىلىرى 电影小说 ……… (375)
— * لىرىك ھېكايىلەر 抒情小说 ……… (375)
— * مىكرو ھېكايىلەر 微型小说 ……… (376)
— * ھۆججەتلىك ھېكايىلەر 文献小说 ……… (376)
— * ۋەھىمىلىك ھېكايىلەر 惊险小说 ……… (377)
— ئىلمى فانتازىيىلىك ھېكايىلەر 科学幻想小说 ……… (377)
— * يېڭى ھېكايىلەر 新小说 ……… (378)
— * يېڭى "يېڭى ھېكايىلەر" 新新小说 ……… (379)
ھېكمەت 箴言诗 ……… (379)

## ئو

ئوبراز 形象 ……… (380)
— بەدىئىي ئوبراز 艺术形象 ……… (381)
* ئوبرازلاشتۇرۇش 形象化 ……… (381)
* ئوبرازچانلىق 形象性 ……… (382)
*ئوپتىمىزم 乐观主义 ……… (383)
* ئوپېرا 歌剧 ……… (383)
* ئوپېرېتتا 滑稽歌剧 ……… (383)
ئوچېرك 特写，报告文学 ……… (383)
ئوخشىتىش 比喻 ……… (384)



* ئورتاق ھېسسىيات (ھېسسىي ئورتاقلىق) 共鸣 ……… (387)
* "ئوشۇق ئادەم"لەر "多余人" ……… (388)
* ئومونىم 同音异意词 ……… (389)
ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش 普及与提高 ……… (389)
ئويۇن 游戏 ……… (390)

## ئۇ

* ئۇسلۇب 文笔，风格 ……… (391)
ئۇقۇملاشتۇرۇش 概念化 ……… (391)

## ئۈ

* "ئۈچ بىر"چىلىك "三一律" ……… (391)
"ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش" "三突出" ……… (392)
"ئۈچىنچى خىل كىشىلەر" "第三种人" ……… (393)

## ۋ

ۋارىيانت 变体 ……… (393)
* ۋەزخانلىق 游说 ……… (394)
ۋەزىن 韵律，格律 ……… (394)
— ئارۇز ۋەزنى 阿鲁兹格律诗 ……… (395)
— بارماق ۋەزنى 巴尔马克格律诗（用手指算诗行韵脚和音韵的格律诗） ……… (397)

ۋەقە، ۋەقەلىك ......... 情节，故事 (400)

ۋەقەلىك يىپ ئۇچى ......... 线索 (400)

* ۋۇلگارىزم (چاكىنىچىلىق) ......... 庸俗化 (400)


## ئې


ئېپوپېيە ......... 长篇史诗 (401)

ئېپوس ......... 叙事史诗 (401)

ئېپىتېت ......... 修饰语 (402)

ئېپىزوت ......... 段落，插曲 (402)

* ئېپىگراف ......... 引语 (402)

ئېپىلوگ ......... 结语，尾声 (403)

* ئېتنوگراف ......... 民族志学家 (403)

ئېتنوگرافىيە ......... 民族志学 (403)

ئېتىكا ......... 伦理学 (403)

ئېرونىيە ......... 议讽 (403)

ئېستېتىزم (گۈزەللىكچىلىك) ......... 唯美主义 (404)

ئېستېتىكا (گۈزەلچىلىك) ......... 美学 (404)

ئېسسە ......... 论说 (407)

ئېسكىز ......... 草稿 (408)

ئېفېمىزم ......... 委婉(词)语 (408)

* ئېكزىستېنتسىئالىزم (بارلىقچىلىق) ......... 存在主义 (409)





ئېكسپوزىتسىيە ......... 开端 (412)

ئېكسپرېسسىئونىزم (ئىپادىچىلىك) ......... 表现主义 (413)

ئېلېگىيە ......... 哀诗 (413)

ئېموتسىيە ......... 情绪，感情 (413)


## ئى


ئىمپرېسسىئونىزم (تەسىراتچىلىق) ......... 印象主义 (413)

ئىبارە ......... 短语 (414)

* ئىپادىچىلەر ......... 表现派 (414)

ئىپادىلەش ......... 表现，表达 (415)

* ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ......... 表现手法 (415)

* ئىجاد ......... 创作 (416)

* ئىجادىي ......... 创作性 (416)

ئىجادىيەت ......... 创作品 (416)

ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ......... 创作自由 (416)

ئىجادىيەت تارىخى ......... 创作史 (418)

ئىجادىيەت جەريانى ......... 创作过程 (419)

ئىجادىيەت ئىلھامى (قىزغىنلىقى) ......... 创作冲动 (420)

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ......... 创作方法 (420)

ئىدىئوما ......... 成语 (421)

* ئىزاھ، ئىزاھلاش ......... 注释 (421)

ئىستىئارە ......... 借喻 (422)

* ئىستىل ياكى ئۇسلۇب ......... 风格 (422)
* ئىستىلىستىكا ......... 修辞学 (423)
ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ......... 修辞法 (423)
ئىستىلىزاتسىيە ......... 模仿说 (424)
ئىقتىباس ......... 引文 (424)
ئىلھام ......... 灵感 (424)
* ئىماژىزم ......... 意象主义 (425)
* ئىنتوناتسىيە ......... 音调 (426)
* ئىندېكس ......... 索引 (426)
ئىندىۋىدۇئاللىق ......... 个性，性格 (426)
ئىنسان تەبىئىيتى ......... 人性论 (427)
ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي
رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش 革命现实主义与
......... 革命浪漫主义相结合 (429)
ئىنۋېرسىيە ......... 倒装句 (430)


## ي


يازغۇچى ......... 作家 (432)
* ياندىما سۆز ......... 旁白 (432)
يەرلىك تۈس ......... 地方色彩 (432)
* يوبىلېي ......... 纪念日 (433)
* يوشۇرۇن لىنىيە ......... 伏线 (433)





* يوشۇرۇن ئىبارە ......... 潜词 (433)
يېشىم ......... 结局 (434)
* يېڭى پىكىر ئېقىمچىلار ......... 新思潮派 (434)
* يېڭى تەنقىدچىلەر ......... 新批评派 (435)
* يېڭى تۇيغۇچىلار ......... 新感觉派 (435)
* يېڭى سەنئەتكارلار ......... 新兴艺术派 (436)

# ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى

**ئابزاس** (نېمىسچە)

تېكىستتە مۇكەممەل مەنە مەزمۇننى ئىپادىلەپ، بىر خەت بېشىدىن ئىككىنچى خەت بېشىغىچە كەلگەن مەنتىقىي قىسىم.

مەسىلەن: لۇشۇننىڭ «‹دېيىدۇ› ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە جاۋاب» ناملىق ماقالىسى 11 ئابزاستىن ئىبارەت.

**ئابستراكتسىئونىزم** (لاتىنچە ئۇزاقلىشىش، مەۋھۇملۇق سۆزىدىن) ھازىرقى چۈشكۈن، ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا سەنئىتىدىكى فورمالىستىك (شەكىلۋازلىق) ئېقىملاردىن بىرى بولۇپ، رېئال ۋەقەلىك ۋە كونكرېت نەرسىلەرنى ئىنكاس قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا پەيدا بولغان. (ئۇنىڭ نامايەندىلىرى چارلىز خۇۋارد، ستوئارت دېۋىس، كرائوفارت رېتنېر، مورىس قاتارلىق رەسساملار ئىدى.)

ئابستراكتسىئونىستلار، رېئال ۋەقەلىك ۋە كونكرېت نەرسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش سەنئەتكارنىڭ ئەركىنى "سىقىپ قويىدۇ" دەپ قارايدۇ ۋە رېئال ۋەقەلىكنى، ھايات ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئابستراكتسىئونىزم

"سەنئىتى" مەۋھۇم گېئومېترىيىلىك شەكىللەردىن، ئوخشاش بولمىغان ھەجىم ۋە مەنتىقىسىز سىزمىكەشلىكتىن ئىبارەت.

ئابستراكت سەنئەت سەنئەتتىكى رېئالىستىك ۋە دېموكراتىك ئېقىملارغا قارشى قارىتىلغاندۇر، ئۇ باشتىن ئاياغ كوسموپولىتزم روھىدا بولۇپ، ئۇ سەنئەتنىڭ مىللىيلىكى، ئۆزىگە خاسلىقى، غايىۋىلىكى ۋە خەلقچىللىقىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى تۇرىدۇ.

ئومۇمەن، ئابستراكتسىئونىزم—ھەقىقىي سەنئەتكە، رېئالىزمغا تامامەن خىلاپ.

**ئاپتور** (گرېكچە ئۆزەم سۆزىدىن)

بىرەر ئەدەبىي، ئىلمىي ياكى پۇبلىتسىتىكىلىق ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى، شۇنىڭدەك بىرەر كەشپىياتنى ياراتقۇچى مۇئەللىپ، ياكى بىرەر ناخشا تېكىستىنى ياراتقۇچى. مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ. «ئاچىل» ناخشا تېكىستىنىڭ ئاپتورى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ۋە باشقىلار.

**ئاپتور نۇتقى** ۋەقەنى، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن ۋە شارائىتنى تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنى تەرىپلەش، ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ۋە باھالاش (ماقۇللاش ياكى ئەيىبلەش) ئۈچۈن ئاپتورنىڭ ئۆز تىلىدىن ئېيتىلغان سۆز.

ئاپتور نۇتقى يازغۇچىنىڭ تىلى (ئەسەر تىلى)نىڭمۇ مۇھىم



تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. كاتتا ئىجادىي تەجرىبە ۋە ماھارەتكە ئىگە يازغۇچى ئومۇمىي خەلق تىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس تىل ۋە ئۇسلۇب يارىتىدۇ. لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى («سەۋدايى خاتىرىسى»، «كەچتە ئېچىلغان سەھەر گۈلى»)گو موروننىڭ («چۈي يۈەن»، ياكى «سۇمۇرغلار پاراغىتى») ئەسەرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تىل-ئۇسلۇبى بولغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن نىم شېھىتنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەم بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

ئاپتور ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ھېكايە قىلىش، ئۇلارنىڭ قىياسى ۋە پورترېتىنى (قىياپىتىنى) تەسۋىرلەش ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىشتىن تاشقىرى بەزى ۋەقەلەر داۋامىدا ھاياجانلىنىپ كېتىپ، بايان ۋە تەسۋىرلەشتىن يىراقلىشىپمۇ قالىدۇ، ئۆزىدە تۇغۇلغان پىكىر، ھېس ۋە كەچۈرمىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق ئورۇنلار لىرىك چېكىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. لىرىك چېكىنىشمۇ ئاپتور تىلىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. ناۋايىنىڭ «خەمسە»دىكى داستانلىرىدا، فادېيېۋنىڭ «ياش گۋاردىيە» رومانىدا ۋە ماۋدۇننىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە ئاپتور نۇتقىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى

كۆرۈش مۇمكىن. ناۋايى پەرھاتنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلغاندا، ئۆزىنىڭ لىرىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

نە خۇشتۇر ئەجدەر ئۆلمەك رەنج بىرلە،
كىشى قىلماق تەنەڭ ئۇم گەنج بىرلە.
قۇياش پەرھادى چۇن تارتىپ سىنان تىز،
قاراتاغ ئەجدەرگە بولدى خۇنرىز.

شەرھى: كىشى نازۇنېمەتلەر ئىچىدە ياشاپ، بايلىق-خەزىنە يارىتىۋاتقاندا، ئەجدىھانىڭ قىينىلىپ ئۆلۈشىدە نە شادلىق بولسۇن؛

چۇنكى، قۇياشنىڭ پەرھادى ئۆتكۈر نەيزىسىنى تىز تارتىپ، قارا تاغ ئەجدىھا ئۈچۈن (گويا) قان ئاققۇزغۇچى بولدى.

ئاپتور نۇتقى ئارقىلىق كىتابخان ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خۇلقى-مىجەزى بىلەن بىرگە، ئاپتور ئوبرازىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشىنى ۋە قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەنرەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

**ئاپتوبىبلىئوگرافىيە** ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسىنى ئۆزى تۈزگەن ئاپتورنىڭ ئەسىرى.

**ئاپتوبىئوگراف** ئۆز ھاياتى ئوچېركىنى يازغان كىشى.

**ئاپتوبىئوگرافىيە** (گرېكچە autos — ئۆزەم bios — ھايات، grapho — يازىمەن سۆزلىرىدىن) ئاپتورنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان تەرجىمھالى، بەدىئىي ئەدەبىياتتا يازغۇچىنىڭ ئۆز ھايات



يولىنى تەسۋىرلەپ يازغان ئەسىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: لۇشۈن ئۆزى يازغان «مېنىڭ تەرجىمھالىم». غاپۇر غۇلامنىڭ «كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىمدىن» قاتارلىق ئەسەرلەر.

**ئاپتوبىئوگرافىك ئەسەر** يازغۇچىنىڭ ئۆز شەخسىي ھاياتى بىلەن باغلانغان ۋەقەلەر ماتېرىيالى ئاساسىدا ياراتقان بەدىئىي ئەسىرى. بۇنداق ئەسەرلەر ئاپتوبىئوگرافىك رومان، پوۋېست ۋە خاتىرىلەر ھەمدە باشقا ژانىرلار شەكلىدە يېزىلىشىمۇ مۇمكىن. ماكسىم گوركىنىڭ «بالىلىق چاغلىرىم»، «كىشىلەر ئارىسىدا»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىم» دېگەن پوۋېستلىرى، سەدىرىدىن ئەينىنىڭ «خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسىرى ئاپتوبىئوگرافىك ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. مۇنداق ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ ھايات يولى زامانىنىڭ ھايات شارائىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا يارىتىلىدۇ. شۇ ئاساستا بۇنداق ئەسەرلەر ھايات ۋە ئەدەبىياتقا دائىر مۇھىم مەنبە بولالايدۇ.

**ئاپتوگراف** (گرېكچە ئۆزەم، يازىمەن سۆزلىرىدىن) يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ئەسلى قول يازمىسى ياكى يازغۇچىنىڭ باشقىلارغا يېزىپ بەرگەن قول يازمىسى، خەتلىرى. كۆپىنچە يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى بىراۋغا تەقدىم قىلغاندا، ئەستىلىك ئۈچۈن بىرەر نەرسە يازىدۇ ياكى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ شەخسىي ئىمزاسىمۇ ئاپتوگراف دەپ يۇرۇتۇلىدۇ.

**بۈيۈك كىشىلەر** (دۆلەت ئەربابلىرى، ئالىم، يازغۇچىلار)نىڭ

ئاپتوگرافلىرىنى توپلاش ۋە ئۆگىنىش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي ئورگانلار، مۇزېيلار ئاپتوگرافلارنى توپلاش ۋە ئۆگىنىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ئەسەرلىرىنىڭ ئارخىپى ۋە شائىرنىڭ قول يازمىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ئىلگىرىكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئارخىپى ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن.

**ئاپوفېئوز** (گرېكچە ئىلاھىيلاشتۇرۇش سۆزىدىن) قەدىمكى ۋاقىتلاردا غەلىبە شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنە، مەلۇم ۋەقەنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى ۋە شۇ ۋەقەدە قاتناشقان قەھرىمانلار شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيىلەر شۇنداق ئاتالغان.

دراماتىك ئەسەرلەردە تەنتەنىلەر بىلەن تۈگەيدىغان ئاخىرقى كۆرۈنۈشنى ئاپوفېئوزا دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن كىنو فىلىم ئەنە شۇنداق تەنتەنە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

**ئارخائىزم** (گرېكچە قەدىمكى سۆزىدىن) ھازىرقى ئومۇمىي خەلق تىلىدا ئىشلەتمەيدىغان، كونىرىغان سۆز ۋە ئىبارىلەر بولۇپ، ئۆتمۈشنىڭ ئەينى ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، بەدىئىي ئەدەبىياتتا مۇنداق كونا سۆز ۋە ئىبارىلەر ئايرىم ۋاقىتلاردىلا بەلگىلىك بىر مەقسەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك پېرسوناژ تىلىنى تىپىكلەشتۈرۈش، تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە يۈز بەرگەن جاي ۋە تارىخىي شارائىتلارنى مۇۋاپىق



ئىپادىلەپ بېرىش زۆرۈر تېپىلغاندا ئارخائىزملىق سۆزلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئابدۇللا قادىرى «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا ئۇستىلىق بىلەن ئىش كۆرگەن. پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «غۇنچەم» دراماسىدا بۇ ھالنى ئوچۇق كۆرىمىز. مەسىلەن:

"تارىخى ھىجرىيە 1332-يىل ماھى شەبانىنىڭ 24-كۈنى ئەردى. مەنكى، سىدىق ئاخۇنىنىڭ قىزى غۇنچەم يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا ئۆز تىلىمدىن ئۇشبۇ ھۆججەتنى بېرىمەن، ئانام زورىخاننىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىگە يۇرت ئاتىمىز ئۆمەر شاڭيۇم تەرىپىدىن 230 تەڭگە خىراجەت قىلىندى ۋە يەنە يەتتە نەزىرى ئۈچۈن 125 تەڭگە خىراجەت قىلىندى، شۇبۇ پۇللار بەدىلىگە ئاتا-ئانامدىن قالغان ئۆي-جاي ۋە بېغىمنى شاڭيۇ ئاكامغا رەنە تەرىقىسىدە تەسەررۇپ قىلىشقا تاپشۇرىمەن، بۇ قەرزلىرىمنى تامامەن تۆلەپ بولغىچە شاڭيۇ ئاكامنىڭ ۋەسلىكىدە بولۇپ، كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭىمەن، ئىجازەتسىز ھېچقاياققا كەتمەيمەن." («غۇنچەم» «دراملار»، 54-بەت، «تىل خەت» ماۋزۇسىدىن)

بۇنداق ئارخائىزملارنى باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: ئەخەت تۇردىنىڭ «قىيانلىق دەريا» پوۋېستىدا ئارخائىزملار پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تىپىكلەشتۈرۈشتە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

**ئارخىتېكتونىكا** (گرېكچە مىمارى سەنئەت سۆزىدىن)

بەدىئىي ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇنىڭدىكى بابلار، قىسملار ۋە ئېپىزودلارنىڭ مۇۋاپىقلىقى ۋەھاكازالار. (بۇنى خۇددى كومپوزىتسىيىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.)

**ئارقا كۆرۈنۈش** ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە تىياتىر ئەسەرلىرىدە ئارقا كۆرۈنۈش تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ياشاۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەبىئىي مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ. ئارقا كۆرۈنۈش رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ يىغىنچاق ئەكس ئېتىلىشىدۇر. ئەسەر مەيدانغا كەلگەن ئارقا كۆرۈنۈشكە كەلسەك، ئادەتتە ئۇ "دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى"، ياكى "تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش"دەپ ئاتىلىپ، ۋەقەلىكنىڭ تۇغۇلۇش، راۋاجلىنىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ئۆزگىرىشلىرىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بارلىق تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى، شۇنداقلا ئەسەر مەيدانغا كېلىش ۋاقتىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىجادىيەت غەرىزى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىياتىرلاردا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تاشقىرى، يەنە دېكوراتسىيە، پەردە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئاساسىي گەۋدىنىڭ كەينىگە چۈشۈرۈلگەن مەنزىرە ياكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى قايسى خىل بەدىئىي شەكىل بولۇشىدىن



قەتئىينەزەر، ئارقا كۆرۈنۈش پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەش، سۇژېتنى قانات يايدۇرۇش، باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش ياكى بەدىئىي كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**ئاساسىي گەۋدە** ئاساسلىقى، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئاپتور گەۋدىلەندۈرمەكچى ۋە شۇ ئارقىلىق باش تېمىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغان پېرسوناژ، مەنزىرە ياكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاساسىي ۋەقەلىك** ئېپىك، بايانى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىك مەزمۇنى. ئاساسىي ۋەقەلىك ئاتالغۇسى كۆپ ھاللاردا كىنو، تىياتىر ياكى ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىدىغان قىسقىچە بايان مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئافورىزم** (گرېكچە قىسقا، ھېكمەتلىك سۆزدىن)

ئىخچام ۋە ئېنىق ئىپادىلىنىپ، تولۇق بىرەر ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرگۈچى ھېكمەتلىك سۆزلەر. خەلق دانالىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان ماقال-تەمسىللەرمۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر، يازما ئەدەبىيات نامايەندىلىرىمۇ، چوڭقۇر مەنىلىك پىكىر، مۇلاھىزىلەرنى ئېنىق ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ ئاجايىپ ئافورىزملارنى ياراتتى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، ئەھمەت يۈكنەكى...لەرنىڭ ئافورىزملىرى مەشھۇردۇر. مەسىلەن:

ئوقۇشسىز① كىشى ئول يەمىشسىز يىغاچ
يەمىشسىز يىغاچىغ② نەگۇ قىلسۇن ئاچ.
ئەسىز ئىشكە ياقما ساڭا قىلغا قۇر
ئەسىزلىك يىلان ئول سەنى تىككەكور.
(يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقىدۇ بولۇپ بىر يىلان)
(يۈسۈپ خاس هاجىپ)

بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم،
ئۇيالىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم.
ئەگەر قىلمادى ئەل هىمايەت ساڭا،
ئۆزەڭدىن كېرەكدۇر شىكايەت ساڭا.
(ناۋايى)

يېقىنقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ قىسقا ۋە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، چوڭقۇر مەنە بىلدۇرىدىغان ئافورىزملار كۆپ. مەسىلەن:

لېنىننى ئاڭلايمىز
پارتىيە دېسەك

---

① ئوقۇش — ئەقىل، ئىدراك. بۇ يەردە ئەقىل ۋە ئىدراكسىز مەنىسىدە.
② يىغاچىغ — يىغاچنى، بۇ يەردە مېۋىسىز دەرەخ مەنىسىدە كەلگەن.



پارتىيە دېگىنىمىز
بۇ لېنىن دېمەك.
(ۋ. ماياكوۋسكى)

تىكەنلىك بويى يوق، ئۇنىڭغان زىيانلىق ئۇشبۇ گۈللەردىن،
چىرايى بولمىسا هەم مەنپەئەتلىك ئوتلار ئۇنىڭغان خوپ.
جاهاندا يار-يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەكمىغۇ مۇشكۈل،
كاللار بىرلە سۆهبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئۆلگەن خوپ.
(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.
(ل. مۇتەللىپ)

**ئاقارتىش هەرىكىتى** ئويغىتىش هەرىكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياۋروپادا 18-ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيە، مەدەنىيەت هەرىكىتى. بۇ هەرىكەت بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىغا ئۇزاق مەزگىللىك جامائەت پىكرى تەييارلاپ بەردى. ئۇ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىپ، يېڭى كۆز قاراشلارنى تەرغىپ قىلغانلىقتىن "ئاقارتىش" دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ مەشهۇر ۋەكىللىرى ئىچىدە دىدرو، دىفۇ، سۋفۇت، شىللىر، گيوتى قاتارلىقلار بار.

ئاقارتىش هەرىكىتى تارىختا ئىلغار رول ئوينىغان، لېكىن ئۇ ماهىيەتتە، بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشى بويىچە دۇنيانى

ئۆزگەرتىدىغان ھەرىكەت بولۇپ قالدى.

مەلۇم بىر ئىنقىلابىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشى، سىياسىي ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە مەخسۇس جامائەت پىكرى تەييارلاشمۇ ئاقارتىش ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاقىلانىلەر** 1823-يىلى موسكۋادا قۇرۇلغان ئاقسۆڭەك ياشلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە تەشكىلاتى. ئو دوييېۋسكى، ۋېنېۋىتىنوۋ، كوشېلېۋ، ئاكا-ئۇكا كىرېيېۋسكى، شېۋىرېۋ، پوگودىن، دېكابرىست كيۇخېلبېكېر قاتارلىقلار قاتناشقان. ئاقىلانىلەر جەمئىيىتى 1824-يىلدىن 1825-يىلغىچە «مېموزىنا» دېگەن ئەدەبىيات-پەلسەپە مەجمۇئەسى نەشر قىلىپ روسىيە ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىسىگە قارشى تۇرغان، ئىدىيە جەھەتتىن دېكابرىستلار بىلەن قارشى مەيداندا تۇرۇپ يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيىنىڭ ۋە ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ روسىيىدىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇلار ھېچقانچە نەتىجە چىقىرالمىغانلىقتىن 1825-يىلى تارقىلىپ كەتتى. مەجمۇئەسىمۇ نەشردىن توختىدى.

”ئاقىلانىلەر“ تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى كېيىنچە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

**ئاكادېمىزم** پەلسەپە، تارىختا پىلاتۇنچىلىق، ئاكادېمىيىچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. سەنئەتتە ئەنئەنىچىلىك، مەزھەپچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچمە مەنىسى ساپ نەزەرىيىچىلىك، نەزەرىيە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قاراش.



**ئاكادېمىك نەشر** كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستولوگىيە ئىلمىي پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان ۋە ئاساسەن مۇتەخەسسىسلەرگە مۆلچەرلەنگەن نەشر. ئاكادېمىك نەشر ئادەتتە يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى (ھەتتا ئاياغلاشمىغان ئەسەرلىرىنىمۇ)، مەلۇم ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى، ئۇنىڭ ھايات، پائالىيىتىگە ئائىت ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاكادېمىك نەشردە ئىلمىي قاراش، ئىزاھ ۋە شەرھلەر بېرىلىدۇ ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپىنچە خرونولوگىيىلىك ئىزچىللىقتا جايلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئاپتور ئىجادىيىنىڭ تەدرىجى كامالەتكە يەتكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئاگنوستىتسىزم** بىلىپ بولماسچىلىق. پەلسەپىدە دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان بىر خىل ئېقىم. ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىمۇ بەلگىلىك تەسىرى بولۇپ دېكادېنتستلارنىڭ ئىجادىيىتىدە، دادائىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**ئاڭ ئېقىمى** غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئىتىدىكى نۇرغۇن تۈرلەر (بولۇپمۇ ھېكايىچىلىق ۋە كىنوچىلىق)دە كەڭ قوللىنىۋاتقان بىر خىل يېزىقچىلىق سەنئىتى. ”ئاڭ ئېقىمى“ ئەسلىدە پسىخولوگىيە ئاتالغۇسى بولۇپ ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكا پسىخولوگى ۋىلىيام جامىس يازغان «پسىخولوگىيىدە سەل قارىلىۋاتقان بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا» (1884) دېگەن ماقالىدە

قوللىنىلغان. ئۇ، ئاڭ پارچە-پۇرات ھالەتتە ئۆزئارا بىرىكمەستىن، خۇددى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان دەرياغا ئوخشاش ئۈزچىل ھالەتتە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ھالەتنى "ئىدىيە ئېقىمى، ئاڭ ئېقىمى، ياكى سۇبيېكتىپ تۇرمۇش ئېقىمى" دەپ ئاتاش كېرەك دەيدۇ. فرانسىيە يازغۇچىسى ئېدۇ ئادۇشيادان 1887-يىلى يازغان «ئاي ئېسىلغان دەرەخ كېسىپ تاشلاندى» دېگەن كىتابىدا دەسلەپ قېتىم "ئىچكى مونولوگ" يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كېيىنكى ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن سىگنال بولدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ ئاڭ ئېقىمى بويىچە يېزىش سەنئىتى، ھېكايە، شېئىرىيەت ۋە تىياتىرچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، ھېكايىچىلىقتا مۇستەقىل بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئىرلاند يازغۇچىسى جامىس چىياۋيىس ۋە ئەنگلىيىلىك ۋىرگىنىيە ۋولفلار مەشھۇر. چىياۋيىس غەرب دۇنياسىدا ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقىنىڭ پىرى ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ «يۇرىشىس» ھېكايىسى (1922) دۇنيا ئەدەبىياتىدا "ئاڭ ئېقىمى" ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى داڭلىقى ھېسابلىنىدۇ. ۋولفنىڭ «داروۋىي خېنىم»، فرانسىيە يازغۇچىسى مارشىل پروسنىڭ «ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش»، ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىليام ۋوكنانىڭ «ئاۋاز ۋە غەزەپ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى ئىچىدىكى داڭلىقلىرى.



ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىلىرى ياۋروپانىڭ ھېكايە يېزىقچىلىقى ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى بىۋاستە ئاشكارىلىشىنى، ئاپتور نۇتقى بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى، ئاساسەن ئەركىن خىيال سۈرۈش، ئىچكى مونولوگ ۋە ياندىما سۆزلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. ئەركىن خىيال سۈرۈشنىڭ ئىختىيارىلىقى ۋە سەكرەتمىلىكلىكى تۈپەيلىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ بىر خىل بولماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھېكايە بايانىدىكى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە كومپوزىتسىيە تەشكىللىنىدىغان ئۇسۇل بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ، بەزىدە ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنىدۇ. تىل جەھەتتە، ئۇلار يېڭىلىق بولۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاڭ ئېقىمى يېزىقچىلىق سەنئىتى نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان خاھىشلىق يازغۇچىلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ھازىر ئايرىم، مۇستەقىل ئۇيۇشقان ئاڭ ئېقىمى تەرەپدارلىرى يوق. ئۇ پەقەت ئومۇمىي تۈس ئالغان يېزىقچىلىق سەنئىتى پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەرەپلىرى بار. بەدىئىي قانۇنىيەتلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق، ئوبدان قوللانغاندا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇسۇلنى ئەينەن، بىراقلا كۆچۈرۈپ كېلىپ

ئىشلىتىۋېرىش پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىچىلىق** ئاۋانگارتىزىم. 20-ئەسىردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇرۇنقى رېئالىستىك ئەنئەنىلەردىن چەك-چېگرا ئاجرىتىپ، يېڭى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە يېڭى ئەسەر قۇرۇلمىسى ئىزدەش.

"ئالدىچىلىق" دېگەن بۇ ئاتالغۇ 20-ئەسىردىكى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان، 50-يىللاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىقتا بېكىتىلگەن، ئەمما، توغرا ئىلمىي مەنىسى بېكىتىلگىنى يوق.

ئالدىچىلىق، 20-ئەسىردىكى بۇرژۇئا مەدەنىيەت بوھرانىنىڭ كېڭەيگەن ۋە مۇرەككەپلەشكەن ھالىتى. ئالدىچىلىق گۈللەنگەن دەۋردە (1905 — 1930-يىللار) ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھازىرقى زامانچىلىقنىڭ بەزى ئېقىملىرىدا، مەسىلەن: ھايۋانچىلىق، تىكلىمچىلىك (ستېرېئوچىلىق)، كېلەچەكچىلىك، ئىپادىچىلىك، داداچىلىق، ئۈستۈن رېئالچىلىق، "ئاڭ ئېقىمى" ئەدەبىياتى قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئالدىچىلىق ئېقىمى ئىچىدە ھەر خىل يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئىجادىي تەقدىرى، ئىجتىمائىي مەيدانى ۋە گۈزەلچىلىك ئىدىيىسىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا ئۇچرىشى، سەنئەت بوھرانى، ئىجتىمائىي ئاپەت، ئىنقىلاب بورانلىرى ئالدىدا ئاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئۈمىدسىزلەندى. بەزىلىرى



سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ قالايمىقانلىقى ئىچىدە تەۋرىنىپ نىگىلىزم تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. ئاشۇنداق ئوخشىمىغان خاھىشلار بەزىدە بىر ئەدەبىي ئېقىم ئىچىدە بىرلىشىپ كەتتى، بەزىدە ئىجادىيەتتە ئۆز ئالدىغا ئىستىل يارىتىشنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالدى. سوۋېت شائىرى ماياكوۋسكى دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە ئالدىچىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن، كېيىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتى تەرەپكە يۈزلەندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئالدىچىلىق خاھىشى غەرب دۇنياسىدا يەنە باش كۆتۈرۈپ يېڭى ئالدىچىلار، يېڭى ھېكايىچىلەر قاتارلىق ئېقىملارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

**ئاللېگورىيە** (گرېكچە باشقا، ئۆزگە ۋە گەپ قىلىمەن سۆزلىرىدىن) بىرەر مەۋھۇم چۈشەنچىنى كونكرېت نەرسە ياكى ھادىسە ئارقىلىق (مەسىلەن: "قىزىم ساڭا دېدىم، كېلىنىم سەن ئىشىتكىل") ئىپادىلەش، بەدىئىي ئەدەبىياتتا مەجازى، يەنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە كۆچۈرۈلگەن سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ بىر تۈرى.

بۇنىڭدا مەۋھۇم چۈشەنچىنى كونكرېت نەرسە ياكى ھادىسىگە خاس بەلگىلەر ياردىمى بىلەن ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا تۈرلۈك ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان، جۈملىدىن ئاللېگورىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق شۇ

دەۋر ھاياتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرغانىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر تۆت ئاللېگورىك شەخسنىڭ سۆھبىتىگە سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. "كۈن تۇغدى"دىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنى پادىشاھ ئورنىدا كۆرسىتىلىپ، ئەينى زاماندىكى پادىشاھ ۋە بەگلەرگە ئاشۇنداق ئىش كۆرۈشنى دارىتىملاپ كۆرسەتكەن. "ئاي تولدى" ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، بۇنى ۋەزىر ئورنىدا تەسۋىرلىگەن ۋەھاكازا.

ئادەتتە مەسەل ۋە چۆچەكلەردە تۈلكە ئالدامچى كىشىلەرگە، بۆرە ئاچكۆزلەرگە، چايان زەھەرلىك ئادەملەرگە، تۇتى بولسا دورامچى، گەپدان كىشىگە كىنايە قىلىنىدۇ. كىرىلوۋنىڭ «بۆرە بىلەن قوزىچاق»، زۇنۇن قادىرنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان» قاتارلىق مەسەللىرى شۇنداق ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلارغا ئاساسلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن.

كلاسسىكلاردىن ناۋايىنىڭ «لىسان-ئۇت-تەيىر»، گۈلخانىنىڭ «زەربۇل مەسەل» قاتارلىق كىتابلىرىنىمۇ مۇشۇ خىل ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

**ئاللىتېراتسىيە** (لاتىنچە) بەدىئىي نۇتۇقنى تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچە شېئىرىيەتتە، بەزىدە پروزا ئەسەرلىرىدىمۇ بىر خىل ئاھاڭداش سۆز ياكى ئوخشاش سۆزنى تەكرارلاش ئاللىتېراتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:



قاشىڭ قارا بولغۇچە،
كۆزۈڭ قارا بولسىچۇ؟
يالغان ۋەدە قىلغۇچە،
يۈزۈڭ قارا بولسىچۇ؟!

بۇ مىسرالاردىكى "قارا" سۆزلىرىنى تەكرارلاش ئۇسۇلى بىلەن، ئاپتورنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا دېمەكچى بولغان پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھەم ئېنىق بەدىئىي تۈسكە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ ھالنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

پاك ئىنسانلار، ساپ ۋىجدانلار ھېچ ئۆلمىسۇن،
قەدىردانلار، مېھرىبانلار ھېچ ئۆلمىسۇن.
چاققان-چاققان، ئالغا ئاققان، ئەلنى باققان،
دىلغا ياققان غەيۇرانلار ھېچ ئۆلمىسۇن.

(بىلال ئەزىزى)

بۇ مىسرالاردىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر بىر-بىرىگە ئاھاڭداش بولۇپ، يۇقىرى تىل سەنئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ.

**ئالماناخ** (ئەرەبچە ۋاقىت، كالېندار سۆزىدىن) بىرقانچە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان توپلام. ئەسلىدە،

14 ـ ئەسىرلەردە ئاسترونومىك كالېندار توپلاملىرى ئالماناخ دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇنداق ئالماناخلار شېئىر، لەتىپە ۋە كىچىك ھېكايىلەر بىلەن بېزىتىپ چىقىرىلغان، شۇنداق قىلىپ "ئالماناخ" ئاستا ـ ئاستا خىلمۇخىل بەدىئىي ئەسەرلەر توپلىمى دېگەن مەزمۇنغا ئىگە بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئا.س. پۇشكىن، ۋ. ئا. ژۇكوۋسكىي ھەم ئى.ئا. كىرىلوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «پولىيارنايا زۋېزدا» ناملىق بىر ئالماناخ چىقىرىلغان.

بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ تارىختا كۆپلىگەن توپلاملار نەشر قىلىنغان. «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن توپلاملاردا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ۋەقەلەر بەدىئىي تىل ۋاسىتىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەر بار. 1944 ـ يىلى پارتلىغان شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پېشقەدەم ئەدىبلىرىدىن زۇنۇن قادىرى، نىم شېھىت، ئەلقەم ئەختەم، كېۋىر نىياز قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان «ئالماناخ» نەشر قىلىنغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور يۈكسىلىشلەر بولدى. مانا شۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن ئەسەرلەردىن «كۈرەش ناخشىلىرى» (1954 ـ يىل)، «تاڭ ناخشىلىرى» (1954 ـ يىل)، «قىزىلگۈل» (1960 ـ يىل)، «كلاسسىك ئەدەبىياتتىن نەمۇنىلەر» (1980 ـ يىل) دېگەنگە ئوخشاش كۆپلىگەن توپلاملار



چىقىرىلدى، مانا شۇنداق توپلاملار بەدىئىي ئەدەبىياتتا "ئالماناخ" دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاممىبابلاشتۇرۇش** پرولېتارىيات ئىنقىلابىي دەۋرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە قارىتىلغان تەلىپى. شۇنداقلا پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشىدىكى بىر مۇھىم بەلگە. جۇڭگونىڭ 30 ـ يىللار دەۋرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاممىبابلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدە لۇشۈن مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: "ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ئويلايدىغان يازغۇچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېنىق، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ھەممەيلەننى چۈشىنەلەيدىغان، سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قىلىش، بەزى كونىرىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى سىقىپ چىقىرىش لازىم" («ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاممىبابلىشىشى»). بۇنىڭدىن چۈشىنىش مۇمكىنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاممىبابلاشتۇرۇشتا يازغۇچىلارنىڭ "ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ئويلىشى"نى تەلەپ قىلىشقا، ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىشى، مىللىي خىسلەت ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشىنى، "ھەممەيلەننى چۈشىنەلەيدىغان، سۆيۈپ ئوقۇيدىغان" قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە كەڭ تارقىلىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاممىبابلاشتۇرۇش يەنە "ئاممىۋىلاشتۇرۇش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاممىۋىلاشتۇرۇش** بۇ "ئاممىبابلاشتۇرۇش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىزاھى ئۈچۈن "ئاممىبابلاشتۇرۇش"قا قاراڭ.

**ئامورالىزم** ئەخلاق-پەزىلەتنى ئىنكار قىلىپ، كىشىلىك پەزىلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدىغان بىر خىل ئېقىم. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە خېلى بازارغا ئىگە بولغان، بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئىجادىيىتىدىمۇ بۇ ئېقىمنىڭ تەسىرى كۈچلۈك.

**ئاناخرونىزم** (گرېكچە) بىرەر دەۋرنى تەسۋىرلىگەندە ئاشۇ دەۋرگە خاس تارىخىي ئېنىقلىقتىن يىراقلىشىش، تەسۋىرلىنىۋاتقان دەۋر كىشىلىرى ئوبرازى ئورنىغا باشقا زاماندا ياشىغان كىشىلەر ئوبرازىنى يارىتىش، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ نۇتقىدا شۇ قەھرىمانلار ياشىغان زامان كىشىلىرىگە نامەلۇم بولغان سۆز ۋە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش؛ مەلۇم بىر دەۋرگە خاس ھايات شارائىتلىرىنى باشقا بىر دەۋرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش ۋەھاكازالار.

ئاناخرونىزم ھادىسىلىرى كۆپرەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، خەلق ئېغىز ئىجادىي ئەسەرلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، زاماندىن زامانغا ئۆتۈش جەريانىدا ئەسەر بارلىققا كەلگەن دەۋر ھاياتىغا خاس بولغان نەرسە ۋە ھادىسىلەر بىلەن كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس نەرسە ۋە ھادىسىلەر يانمۇيان ياكى ئارىلاش ھالدا بولىدۇ. مەسىلەن: «ئالپامىش» داستانىدا قەبىلىۋى ھايات شارائىتلىرى ھەم فېئودالىزم



جەمئىيىتىگە خاس ھادىسە ۋە ئادەتلەرمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ياكى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مىلتىق ۋە توپ قاتارلىق قوراللاردىن پايدىلىنىشى ۋەھاكازالارمۇ "ئاناخرونىزم" ھادىسىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئاناخرونىزم بەزى يازغۇچىلارنىڭ تارىخىي ۋەقە ھەم پاكىتلارنى ياخشى ئۆگەنمەي، خاتاغا يول قويۇشى نەتىجىسىدە سادىر بولىدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، بەزى يازغۇچى، ئەدىبلەر ئاڭلىق ھالدا تۈرلۈك دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ياكى تۈرلۈك دەۋر كىشىلىرىنى بىرلا دەۋر تەسۋىرىدە بېرىپ، بۇ ئارقىلىق مۇئەييەن بىر مەقسەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. ناۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ خاتىمىسىدىكى خىيالىي بىر ئېپىزوت بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ: ناۋائىي بىر گۈزەل چىمەندە، ئۇ چىمەننى شادلىق ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن كېزىپ يۈرمەكتە، يىراقتا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان بىرمۇنچە كىشىلەر نامايان بولىدۇ، خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ شاگىرتى ھاسان دېھلەۋى ناۋائىينى ئۇلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ، بۇ يەردە نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋى، جامى، فىردەۋسى، ئەنسارى، سانايى، خاقانى، ئەنۋەرى، سەئدى، ھافىز ۋە باشقا سۆز ئۇستىلىرى سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ناۋائىينى كۆرۈپلا ئېھتىرام بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر قولىدىن

خىسراۋ دېھلەۋى، يەنە بىر قولىدىن جامى تۇتۇپ نىزامىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ خىيالىي ئېپىزوتتا تۈرلۈك دەۋر ۋە تۈرلۈك ئۆلكىلەردە ئۆتكەن مەشھۇر شەرق شائىرلىرى بىر ۋاقىت ۋە بىر ئورۇندا بىرلىگەن. ناۋايى بۇ ئېپىزوت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «خەمسە»سىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۈگەتكەنلىكىنى ۋە شەرقنىڭ بۈيۈك شائىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغىنىنى پەخىر بىلەن تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

ئۆتمۈش ساقىندىلىرى، قالدۇق كونا قاراشلار ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئادەتلەرمۇ "ئاناخرونىزم" دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئانافورا** (گرېكچە) ئىستىلىستىك فىگۇرىلاردىن بىرى بولۇپ، مىسرالارنىڭ بېشىدا ياكى پروزا ئەسەرلىرىدە بىر خىل ئاھاڭداش سۆز ياكى ئىبارىلەرنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى.

مىساللار:

قانلىق يىللار، قانلىق ئايلار، قانلىق ھەپتە،
ئەنە شۇنداق قاقىرلاردەك تىزىلىپ ئۆتتى.
قانلىق چامدام، قانلىق قامچا، قانلىق نەشتەر،
كۆپلىگەن ئەل ھاياتىنىڭ رىشتىن ئۈزدى.

(ن. بوساقوۋ)

ئانافورا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا "تەكرارلاش" مەنىسىدە قوللىنىلماقتا. بۇنىڭ نەسرى ئەسەرلەردە كېلىشىدىن مىسال: "...ئاپا، ئاپا... جېنىم ئاپا! نەدىسەن؟ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟... مەن كەلدىم، سەن نەگە كەتتىڭ ئاپا؟...



مېنى تاشلاپ كەتتىڭ ئاپا؟... مەن ئەمدى كىمنى ئاپا دەيمەن؟ ئاپا دېگەننىڭ ئاغزىغا قارايمۇ؟ دادا دېگەننىڭ ئاغزىغا قارايمۇ؟... مېنى مۇشۇنداق كۈنگە ئاتاپ تۇغقانمىدىڭ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ جېنىم ئاپا... دەپ زارلايتتى"

(ت. سامساق: «ئاجايىپ»دىن).

ئانافورانىڭ شېئىرىي ئەسەرلەردە مۇنداق تۈرلىرىمۇ بار.

قاراپ تۇرسام «خەمسە»نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا،
قاراپ تۇرسام پەرھاتقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شىرىنغا گۈللەر تىزغاندا،
قاراپ تۇرسام، بەھرامنىڭ قىياپىتىگە،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە.

(ل. مۇتەللىپ. «تەسىراتىم»)

مېنىڭكىدۇر كېلەچەك، چىمەن،
مېنىڭكىدۇر مەكتەپ، ئىجاد، پەن،
مېنىڭكىدۇر ساغ، ئەقىل، بەدەن،
كۆڭلۈم تولۇن ئاي كەبى روشەن.

بۇ مىسرالاردىكى ئانافورا (تەكرارلاش)لار ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقى كۆرۈنىدۇ.

**ئاناكرېئونتىك پوئېزىيە** (شېئىرىيەت) ئانتىك① ئەدەبىياتتىكى

① ئانتىك — قەدىمكى يۇنان ۋە رىمغا قارىتىلغان.

مەي ۋە مۇھەببەتنى، ئەيش-ئىشرەتنى ئىپادىلىگەن لىرىك شېئىرلار، دەۋر قوشىقى. بۇنداق شېئىرلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە ياشىغان گرېك شائىرى ئاناكرېئون (ياكى ئاناكرېئونت) نامى بىلەن باغلىق بولۇپ، شۇ تۈردىكى شېئىرلار "ئاناكرېئونتىك پوئېزىيە (شېئىر)" دەپ ئاتالغان.

ئاناكرېئون شېئىرلىرىدىن پارچىلار ۋە ئاناكرېئون شېئىرىيىتى روھىدا يارىتىلغان شېئىرلار توپلىمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي ياۋروپا ۋە رۇس شېئىرىيىتىدە ئاناكرېئونتىك شېئىرلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇنداق شېئىرلارنى م. ۋ. لومونوسوۋ، ك. ۋ. دىرژاۋىن قاتارلىق شائىرلار يازغان. ئا. س. پۇشكىنمۇ يىگىتلىك دەۋرىدە بىرنەچچە ئاناكرېئونتىك شېئىر يازغان ۋە شۇنداق شېئىرلارنى تەرجىمە قىلغانىدى.

**ئانتروپولوگىزم** كىشىچىلىك. ئادەمنى كونكرېت تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىپ تاشلايدىغان، ئادەمنى پەقەت بىر ھايات ئىگىسى دەپلا قارايدىغان مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىستىك تەلىمات. بۇ تەلىماتنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى نېمىس پەيلاسوپى فېيېرباخ بولۇپ، ئۇ ئادەمنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، روھى تېنىدىن ئايرىلمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدىيۇ، كونكرېت تارىخىي شارائىتتىن، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، سىنىپىيلىكىدىن ئايرىلغان مېتافىزىكىلىق مەيداندا تۇرۇپ، ئادەمنى ساپ مەۋجۇدات دەپ قارايدۇ،



ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى ئەھمىيىتى ھەمدە ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئوينايدىغان نىسپىي رولىنى چۈشەنمەيدۇ.

بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە كىشىچىلىك (ئانتروپولوگىزم) تەلىماتىنىڭ تەسىرى ھەر خىل دەۋرلەردە ھەر خىل دەرىجىدە ئەكس ئېتىپ، "ساپ سەنئەت"، "ئىنسان ئۈچۈن سەنئەت"، "سىنىپتىن خالى سەنئەت" پىكىر ئېقىملىرى ئۈچۈن مۇئەييەن نەزەرىيىۋى دەسمايە بولۇپ بەردى.

**ئانتولوگىيە** (گرېكچە "گۈل" ۋە "تىزىمەن" سۆزىدىن)

قەدىم زاماندا ئانتىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلاملار گۈل دەستە مەنىسىدە شۇنداق ئاتالغان. ھازىرمۇ شائىرلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى ياكى بىرەر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تاللانغان نەمۇنىلىرى توپلىمى «ئانتولوگىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرق شېئىرىيىتىدە بۇنداق توپلاملار «تەزكىرە»، «باياز» ۋە ياكى «مەجمۇئەت-ئۇششۇئارا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مىللىي ئەدەبىي مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش بويىچە مەخسۇس ئىشخانا قۇرۇپ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئانتولوگىيىسى»نى تۈزۈۋاتىدۇ.

**ئانتونىملار** (گرېكچە "قارشى"، "ئىسىم" سۆزىدىن) بىر-بىرىگە

قارىمۇقارشى، زىت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر، بۇنداق سۆزلەر ھادىسە ۋە ھالەتنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى ئېچىشتا، خاراكتېرلەرنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇپ تەسۋىرلەشتە يازغۇچىغا ياردەم بېرىدۇ.

كلاسسىك شېئىرلاردا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ناۋايى ئەسەرلىرىدە ئانتونىملاردىن كەڭ پايدىلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە كىچىك تۇت كۆڭۈل،
ئۇلۇغقا كىچىگلىك ياراشۇر ئوغۇل.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

مۇنداق ئانتونىملار شېئىرنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئانتېتىزا** (گرېكچە "قارىمۇقارشى قويۇش" سۆزىدىن) بىر-بىرىگە زىت چۈشەنچە، پىكىر ۋە ھېسسىياتلارنى ئېنىق ئىپادىلەشتە ھەمدە ئۇلارغا قىياسى خاراكتېرىستىكا بېرىشتە قوللىنىلىدىغان ئەدەبىي ئۇسۇل، بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىدا، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ماڭا نامېھرىبان يار ئۆزگەلەرگە مېھرىبان ئەرمىش،
مېنىڭ جانىم ئالىپ، ئەغيارگە ئارامىجان ئەرمىش.
(ناۋايى)



**ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشى** قەدىمكى گرېك شېئىر تۈزۈلۈش سىستېمىسى، بۇ سىستېما ئېرامىزدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىردە گرېتسىيىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئېرادىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە رىمغىمۇ تارقالغان.

ئانتىك شائىرلار شېئىرنى كۈيگە سېلىپ قوشاق قىلىپ ئېيتىشاتتى. شۇڭا شائىر ئەينى زاماندا قوشاقچى — ھافىز ھېسابلانغان، شائىرنىڭ ئاساسىي چالغۇ ئەسۋابى "لىرا"① دەپ ئاتىلاتتى. لىرىكا سۆزى شۇ ئاساستا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشى — مېترىك شېئىر تۈزۈلۈشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشىنى قىسقا ھەم ئۇزۇن بوغۇملار تەشكىل قىلىدۇ، قىسقا ۋە ئۇزۇن بوغۇملار مەلۇم "روكىن" (ئارۇز ۋەزنى ھەققىدىكى مەلۇماتقا قاراڭ)نى تەشكىل قىلىدۇ، تەكرارلانغۇچى روكنلار مىسرالارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، ئانتىك شېئىرىيەتتە قاپىيە بولمىغان.

بوغۇم ۋە روكىن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشى بىلەن ئارۇز ۋەزنى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بار.

---

① قەدىمكى گرېكلاردا راۋاپقا ئوخشىغان مۇزىكا ئەسۋابى بولۇپ، ئۇلار شۇ چالغۇ ئەسۋابىنى چېلىپ شېئىر-قوشاق ئېيتىشقان. بۇ ھەقتە ئاتالغۇلارنىڭ «ل» قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

غەربىي ياۋروپا خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە ئانتىك شېئىر تۈزۈلۈشىنىڭ پرىنسىپلىرى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن ئۇلاردا شېئىرنى شائىر كۈيگە سېلىپ ئېيتمايدۇ، بەلكى ئوقۇيدۇ، رۇس شېئىرىيىتى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملار ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇرغۇلۇق، ئۇرغۇسىز بوغۇملار ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

**ئانناللەر** (لاتىنچە "يىل"، "يىللىق" سۆزىدىن)

قەدىمكى رىملىقلاردا تارىخىي ۋەقەلەرنى يىلمۇيىل قەيت قىلىپ يېزىلغان ئەسەر. بۇنداق ئەسەرلەر رۇسلاردا «Летопись» دېيىلىدۇ، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە "يىلنامە" ياكى "سالنامە" دېيىلىپ كەلمەكتە.

**ئاننوتاتسىيە** (لاتىنچە "قەيت" سۆزىدىن)

كىتاب مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىدىغان قىسقا قەيت (تەكىتلەش). مۇنداق قەيتلەر سىپراۋوچنىك (بىرەر ئىش ياكى ئادەم، نەرسە توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىدىغان ھۆججەت) ياكى كاتالوگلاردا بېسىلىدۇ، ئۇلاردا كىتاب ھەققىدە ئىلمىي-تەنقىدىي پىكىر بايان قىلىنىدۇ، ئاننوتاتسىيە كىتاب ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ، كىتابخانىنى ئەسەر بىلەن تونۇشۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

**ئانېكدوت** (گرېكچە بېسىپ چىقىرىلمىغان سۆزىدىن) غەلىتە ۋەقە، كۈلكىلىك ھادىسىلەر توغرىسىدا كىچىك قىزىقارلىق ھېكايە.

مىلادىدىن ئىلگىرى 6-ئەسىردە ئۆتكەن ۋىزانتىيە تارىخچىسى پىروكوپىنىڭ ئىمپېراتور يۇستىنىيان ۋە ئۇنىڭ ساراي



ئەھلى (شەخسىي) ھاياتىدىن ئېلىنغان قىزىق ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلغۇچى «سىرلىق تارىخ» دېگەن ئەسىرى بىرىنچى قېتىم "ئانېكدوت" دەپ ئاتالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئانېكدوت ئاتالغۇسى مەخسۇسلا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

كۈلكىلىك تاسادىپىلارغا ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن ھېكايە ياكى بىرەر ئەسەردىكى ئايرىم ئېپىزوتمۇ ئانېكدوت ياكى ئانېكدوتلىك ھېكايە دېيىلىدۇ.

غاپۇر غۇلامنىڭ «ھىيلەئى شەرئىي» ناملىق ھېكايىسى، پېشقەدەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ «رودۇپاي» ۋە «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ناملىق ھېكايىلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئانېكدوت شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىكى لەتىپىلەر، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش ئەسەرلەر، (سەلەي چاققان، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى)دىن ئىبارەت.

**ئەبجەد** (ئەرەبچە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى دەسلەپكى تۆت ھەرپ: ا (ئا)، ب، ج، د. ئۆتمۈشتىكى كونا مەكتەبلەردە بوغۇملارنى قوشۇپ ئوقۇش — "ئەبجەد ئوقۇش" بىلەن باشلانغان. ئېلىپبەنى ئۆگىنىشكە باشلىغان بالىلار ئەبجەدخان دەپ ئاتىلاتتى. ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر سەككىز گۇرۇھقا ئايرىلىپ، ھەربىر گۇرۇھ مەخسۇس توقۇلما نام بىلەن، يەنى: ئەبجەد، ھەۋۋەز، ھۇتتى، كەلەمەن، سەئەپەس، قەرشەت،

سەخخەز، زەززەغ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ سەككىز سۆز ئاساسەن ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن بۇ ھەرپلەر (تاۋۇشلار) بىرىكمىسى سۆز شەكلىدە بولسىمۇ، ھېچقانداق مۇستەقىل مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

**ئەبجەد ھېسابى** ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن سان چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى ھېساب. ئەرەب يېزىقىدا بار بولغان ھەربىر ھەرپ رەقەم ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىپ، سان مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا بىردىن مىڭغا قەدەر بولغان ساننى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەرپ (تاۋۇش)لەر مەلۇم تەرتىپكە سېلىنىپ، سەككىز سۆز شەكلىدە بېرىلگەن.

| | |
|---|---|
| ابجد | هوز |
| 1. 2. 3. 4 | 5. 6. 7 |
| حطی | كلمن |
| 8. 9. 10 | 20. 30. 40. 50 |
| سعفص | قرشت |
| 60. 70. 80. 90 | 100. 200. 300. 400 |
| ثخذ | ضظغ |
| 500. 600. 700 | 800. 900. 1000 |

بۇ ئەرەبچە سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ:

ئەبجەد، ھۇۋەز، ھۇتتى، كەلەمەن، سەئىپەس، قەرشەت،



سەخخەز، زەززەغ.

دېمەك، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر تاۋۇش (بوغۇم) قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ھەربىر ھەرپ بەلگىلىك رەقەم ئورنىدا سان مەنىسىنىمۇ ئىپادە قىلىدۇ. ئۆتمۈشتە، كۆپىنچە بىرەر ۋەقەنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى (بىرەر مەشھۇر كىشىنىڭ ۋاپاتى، ئىمارەت قۇرۇلۇشى، كىتابنىڭ يېزىلىش ۋاقتى، بىرەر جەڭ قاتارلىقلار) ئەنە شۇ "ئەبجەد ھېسابى" ئارقىلىق ئىپادە قىلىناتتى.

مەسىلەن: شائىر دۇربەك «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنى يازغان يىلىنى ئەبجەد ھېسابى بىلەن تۆۋەندىكى بېيىتتا بەرگەن:

"زاد" (ض)ئىدى تارىخ تاقى "ھە"(ح)يۇ "دال"(د)
مۇددەتى ھىجرەتتىن ئۆتۈپ ماھۇ سال.

بېيىتتە كەلتۈرۈلگەن ئۈچ ھەرپ ئىپادىلىگەن رەقەملەر قوشۇلسا (ض = 800 + ح = 8 + د = 4) 812 چىقىدۇ. دېمەك، داستان ھىجرى 812 ـ (مىلادى 1409 ـ) يىلى يېزىلغانلىكەن دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

ئىمارەتلەرگە، ئايرىم ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىشلەنگەن يىلى ئەبجەد يولى بىلەن يېزىپ قويۇلىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا بولسا، ئەبجەد ھېسابى ئۇسۇلى بىلەن تەتبىق ئېتىلگەن مەخسۇس ئەسەرلەر تۈرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار "تارىخ" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئەبجەد ھېسابى قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلەرنى، ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان يىلىنى ئېنىقلاشتا ھازىرمۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان يىللىرى كۆپىنچە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن.

**ئەپسانە** (پارسچە ئەفسۇن، فۇسۇن، سېھىر، ئەۋرەش، مىكىر سۆزىدىن) بىر تارىخىي ھادىسە ياكى كەچمىش ۋەقەنى فانتازىيىلىك تەرزدە تەسۋىرلىگۈچى ئەسەر.

ئەپسانە قەدىمكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئېپىك ژانىرلىرىدىن بىرىدۇر. قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ كۆپى قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ چەت ئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەسۇرانە كۈرەشلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. قەدىمكى گرېك تارىخچىسى گېرودوتنىڭ «تارىخ» كىتابى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن «تۇمارىس» ئەپسانىسى، رىم تارىخچىسى پولىئەننىڭ «ھەربىي ھىيلىلىرى» ئەسىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن «شىراق» ئەپسانىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ھېكايە قىلغۇچى ئەسەرلەردۇر.

قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى بىلەن بىرگە ئىشقى-ھەجۋىي ئەپسانە تۈرلىرىمۇ بار، خىسراۋ، شېرىن، مەجنۇن ۋە باشقىلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەر شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە بۇلار يازما ئەدەبىياتتا يىرىك ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا



كېلىشىگە ئاساس بولغان. يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، نۇرغۇن ھاللاردا، مۇشۇنداق خىيالىي ھېكايە ۋە رىۋايەتلەردىن ئىجادىي ھالدا پايدىلانغان. مەسىلەن: ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى بەھرام ئەپسانىسى، ئىسكەندەر ئەپسانىسى ۋە باشقىلار بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ.

**ئەپسانىشۇناس** مەخسۇس قەدىمكى خەلق ئەپسانىلىرىنى توپلىغۇچى، تەتقىق قىلغۇچى، تۈرگە ئايرىغۇچى، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇپ تونۇشتۇرغۇچى ئىلمىي خادىم.

**ئەپسانىشۇناسلىق** ئەپسانىلار توغرىسىدا مۇكەممەل، ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن. مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئەمگىكى.

**ئەپكار (نەشر ئەپكارى)** مەلۇم ئىجتىمائىي تەشكىلات، گۇرۇھ، مۇئەسسەلەرنىڭ ئۆز كۆز قارىشى، سىياسىتى، كەسپى قاتارلىقلار بىلەن جەمئىيەتنى باغلاپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، تارقىتىلىدىغان بۇيۇملار. بۇ گېزىت شەكلىگە ياكى ژۇرنال، كىتاب شەكلىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن: «شىنجاڭ گېزىتى» ج. ك. پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى. «تارىم» ژۇرنىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ نەشر ئەپكارى.

**ئەپكار ئامما** ئوقۇغۇچى كىتابخان. بۇ جامائەت پىكرى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**ئەتىۋد** ئانچە چوڭ بولمىغان ئەدەبىي، ئىلمىي ياكى

پەلسەپۋى ئوچېرك. بۇ ئاتالغۇ مۇنداق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ: 1) تەسۋىرىي سەنئەتتە بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە (ئەسلىگە) قاراپ ئىشلەنگەن، ئادەتتە بىرەر چوڭ ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان دەسلەپكى رەسىم، ئېسكىز ۋ. پ. 2) ئىجرا قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان مۇزىكىلىق تىياتىر. 3) تىياتىر پىداگوگىكىسىدا ئاكتىيورلۇق تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مەشق.

**ئەدەبىي ئاخبارات** ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر تۈرى، ئەدەبىيات-سەنئەتچانلىقى كۈچلۈك ئاخبارات خەۋىرى. ئۇ خەۋەر بىلەن ئەدەبىيلىكنى بىرلەشتۈرۈلگەن، تۈگشۈن بىلەن ھېكايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئەدەبىي ژانىر. "ئەدەبىي" دېيىشتىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ ئىپادىلەش جەھەتتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ، ئوبرازلىق، تەسىرلەندۈرەرلىك ھالدا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. "ئاخبارات" دېيىشتىكى سەۋەپ شۇكى، تېما جەھەتتىن ئۇ ھەقىقىي ئادەم، چىن ئىشلارنى ئاخبارات سۈپىتىدە خەۋەر قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان، ئېلىمىزدە ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملىشىپ ھازىرغا قەدەر ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەدەبىي ئاخبارات تۇرمۇشنى تېز ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقىي ئادەم ۋە



چىن ئىشلارنى گەۋدىلىك تەسۋىرلەپ نۆۋەتتىكى رېئاللىقنا ئۆز ۋاقتىدا ماسلاشقانلىقتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە "چەۋەنداز ژانىر" دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىيات بىلەن ئاخبارات خەۋىرىنىڭ بىرلىشىشى بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل تىپىك پېرسوناژلار ۋە ئىشلارنى بىۋاسىتە سۈرەتلەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى جىددىي ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى جىددىي ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇلارغا جاۋاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرىگە تېخىمۇ ئوبدان قاتنىشىشىدا مەسلىھەت بېرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ. جون رىدنىڭ «دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئون كۈن»، ئېدگار سنونىڭ «غەربكە سەپەر» ئەسەرلىرى داڭلىق ئەدەبىي ئاخباراتتۇر.

**ئەدەبىي ئەسەر** (ئەرەبچە كىتاب مەنىسىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان سۆز. ئاسارئەتىقە، قەدىمكى ئانتىك ئەسەرلەر، يادىكارلىقلار). بۇ سۆز "ئىز"، "نىشان"، "بەلگە" (ئۇنىڭدىن قىلچە ئەسەر يوق)، "تەسىر" (ئۇ بىزگە ئەسەر قىلدى) دېگەندەك مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ھالنى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئۆزەم بۇ يەرلەردە،
كۆڭلۈم يەنە بىر يەردە.
غېرىپلىق ئەسىر قىلدى،
دودىشاڭ كۆرەلەردە.

ئەدەبىياتشۇناسلىقتا مەلۇم غايىۋى مەزمۇننى تېگىشلىك بەدىئىي شەكىلدە تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن كىچىك لىرىك شېئىر (مەسىلەن: رۇبائىي)دىن باشلاپ يىرىك ئېپىك كىتاب (مەسىلەن: ناۋايىنىڭ «خەمسە»سى) قاتارلىقلارغىچە ھەممە ئەدەبىي ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى "ئەدەبىي ئەسەر" دېيىلىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ: لىرىك ئەسەر، ئېپىك ئەسەر، دراماتىك ئەسەر. ئومۇمەن "ئەسەر" سۆزى ئىجادىي ئەمگەك مەھسۇلى. مەسىلەن: ئىلمىي ئەسەر، سەھنە ئەسىرى، مۇزىكا ئەسىرى، تاللانغان ئەسەر دېگەندەك. "ئەسەر" سۆزى ئادەتتە "ماقالە" دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قەھرىمانى** ئەدەبىي ئەسەردە ئۆزىگە خاس، ئېنىق خاراكتېر ۋە بەلگىلەرگە ئىگە بولغان، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخس ئەسەر قەھرىمانى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانلىرى ئەسەرنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىلدۇر. بىر پۈتۈن ئەسەردە ئەسەر ئىدىيىسى ئەسەردىكى ھەر خىل پېرسوناژلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
«ياشلىق ناخشىسى» رومانىدا يازغۇچى لىن داۋجىڭدىن



ئىبارەت ئاساسلىق پېرسوناژنى جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىي باسقۇچىدىكى ياشلارنىڭ ۋەكىلى، يەنى قەھرىمانى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈردى. ھەر خىل ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومانلاردا، مەسىلەن: جۇ لىبونىڭ «بوران-چاپقۇن»، جاۋ شۇلىنىڭ «لى يۈيسەينىڭ قوشاقلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ئوبرازلار بار. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ «چىنىقىش» (ز. قادىر)، «كۈرەشچان يىللار» (ق. تۇردى)، «ئاۋرال شاماللىرى» (ز. سابىر)، «قىيانلىق دەريا» (ئە. تۇردى). «مېھرىبان» (ق. جېلىل) قاتارلىق پوۋېست-رومانلار كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ ئەسەرلەردە ئەسەر قەھرىمانلىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ھەۋىسىنى قوزغىماقتا.

**ئەدەبىي ئەنئەنە** ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يارىتىدۇ ۋە ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئالاھىدە بىر ئەدەبىي نۇقتىئىنەزەر، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىي شەكىل ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەنئەنە دېيىلىدۇ. ئەدەبىي ئەنئەنىنىڭ ئىچىدە ئىلغار ۋە قالاق، ھەتتا ئەكسىيەتچى نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر نەرسىلەر ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قالاق،

ئەكسىيەتچى نەرسىلەر ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. ئىلغار ئەدەبىي ئەنئەنە كونكرېت جەھەتتە بىر قاتار ئىلغار ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەسەرلىرىدە ئەكسىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەنئەنە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئامىلى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر يېڭى ئەدەبىيات ئىلگىرىكى ئەدەبىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنىدۇ. تارىختا ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى ئىلگىرىكى ئىلغار ئەدەبىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مېۋىسى بولۇپلا قالماي، يەنە، كېيىنكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىمۇ قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىلغار ئەدەبىيات ئىلغار ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلغار ئەدەبىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللانغاندىلا، ئاندىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىيدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

**ئەدەبىي تەسىر** بىر يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىي ئۇسۇللىرىنىڭ باشقا بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىغا بولغان تەسىرى. ھېچقانداق يازغۇچى ئۆز ئىجادى بىلەنلا ئەدەبىي ھەرىكەتنى باشتىن ئاياغقىچە يەككە ئېلىپ بارالمايدۇ. بەلكى ئىلگىرى ئۆتكەن يازغۇچىلارنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى ئۆگەنگەن ھالدا يېڭى ئەسەرلەر يارىتىشقا كىرىشىدۇ. كۆپىنچە، ئۆزىدىن



ئىلگىرى ئۆتكەن ياكى ئۆزىگە زاماندىش مەشھۇر شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئىلغار پىكىر ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەۋلادلار ئۈچۈن ماھارەت مەكتىپى بولۇپ قالىدۇ.

**ئەدەبىي تەنقىد** ئەسلى ئەرەبچە "نەقد"دىن كېلىپ چىققان "تەنقىد" سۆزىنىڭ ئۆزلەشكىنى بولۇپ، تەكشۈرۈش، تاللاش دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ، يۇنانچە kiritika "ھۆكۈم قىلىش، باھا بېرىش سەنئىتى" دېگەن سۆزلەرگە تەڭ مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، بەدىئىي ئەسەرلەرنى باھالاش، تەھلىل قىلىش ۋە شەرھلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئەدەبىي تەقرىزلەرنى، ئىلمىي ماقالىلەرنى، قىسقا ئوبزورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى: بەدىئىي ئەسەرلەرنى تارىخىي ھەم ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتتە مەلۇم ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ كونكرېت تەتبىقلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولى كۆپ ھاللاردا كونكرېت ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، توغرا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىقلا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بېيىتىپ،

سىستېمىلاشقان نەزەرىيىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيەت-لىرىنى ئومۇملاشتۇرغان. مەسىلەن: جۇ رۇڭنىڭ «شېئىرلارنى باھالاش»، بەي جۈيىنىڭ «يۈەن جېيۇغا يېزىلغان خەت»①، لى جىنىڭ «دىسۇ بويىدا»غا سۆز بېشى»②، بېلىنىسكىنىڭ: «روسىيە پوۋېستلىرى ۋە گوگول پوۋېستلىرى ھەققىدە»③، چېرنىشېۋسكىنىڭ «روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ گوگول دەۋرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى»④ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان. شۇ تۈپەيلىدىن ئادەتتە ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قوشۇلۇپ يېزىلغان باھالاش خاراكتېرى-دىكى ئەسەرلەرنى "ئەدەبىي ئوبزور" دەپ ئاتاش كېلىپ چىققى.

---

① «بەيشى چاڭچىڭ توپلىمى»، 45 ـ جىلد.
② لى جى «كىتاب ـ نامىلەرنى كۆيدۈرۈش»، 3 ـ جىلد.
③ «بېلىنسكى تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، شاڭخەي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1963 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
④ «چېرنىشېۋسكى ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 ـ توم، «يېڭى ئەدەبى-يات ـ سەنئەت نەشرىياتى»نىڭ 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.



ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بېرىشتا ۋە باھالاشتا، جەزمەن مەلۇم مىزان، مەلۇم ئۆلچەم بولماي مۇمكىن ئەمەس. قانداق ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قانداق ئەسەرلەرنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوبزور يازغۇچىنىڭ مەلۇم مىزانى بولىدۇ. مۇنداق مىزان ئۇنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ئىدىيىۋى خاھىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

تەنقىدچى ئۆز ماقالىلىرى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىستېداتى، كىتابخانلارنىڭ دىت-پاراستى ۋە زوقىنى ئاشۇرىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئاممىنىڭ قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە تەنقىدچىمۇ ھايات ۋە ئەدەبىياتتىن كۆپ نەرسە ئۆگىنىدۇ. ئۇ يازغۇچىغا ئوخشاش خىلمۇخىل شەكىللەردىن، ژانىر ۋە ئۇسلۇب ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن قوغداش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلگىرى سۈرۈش ياكى رەت قىلىش، چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى** ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشتا، باھالاشتا چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلا بولىدىكەن، ھامان ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى

مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەرەپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالىغاندا ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن باھالاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ئۇنىڭ باش تېمىسىدا مەركەزلىك ئەكس ئېتىدىغان بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىنى باھالىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى چىن ۋە سەممىي-سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن-ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكى؛ ئەسەردە قانداق سىياسىي خاھىش ۋە غايە ئىپادىلەنگەنلىكى؛ ئەسەرنىڭ كىتابخانلارغا قانداق تەربىيە بەرگەنلىكى ۋە ئېستېتىك قىممىتى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بەدىئىيلىك جەھەتتىن: بەدىئىيلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىتابخانلاردا پەيدا قىلغان بىر خىل بەدىئىي تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، ئەسەرنىڭ شەكلى، بەدىئىي ماھارىتى، يازغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ۋە ئېستېتىك ھەۋىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنى بەدىئىي جەھەتتىن باھالىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا بەدىئىي ئوبراز ھەقىقىي ۋە جانلىق يارىتىلغانمۇ، يوق (چۈنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى، تەرەققىياتى تىپىك ئوبرازلار بىلەن كۆرسىتىلىدۇ)؛ مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ۋە چۈشىنىشلىك، رەڭدار تىل قوللىنىلغانمۇ،



يوق؟ دېگەن نۇقتىغا قاراش كېرەك. ۋەھالەنكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىر پۈتۈن گەۋدە. لېكىن بەدىئىيلىك ئىدىيىۋىلىككە نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلىدۇ، مەزمۇنغا ماسلىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئوبدان بەدىئىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەشتە يۇقىرىدىكى بىرقانچە تەرەپكە دىققەت قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمى** ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ئەدەبىياتتىن زوقلىنىشى، بەدىئىي گۈزەللىك ۋە سەتلىككە بولغان كۆز قارىشى، تەلىپى ئوخشىمىغانلىقتىن، ھەرقايسىسىنىڭ ئوخشىمىغان بەدىئىي ئۆلچىمى شەكىللەنگەن. ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمىمۇ مۇقىم، ئۆزگەرمەس، ئابستراكت بولمايدۇ. پرولېتارىيات ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي ئوبراز يارىتىشىنى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشىنى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىنى، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە مۇستەقىل ئۇسلۇب بولۇشىنى، ھەممىدە توغرا، ئېنىق، تەسىرلىك تىل بولۇشىنى

تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، كونكرېت قوللىنىش جەھەتتە، ئوخشـ
ـمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان دۆلەت پرولېتارىياتىنىڭ يەنە
ئوخشىمايدىغان ئۆلچەملىرى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ
بەدىئىي ئۆلچىمى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ
يۇقىرى-تۆۋەن، ياخشى-ناچارلىقىنى ئۆلچىگەندە، سىياسىي
ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇش لازىم.

**ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ”سىياسىي ئۆلچىمى“ مەسىلىسى**

ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىنىڭ ”سىياسىي ئۆلچىمى“ مەسىلىسى
ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى
بولۇپ، بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى
نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى ئۇزمەي مۇھاكىمە
قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ
«يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن
نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە ”ئەدەبىيات-سەنئەت پرولېتارىيات
سىياسىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك“ دېگەن شوئارنى
ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىياتنىڭ ”سىياسىي
ئۆلچىمى“نىمۇ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شوئار
پارتىيىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەتكە
قاراتقان يۆنىلىشى ۋە سىياستى بولۇپ كەلدى. ئاشۇ ”سىياسىي
ئۆلچەم“مۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلەرنى باھالايدىغان



ئۆلچەم بولۇپ كەلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
ئاشۇ يىللاردا بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرا ئىدى.
چۈنكى، شۇ دەۋردە جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى
ئۇرۇش قىلىش ئىدى، ئۇرۇش — سىياسىي بولغاچقا، خەلقنىڭ
ھاياتىدىكى سىياسىيمۇ ئۇرۇش ئىدى. شۇڭا، ئۇ چاغدا ئەدەبى-
يات-سەنئەتنىڭ ئاشۇ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى
ئوتتۇرىغا قويۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

لېكىن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ شوئار تەكىتلىنىۋې-
رىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسى مەلۇم
مەزگىلدىكى مەلۇم سىياسىي ھەرىكەت، سىياسىي چاقىرىقلارغا
قەدەر كىچىكلەپ، تارىيىپ باردى. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ
سىياسىي ئۆلچىمىمۇ بەدىئىي دائىرىدىن بارغانسېرى يىراقلى-
شىپ، ئەسەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى سىياسىي ھەرىكەت، سىياسىي
چاقىرىق، سىياسىي شوئارغا ماسلاشقان-ماسلاشمىغانلىقى ۋە
شۇلارغا خىزمەت قىلغان-قىلمىغانلىقى، ھەتتا قانچىلىك
دەرىجىدە خىزمەت قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم
بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، نەزەرىيە جەھەتتىن، ئەدەبى-
يات-سەنئەت سىياسىينىڭ بېقىندىسىغا، خىزمەتچىسىگە ئايلاندۇ-
رۇلۇپ كۆزىتىلدى، ئۆلچەندى ۋە باھالاندى. نەتىجىدە
ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارى چەكلەپ

قويۇلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەللىك زوقى دائىرىسى تارايتۇۋېتىلدى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي رولىغا سەل قارالدى.

بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات-سەنئەتنى "ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" شوئارى "خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" قا ئۆزگەرتىلىپ، شوئار ئىلمىيلاشتى.

شوئارنىڭ ئۆزگىرىشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاشنىڭ، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنىڭ خاراكتېرىنى، ۋەزنىنى ئۆزگەرتىشكە، توغرىراقى، ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە باھالاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئىدىيىۋىلىكى، خاھىشى ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋر روھىدىن ھالقىپ چىقىپ، سىياسىي بىلەن مۇناسىۋەتسىز، سىياسىي بىلەن چېتىشلىقى يوق تەرەپتىنلا كۆزىتىشكە ۋە ئۆلچەشكە بولمايدۇ. نۆۋەتتە، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ نەزەرىيە مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلمىي ھەل بولدى. "سىياسىي ئۆلچەم" مەسىلىسىمۇ ئاساسەن ئايدىڭلاشتى. ئەگەر ئۇنى شەرھلەشكە توغرا كەلسە، ئەدەبىي تەنقىدتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە سىياسىي خاھىشىغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەھلىل ۋە ئۆلچەم، مۇئەييەن سىنىپنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىنىڭ



ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى دەپ قاراش كېرەك. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ئوخشىمايدىغان سىياسىي ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ ئۆلچەم شۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ھەربىر سىنىپنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىمۇ ئابستراكت، مۇتلەق ئۆزگەرمەس بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، پرولېتارىيات ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ سىياسىي ئۆلچىمى پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقتا، خەلقنى كوممۇنىستىك روھتا تەربىيىلەش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقتا ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەمەلىيىتىدە چوقۇم ئىدىيىۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ئۆلچەمگە ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە سىياسىي خاھىشىنى تەھلىل قىلىپ باھا بەرگەندە، يەنە چوقۇم ئەسەر ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن ئايرىلماسلىق كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەدەبىي تەنقىدنى ئادەتتىكى سىياسىي ئوبزور ۋە ئىدىيىۋى ئوبزور دائىرىسىگە باشلاپ كىرىش يۈز بېرىدۇ.

**ئەدەبىي تىل** ئومۇم خەلق تىلىغا ئاساسلانغان، گرامماتىكا ۋە ئومۇمىي ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئىگە بولغان، بۇ قائىدىلەر ئارقىلىق جانلىق تىلدىكى ھەر خىللىقلارنى بىر خىللىققا

ئېلىپ كەلگەن پەن ۋە ئەدەبىيات تىلى، يەنى بىرەر خەلق يېزىقىنىڭ مەتبۇئات تىلى. بەزىدە شۇ بىر خىل يېزىق بىرقانچە مىللەت خەلقى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولۇشى مۇمكىن: رەسمىي ئىش قەغەزلىرى، ئىدارە-مەكتەپلەردىكى دەرسلىك تىلى، پەن-تېخنىكا، پۇبلىتسىستىكا، بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى، سۆز شەكلىدە، يازما ۋە ئاغزاكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشلىرى.

**ئەدەبىي خاتىرىلەر** نەسرى ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى. ئەدەبىي خاتىرە ئېلىمىزدە سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان مەيدانغا كېلىپ، بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلىشقا باشلىغان. "4-ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن ئەدەبىي خاتىرىلەر كەڭ دائىرىدە تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ھەر خىل، ئىخچام-جانلىق تۈسكە كىرگەن ھەممە لىرىك شەكىللەردىمۇ يېزىلغان.

**ئەدەبىي خەۋەر** (تەسۋىرى خەۋەر) ئاخباراتلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بىر خىل ژانىر. بەزى ماتېرىياللاردا "تۈگشۈن" دەپمۇ قوللىنىلغان. ئادەتتىكى گېزىت خەۋىرىگە نىسبەتەن چىن ئادەم، چىن ۋەقە، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تەپسىلىي كونكرېت، جانلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىدىغان بىر تۈرلۈك ئاخبارات ژانىرى.

**ئەدەبىي زوقلىنىش** كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا بەدىئىي ئوبرازلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنى چۈشىنىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېستېتىك لەززەت ئالىدۇ، ئەسەرنىڭ



ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ جەريانى بىلەن تونۇشىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش ئەدەبىياتنىڭ ئەمەلىيەتلىك پائالىيىتىدىكى ئالاھىدە ھالەت بولۇپ، كونكرېت بەدىئىي ئوبرازدىن باشتىن ئاخىر ئايرىلمايدىغان تونۇش پائالىيىتى ۋە بەدىئىي چۈشىنىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر ئەدەبىي زوقلىنىش داۋامىدا تەپەككۇر پائالىيىتى ۋە ھېسسىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، بۇ، بەدىئىي ئوبرازدىن كونكرېت تەسىرلىنىشنى چىقىش قىلىپ ھېسسىي باسقۇچتىن ئەقلىي باسقۇچقا ئۆتۈش، يەنى بەدىئىي ئوبرازنىڭ چەكلىمىسىنىمۇ قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا زوقلانغۇچىنىڭ ئۆز سىنىپىي مەيدانى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، بەدىئىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە بەدىئىي ھەۋەسگە ئاساسەن ئوبرازلارنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئوخشاش بىر سىنىپتىكى كىشىلەردىمۇ تۇرمۇش تەجرىبىسى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى ۋە بەدىئىي قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەدەبىي زوقلىنىشمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش بەدىئىي لەززەتلىنىش بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشنىڭ بىرلىشىشى بولۇپ، ئېستېتىك لەززەتتىن ئايرىلغاندا زوقلىنىش بارلىققا كەلمەيدۇ، زوقلىنىشتىن ئايرىلغاندا ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

**ئەدەبىي مىراس** بۇ ئالدىنقى دەۋرلەردىن قېپقالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مول، باي ئەدەبىي مىراس

خەزىنىسى ئىچىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيى ئەڭ مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، كۈرەشلىرىنى ۋە غايىلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ۋە ساددا، يېڭى بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگىلىكى بىلەن تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەرگە مول ئوزۇق بېرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەدەبىي مىراس ئىچىدە يەنە كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەرەققىپەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە بىرقەدەر يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، مول، قىممەتلىك بەدىئىي تەجرىبىلەرنى جۇغلىغان. بۇلار ئەدەبىي مىراس ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىب ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئەكسىيەتچى سىنىپلارنى پەدەزلەپ، ھەل بېرىدىغان، مەدھىيەلەيدىغان، ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارمۇ ئەدەبىي مىراس ھېسابلانسىمۇ، ئەدەبىي مىراس ئىچىدىكى داشقال، زىيانلىق نەرسىلەردۇر. شۇنداقلا، دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر ئىچىدە نەپىس، ئىلغارلىرىمۇ، داشقاللىرىمۇ بار. ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىيات تەرەق-



قىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى. بىز ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدسىزلا ھەممىنى بىراقلا قوبۇل قىلىشقىمۇ، تەھلىلسىزلا ھەممىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ قارشى تۇرىمىز. "قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن پايدىلىنىش، كونىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىسىنى يارىتىش" بىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتىكى يېتەكچى پرىنسىپىمىز.

**ئەدەبىي ئوبزور** ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن باھالايدىغان نەزەرىيىۋى ماقالە.

ئەدەبىي ئوبزورلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدتىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى مەنتىقىلىق چۈشەندۈرىدۇ ۋە بېيىتىدۇ ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى، جەريانى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي رولى توغرىسىدا، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەت تارىخىي، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت كەلگۈسى توغرىسىدا قانۇنىيەتلىك تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇمۇ ئەدەبىي تەنقىدكە ئوخشاش كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە، مەلۇم ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ھەققىدە باھا ئېلان قىلىشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئومۇمىي خاھىشى جەھەتتە بەربىر يەنە بىر ئەسەر ياكى بىر ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ ئومۇمىي ئەدەبىي ھادىسىلەرگە باھا بېرىدۇ.

**ئەدەبىي ئېقىم** ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئېقىم، ئۇ ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇسلۇبتىن مۇرەككەپرەك

بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى.

ئەدەبىي ئېقىم مەلۇم تارىخىي دەۋردە، ئۆز ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى جەھەتلەردە، بىر-بىرىگە يېقىن تۇرغان بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى غايىۋى بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر (تېما، غايە، بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىلىرى ۋە باشقىلار)نىڭ بىرلىكى.

ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىنراق بولۇشى ياكى ئوخشىشىپ كېتىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. مۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر: (1) بۇ يازغۇچىلارنىڭ مەيدانى، ئىدىيىۋى خاھىشى ئاساسەن بىر-بىرىگە يېقىن بولغانلىقى؛ (2) سەنئەت جەھەتتىن بىر خىل سەنئەت قارىشىغا، بىر خىل ئورتاق ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ياۋروپادا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتى ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى دەۋرىدە، جۇڭگودا بولسا "4-ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن، خېلى كۆپلىگەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرى پەيدا بولغانىدى. "ئەدەبىيات تەتقىقات ئۇيۇشمىسى" ۋە "ئىجادىيەت تەھرىراتى" دېگەنلەر ئەنە شۇنداق ئەدەبىي ئېقىملارغا مەنسۇپ ئىدى.

**ئەدەبىيات** كەڭ مەنىدە بارلىق كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ بىر پۈتۈن يىغىندىسىنى، تار مەنىدە بولسا بەدىئىي



ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك ساھەلەرگە خاس ئەسەر ۋە كىتابلارنىمۇ ئومۇمەن ئەدەبىيات ئاتالغۇسى بىلەن ئاتاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: "سىياسىي ئەدەبىيات"، "ئىقتىسادىي ئەدەبىيات"، "ئىلمىي ئەدەبىيات".

**ئانتىكلېرىكال ئەدەبىيات** ئومۇمەن ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي مۇتەئەسسىپلىرىگە، بولۇپمۇ زاھىدلىرىگە① قارشى بەدىئىي ئەدەبىيات شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا لۇتفى، ناۋايى، ئاتايى، ئۇلاردىن كېيىنرەك مەشرەپ قاتارلىق ئەدىبلەر ئانتىكلېرىكال شېئىرلارنى ياراتقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياۋى ئەدەبىياتى شۇنداق ئانتىكلېرىكال ماتىۋلار بىلەن كامال تاپقان ئەدەبىيات ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى، بولۇپمۇ ئەلىشىر ناۋايى دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە، تەركىدۇنياچى، سوپى، زاھىدلارغا قارشى قاتتىق كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى، ئايرىم دىنىي، خۇراپىي چۈشەنچە ۋە چىرىك ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئەيىبلىگەنىدى. ناۋايىنىڭ بىر قاتار لىرىك شېئىر، غەزەللىرى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىكى كۆپلىگەن بابلار ۋە پارچىلار ئانتىكلې-

① زاھىد — دۇنيا ئىشلىرىغا قىزىقماستىن ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان كىشى، دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى، سوپى.

رىكال ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى رۇبائى ناۋايىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ روشەن بىر مىسالى بولالايدۇ.

زاھىد ساڭا ھۇرۇ، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانە كېرەك.
مەيخانە ئارا ساقىيۇ پەيمانە كېرەك،
پەيمانە كېرەك بولسا، تولا يانە كېرەك.

**ئەخلاقىي-تەلىمىي ئەدەبىيات** بۇ كۆپىنچە "دىداكتىك" ئەدەبىيات دەپ قوللىنىپ كېلىنگەن. "دىداكتىكا"غا قاراڭ.

**ئەمەلىيەتلىك ئەدەبىيات** 70-يىللاردىن بۇيان ئەسلىدە گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقلىقىنى ئەينەن خاتىرىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر خىل پروزائىك ژانىر. يازغۇچى ھازىرقى زامان تېخنىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۈنئالغۇ ئارقىلىق زىيارەت قىلىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئىش قوشۇپ، رەتلەپ ئەدەبىي خاراكتېرگە ئىگە تەزكىرە ياكى ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقىشقا قارىتىلغان. سارا كىرش يازغان «قاپلان كۆندۈرگۈچى قىز» بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بەزى ئەسەرلەردە يەنە قويۇق رىۋايەت ۋە فانتازىيە تۈسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئاننا سىگىس يازغان «سەپەردە ئۇچرىشىش» قاتارلىقلار.

بۇ خىل ئەسەرلەر گەرچە ئوبيېكتىپ چىنلىقلىقنى، ئەينەنلىكنى تەكىتلىسىمۇ، يەنە ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي توقۇلمىنى پۈتۈنلەي



چەتكە قاقمايدۇ.

**باللار ئەدەبىياتى** باللارغا قارىتىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر. باللار ئەدەبىياتى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخولوگىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. باللارغا ئاتاپ يېزىلغان شېئىر، ناخشا-قوشاقلار، ھېكايە، چۆچەكلەر باللار ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ.

**بەدىئىي ئەدەبىيات** سەنئەتنىڭ بىر تۈرى. سەنئەت ھايات ۋەقەلىرىنى، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى، تەقى-تۇرقى، پىكىر-خىيالى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، "پەن مەنتىقىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق پىكىر قىلىش بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىيات ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت" (ۋ.گ. بېلىنسكى): سەنئەتنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرى ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا، ھەر خىل ۋاستە (قورال)لەردىن پايدىلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قورالى تىلدۇر. يازغۇچى "تىل ۋاستىسى بىلەن خاراكتېر ۋە مەنزىرىلەر يارىتىدۇ" (م. گوركى).

سەنئەت، جۈملىدىن بەدىئىي ئەدەبىيات تۇرمۇش ۋە ۋەقەلىكنىڭ ئەينەن نۇسخىسى، پاسسىپ تەسۋىرى ئەمەس. يازغۇچى تۇرمۇش ۋە ۋەقەلىككە ئاكتىپ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. تۇرمۇش ۋە ۋەقەلىكتىن پاكىتلارنى تاللايدۇ. ئۇلارنى ئۆز دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئاساسىدا قايتىدىن ئىشلەپچىقىرىدۇ، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئىلغار

ئەدەبىيات مۇقەررەر ھالدا **چوڭقۇر** ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچ ئاساسىي تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار: لىرىك ئەسەرلەر، ئېپىك ئەسەرلەر، دراماتىك ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

**پرولېتارىيات ئەدەبىياتى** بۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا قوللىنىلغان "普罗列塔利 Proletariat ئەدەبىياتى" (普罗文学) نى كۆرسىتىدۇ.

ئەينى زاماندا ماركسىزم يېتەكچىلىكى ئاستىدا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

**تەرجىمە ئەدەبىيات** باشقا بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى بىلدۈرىدۇ، بەدىئىي تەرجىمە ئەدەبىيات ئەسەر مەزمۇنىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى بەدىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەرجىمان ھەر ئىككىلا تىلنى مۇكەممەل بىلىشى، تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرنىڭ خاس بەدىئىي ئىپادىلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىكى ئوخشاش ئىبارىلەرنى تېپىپ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. شېئىرىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش نەسرى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا قارىغاندا ناھايىتى



مۇرەككەپ ئىش، ئۇ بەكمۇ ئىنچىكە ۋە چوڭ ئىجادىي ئەمگەكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەڭ ياخشى شېئىرىي تەرجىمە ئەسەر مۇستەقىل ئىجادىي ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ.

تەرجىمە ئەدەبىياتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ناھايىتى **چوڭقۇر** تەسىرى بولۇپ كەلگەنىدى، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى **تارىخىدىمۇ** تەرجىمە ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن خەنزۇ ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە **رول** ئويناپ كەلمەكتە. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىش جەھەتلىرىدە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ.

**تەرجىمىھال ئەدەبىياتى** مەشھۇر كىشىلەر، ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتى، ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرلەر. مەسىلەن: «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى) دېگەن كىتابتا يۈزلىگەن مەشھۇر ئەربابلار تونۇشتۇرۇلغان.

**تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى** تارىختا سوپىلىق مەزمۇنىدا يېزىلغان ئەدەبىيات. مۇنداق ئەدەبىياتنى سوفىزم، مىستىك ئەدەبىيات دەپمۇ ئاتايدۇ. مىستىك ئەدەبىياتتا غەيرىي تەبىئىي ئالەمگە، ئىلاھ ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە سېغىنىش، كىشىنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنى ئىپادىلەيدىغان دىنىي ئېتىقاد كۆيلىنىدۇ.

**تىياتىر ئەدەبىياتى** ئەدەبىياتنىڭ بىر چوڭ تۈرى. ئۇ،

سەھنىدە ئوينىلىدىغان تىياتىر سەنئىتىگە ئاساس بولغۇچى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىنىڭ سەھنە سۆزى، يەنى دىئالوگ، مونولوگ، ياندىما سۆز، ناخشا تېكىستلىرىدىن ئىبارەت. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك: "دراما پېرسوناژلىرىنىڭ يارىتىلىشى، پەقەت ئۇلارنىڭ سەھنە سۆزىگە تايىنىش ئارقىلىق، يەنى،بايان تىلى ئارقىلىق ئەمەس ساپ ئېغىز تىلى ئارقىلىق بولىدۇ." («پىيېسسە توغرىسىدا») شۇنىڭ ئۈچۈن، پېرسوناژلار تىلىنىڭ تولۇق خاسلاشتۇرۇلۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

توقۇنۇش (كونفلىكت) تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. تىياتىر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلارنى ئاساسىي ۋەقەلىك يىپ ئۇچى قىلىدۇ. زىددىيەت، توقۇنۇش جەريانىنىڭ راۋاجى تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي سۇژېت قۇرۇلمىسى بولىدۇ. دراماتىك توقۇنۇشنى روشەن، گەۋدىلىك قىلىش ئۈچۈن، تۇرمۇشتىكى ئەڭ تىپىك زىددىيەت، كۈرەش ۋە ئىشلارنى تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

تىياتىر ئەدەبىياتى ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ناھايىتى نۇرغۇن ژانىرلارنى شەكىللەندۈرگەن. تىياتىر پېرسوناژلىرى شەكىللەندۈرگەن توقۇنۇش خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇ، تراگېدىيە، كومېدىيە، تراگېكومېدىيە دېگەن



خىللارغا بۆلۈنىدۇ. ئويناش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇ، دراما، مۇزىكىلىق دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق تىياتىر، ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىر دېگەن خىللارغا بۆلۈنىدۇ. ھەجمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ئۇ، كۆپ پەردىلىك دراما، بىر پەردىلىك دراما دېگەن خىللارغا بۆلۈنىدۇ. ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرىگە قاراپ، ئۇ، تارىخىي دراما، زامانىۋى دراما دېگەن خىللارغا بۆلۈنىدۇ.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى** ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇرغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ كەڭ تارقالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، خەلق ئاممىسى ئاغزاكى ئىجاد قىلىپ، ئاغزاكى تارقىتىدۇ، ھەمدە تارقىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز پىششىقلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسەرلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ھېسسىياتىنى ۋە غايىسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ كۈچلۈك خەلقچىللىققا ئىگە. ئۇنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ كەلگەن، نۇرغۇنلىغان داڭلىق يازغۇچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلغان ۋە ئىجادىنى بېيىتقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا ۋە

خىلمۇخىل شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ھېكايەت، داستان، مەشرەپ، قوشاق، ماقال، تەمسىل، ئىدىيوم، ئېيتىشىش، لەتىپە، چاقچاق...قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يەنە "خەلق ئېغىز ئىجادى"، "ئەل ئەدەبىياتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يەنە، ئاتالغۇلارنىڭ "فولكلور" ئىزاھىغا قاراڭ.

**دۇنياۋى ئەدەبىيات** دىنىي-مىستىك ئەدەبىياتقا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراپ، دۇنيا نازۇنېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، ياشاشقا چاقىرغۇچى، ئىنسان ۋە ھايات ئىشقىنى كۈيلىگۈچى ئەدەبىيات. بۇ ئەدەبىيات ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريانىنى ئىگەللەيدۇ، چۈي يۇەن زامانىدىن باشلىغاندا، بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخى بار، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر 10-، 11-ئەسىرلەر بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك»ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرلىرى دۇنياۋى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر ناۋايى، لۇتفى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدەبىيات ئۇستازلىرى ئەدەبىي ھاياتتا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، بۇ سەنئەت ئۇستازلىرى ياشىغان دەۋر ئەدەبىياتى



مۇھىم ھاياتىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي-سىياسىي، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي-تەلىمىي قاراشلىرىنى كۈيلىگەنىدى. دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ «گۈل ۋە نورۇز»، «خازائىنۇل مەئانى»، «خەمسە» قاتارلىق نامايەندىلىرى ھەممىگە مەلۇم.

**دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى** ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى. بۇ شوئارنىڭ تەسىرى بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ئېقىمدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" بۇ شوئارنى بۇرمىلاپ، ھەر خىل جىنايەتلەرنى چاپلىغان بولسىمۇ، تارىخ ئالدىدا بۇ ئەبلەخلەر تېگىشلىك جازاسىنى يېدى، بۇ شوئار ئەينى زاماندىكى ئىلغار شوئارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ساپ ئەدەبىيات** "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت"كە قاراڭ.

**سۇيىقەست ئەدەبىياتى** "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يولغا قويغان، ئىنقىلابىي سىياسىي پروگراممىلارنى بۇرمىلىغان ئەكسىيەتچىل ئەدەبىيات-سەنئەتنى كۆرسىتىدۇ. 1977-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا: "'تۆت كىشىلىك گۇرۇھ' تۇتقان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەممىسى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يېزىش»دىن ئىبارەت بىر يۈرۈش سەپسەتە بولۇپ،

ئۇ پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرىش ياسايدىغان سۇيىقەست ئەدەبىيات-سەنئىتى" دەپ كۆرسىتىلگەن.

**سېلىشتۇرما ئەدەبىيات** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گۈللەنگەن ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى تەتقىقات تارمىقى. ئۇ ئىككىدىن ئوشۇق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رول ئويناش، تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنى، ئەدەبىيات بىلەن باشقا بەدىئىي شەكىللەر ھەمدە ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا ساھەلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرما قىلىپ تەتقىق قىلىدۇ.

**شەھەر ئەدەبىياتى (رېتسارلار ياكى ئاتلىقلار ئەدەبىياتى)** فېئوداللىق جەمئىيەتتە قول سانائەتچىلەر بىلەن سودىگەرلەر سودا-سېتىق قىلىش ئۈچۈن شەھەرلەرگە يىغىلغان. مانا بۇ ۋاقىتتا شەھەر خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر خىل ئەدەبىيات زۆرۈر ئىدى. مەزمۇنى مول شەھەر تۇرمۇشىدا ئائىلە ۋە مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات ھەرقايسى قاتلام شەھەر خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلىپى ئىدى. بۇ خىل ئەدەبىيات ياۋروپادا 11-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىتالىيىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سېرۋانتېسنىڭ «دون كىخوت» رومانى مىسال بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ خىل ئەدەبىيات گەۋدىلىك بولغان.



**كىنو ئەدەبىياتى** بۇ كىنو سېنارىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كىنو فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن يېزىلىدىغان مەخسۇس ئەدەبىي تۈر. ئۇنى سۈرەتكە ئېلىشقىمۇ، كىتابخانلارنىڭ ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندەك ئوقۇشىغىمۇ بولىدۇ.

كىنو ئەدەبىياتى ھېكايە بىلەن درامانىڭ قوشۇلۇشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن كۆرۈش سېزىمى پەيدا قىلىدىغان ئوبرازلىق سەنئەت. ئۇنىڭدا ھېكايە ۋە درامىلارغا ئورتاق بولغان مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ: ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورتاق قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۈرۈش ئۆتكىلى ئارقىلىق ئۆتۈپ، تىلدىن پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىقاندا ھەرىكەت، دىئالوگ ۋە تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىن ئايرىلمايدۇ ۋە تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىدۇ. كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسىغا تەلەپ قاتتىق قويۇلىدۇ. ۋەقەلىك سۇژېتىنىڭ راۋاجىدا زىددىيەت، توقۇنۇشنىڭ قانات يېيىشى تېز بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھېكايە، درامىلارغا ئوخشىمايدىغان مۇنداق تەرەپلىرىمۇ بار: ئەڭ ئاۋۋال، ئۇ پېرسوناژلارنى سۈرەتلىگەندە كۆرۈش سېزىمچانلىقى تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، تاماشىچىلارنىڭ كۆز ئارقىلىق كونكرېت، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازنى بىۋاسىتە كۆرۈش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاندىن قالسا، ئۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەش، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى

دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە، ئاساسەن ھەرىكەتكە — تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئارقىلىق بىۋاستە كۆرەلەيدىغان روشەن پېرسوناژلار ھەرىكىتىگە تايىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ مونتاژ ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ بىر يۈرۈش ئوخشىمايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، چېتىپ بىرلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇكەممەل بەدىئىي كارتىنا قۇراشتۇرۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

كىنو ئەدەبىياتى كىنو سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سۇژېت قۇرۇلمىسنى تەشكىللەپ، كونكرېت كۆرۈنۈش، ھەرىكەت، دىئالوگ(ياكى چۈشەندۈرۈش سۆزلىرى) ھەمدە باشقا تەپسىلاتلارنى يازىدۇ. سۇژېت راۋاجى، پېرسوناژلار ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆرگىلى بولىدىغان ھەرىكەت ۋە كونكرېت ئوبراز ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلىدۇ. تىلى جانلىق، تاۋلانغان، ساز بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

كىنو ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن بىۋاستە يىپ ئۇچى ئېلىش يولى بىلەن بىۋاستە سىنارىيىلەشتۈرۈلىدۇ. بەزىلىرى باشقا ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئاساس قىلىپ ئۆزگەرتىپ سىنارىيىلەشتۈرىدۇ.

**لىرىك ئەدەبىيات** ئەدەبىياتنىڭ بىر چوڭ تۈرى. ئۇ، ئاپتورنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.



ھەجمى ئادەتتە قىسقىراق بولىدۇ، مۇكەممەل پېرسوناژ ئوبرازى ۋە سۇژېت قۇرۇلمىسى بولمايدۇ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

بەزى لىرىك ئەسەرلەر تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ۋە تەبىئىي مەنزىرىلەرنى يازسىمۇ، ئادەم ۋە ئىش ھەرىكەتلەرنى يازسىمۇ، يەنىلا ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. خۇددى بېلىنسكى ئېيتقاندەك: "ساپ لىرىكىلىق ئەسەرلەر، قارىماققا گويا بىر سۈرەتكە ئوخشايدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، ئەمەلىيەتتە سۈرەتتە بولماستىن، بەلكى ئاشۇ سۈرەت بىزنىڭ قەلبىمىزدە پەيدا قىلىدىغان ھېسسىياتتا بولىدۇ"①. لىرىك ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ھەمىشە دېگۈدەك ئاساسىي قەھرىماننىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە جەملىۋالىدۇ. مۇنەۋۋەر لىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات ھامان ناھايىتى زور ئومۇمىيلىقا ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئاساسىي قەھرىماننىڭ ئاغزىدىن ئاپتور ھېسسىياتىنى ۋە خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

لىرىك ئەدەبىيات ئىچىگە بىر قىسىم نەسىر ژانىرى كىرگەندىن باشقا، قالغانلىرى ئاساسەن شېئىرىيەت، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرلار كىرىدۇ.

**مىستىك ئەدەبىيات** تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا ئوخشاش،

---

① «شېئىرنىڭ خىللىرى ۋە شەكىللىرى».

ئاتالغۇلارنىڭ مۇشۇ قىسمىغا قاراڭ.

**مىللەتپەرۋەرلەر ئەدەبىياتى** 1930-يىل 6-ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەدەبىياتچىلىرى — بو يۇەنجاڭ قاتارلىقلار ئەكسىيەتچى ئەدەبىياتنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتكە قارشى بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇلار «مىللەتچىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت خىتابنامىسى»، «ئاۋانگارتلار ئايلىق ژۇرنىلى»، «هازىرقى زامان ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى» قاتارلىق گېزىت، ژۇرناللاردا پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇپ، فاشىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەرغىپ قىلدى، خەلققە قارشى تۇرۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بۇلارنى لۇشۈن بىلەن چۈي چيۇبەي قاتارلىقلار قاتتىق پىپەن قىلغان.

**مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى** لۇشۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات شوئارى، 1936-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ شوئار "پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي ئەتكۈزۈلۈشى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى زاماندا تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى"نى ئىلگىرى سۈردى. بۇ شوئار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىگە بولغان رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، بىرلىك سەپ قۇرۇش ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.



**ئوردا ئەدەبىياتى** ئىلگىرىكى زامانلاردا پادىشاھ ئوردىلىرىدا، خانىنىڭ بەزمىلىرىدە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن مەخسۇس شائىرلار بولاتتى. بۇلار ھەر خىل مەزمۇنلاردا مۇشائىرە، بەدىھىلەر قىلىشاتتى. بەزى شائىرلار خان ئۈچۈن مەخسۇس مەدھىيىلەر يېزىشقان. بۇ خىل ئەدەبىيات ئوردا ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئېپىك ئەدەبىيات** ئەدەبىياتنىڭ بىر چوڭ تۈرى. ئۇ، ئاپتورنىڭ بايانچى سۈپىتى بىلەن سىرتقى شەيئىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئېپىك ئەدەبىيات سىرتقى شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىدۇ، تەسۋىر ئوبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپلىقلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ لىرىك ئەدەبىياتتىكىدەك ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلىشنى ئاساس قىلمىسىمۇ، سىرتقى شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە يەنىلا ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

ئېپىك ئەدەبىيات ئاساسەن بايانچى تىلى بىلەن شەيئىلەرنى تەسۋىرلەپ ئوبراز يارىتىدۇ ھەمدە پېرسوناژلار تىلى بىلەن خاراكتېر سۈرەتلەيدۇ. ئېپىك ئەدەبىيات ئاساسەن سىرتقى شەيئىلەرنى تەسۋىرلىگەنلىكتىن ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، پېرسوناژ، سۇژېت ۋە مۇھىت ئىبارەت بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ قايسى بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ،

پېرسوناژ بىلەن سۇژېت ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېپىك ئەدەبىياتتا بايانچىنىڭ تىلى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، بايانچىنىڭ ئەسەردىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بايانچىنىڭ تىلى "بىرىنچى شەخس بايانى" ۋە "ئۈچىنچى شەخس بايانى" دەپ ئايرىلىدۇ.

ئېپىك ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىر ئوبيېكتى كەڭ، ژانىرى كۆپ بولۇپ، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل، نەسرى شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، ئەسلىمە، ئەدەبىي ئاخبارات، ساياھەت خاتىرىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېپىك تۈرگە كىرىدۇ.

**ئىنقىلابىي ئەدەبىيات** 20-يىللاردىكى پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان، ئىنقىلابىي ئىشچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دېگەن شوئارنى 1923-يىلى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن دېڭ جۇڭشيا، شاۋ چۇنۋي قاتارلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. 1926-يىلغا كەلگەندە گو مورو قاتارلىقلار بۇنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. 1928-يىلى بۇ ھەقتە شاڭخەيدە كەڭ كۆلەملىك مۇزاكىرىلەر يولغا قويۇلدى.

ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دېگەن بۇ شوئار ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ "سول قانات يازغۇچىلار بىرلەشمىسى"نىڭ قۇرۇلۇشىغا شەرت ھازىرلاندى.

**يېڭى ئەدەبىيات** "4-ماي" يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىن



كونىچە ئەدەبىياتقا ئوخشىمايدىغان ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭى ئەدەبىياتنىڭ تىلى خەلق ئاممىسىنىڭ تىلىغا ناھايىتى يېقىن بولغان بەيخۇا بولدى. رېئال تۇرمۇش ۋە كۈرەشلەرنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

"4-ماي" يېڭى ئەدەبىياتى، دەسلەپتە ئاساسەن يەنىلا زىيالىيلار قاتلىمى ئەتراپىغا يېيىلىش بىلەن چەكلەنگەن، ئىشچى، دېھقانلار ئاممىسى ئىچىگە ئومۇملىشالمىغانىدى. لېكىن، يېڭى، تېتىك، جانلىق، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان مەزمۇن ۋە شەكلى بۇ ئەدەبىياتنى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلاشتۇردى.

"4-ماي" يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورلىرى، ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئاپتورلاردا مىللىي ئەنئەنە ۋە ئاممىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سەل قارايدىغان، غەربنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈۋالىدىغان خاھىشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

**ئەدەبىيات تارىخى** بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىي تەسىرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق

تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇددا دىنى ئەدەبىياتىنىڭ كىرىشى ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ
تەرجىمە قىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا خېلى
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

لۇشۈن ئەينى ۋاقىتتا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېلىمىز-
نىڭ ئىلغار ياشلىرى "روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىزنىڭ ئۇستازىمىز
ھەم دوستىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندى. چۈنكى ئۇنىڭ-
دىن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ساپ، ئاق كۆڭۈل روھى، ئېچىنىشلىق
جان تالىششلىرىنى كۆرگەن...شۇ چاغدىكى بۈيۈك روسىيە ئىمپېرد-
يىسىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزى بىزگە ئاپئايدىڭ بولسى-
مۇ، لېكىن ئەدەبىياتتىن بىر چوڭ ئىشنى، دۇنيادا ئىككى خىل
ئادەم ـــ ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچى بارلىقىنى چۈشىنىۋالدۇق"①دەپ
كۆرسەتكەندى. بۇ خىل ئىدىيىۋى ئىلھام ئېلىمىزنىڭ ئەينى
زاماندىكى ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا بەلگىلىك
تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئەدەبىي تەسىر كۆپىنچە ئوبرازلار ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەر
ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. مەسىلەن: ناۋايى ئۆزىنىڭ بۈيۈك
ئەسىرى «خەمسە»نى نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلەۋىلەرنىڭ داستان-

① «جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ يېزىق ئالماشتۇرۇشىنى تەبرىكلەيد-
مەن». «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى،
351 ـ بەت.



لىرىدىن تەسىرلىنىپ ياراتقان. بۇ دېگەنلىك، يازغۇچى ئىلگىرى
ئۆتكەن ئەدىبلەر نېمىنى دېگەن بولسا، نوقۇل ھالدا شۇنى
دوراش دېگەنلىك ئەمەس. ناۋايى ياراتقان داستانلارنىڭ
ئىلگىرىكىلەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەنلىكى ھەممىگە
مەلۇم.

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىمۇ چەت ئەل
ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ گوگول ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرد-
غانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن لۇشۈن چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى
پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېلىمىز يېڭى ئەدەبىياتد-
نىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى بېيىتقان.

**ئەدەبىيات نەزەرىيىسى** ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدد-
لىكى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي رولىغا دائىر قائىدە،
پرىنسىپلار. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تارىختا ئۆتكەن ئەدەبىيات
نەزەرىيىچىلىرىنىڭ مۇئەييەن سىنىپىي مەيدان، كۆز قاراشلىرىغا
ئاساسەن ئەدەبىي پائالىيەتلەرۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر
تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.
ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدكە نىسبەتەن
يېتەكچىلىك رولى بار. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك مىراسلىرى
بار. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دىئالېكتىك ماتېرىيا-
لىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى بىلەن ئەدەبىي پائالىيەت-
لەر ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ پرولېتارىيات

ئەدەبىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ سىنىپىي كۈرەش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئورنى بىلەن رولىنى ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدىدە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بار.

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن يېتىدىغان چىنلىق سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغانلىقتىن، ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەر ۋە ئىشلارغا ئوخشاشلا چىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئوقۇغۇچىلار ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئادەم ۋە ئىشلارنى ئۆز ئەتراپىدا دەپ ھېس قىلىدىغان تەسىراتقا كېلىدۇ ۋە سۈرەتلەنگەن ئوبرازلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرۇپ ئىلھام ئالىدۇ، تەسىرلىنىدۇ ۋە تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بۇ ئالاھىدىلىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چىنلىقىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ.

چىنلىق سەنئەتنىڭ جېنى. ئەدەبىيات تارىخىدا چىنلىق يوق بولغانلىقتىن مەغلۇپ بولماي قالمىغان ئەسەر يوق. ئەدە-



بىياتنىڭ چىنلىقى كۆرۈنۈش ھالەتلىرىنىڭ چىن بولۇشىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىمۇ چىن ئەكس ئەتتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، يازغۇچىلار ھامان مۇئەييەن سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، مۇئەييەن سىنىپنىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە تۇرمۇشنى چۈشىنىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يازغۇچىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋەزىيىتى بىردەك بولسىلا، ھەمدە ئوخشاش بىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىنى چوڭقۇرتونۇيالايدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەزى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشىنىش سەۋىيىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

پرولېتارىيات ئەدەبىياتى يازغۇچىلاردىن تۇرمۇش چىنلىقىنى چىقىش قىلىپ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتىنى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن سىياسىيۋىلىكى ۋە چىنلىقى پۈتۈنلەي بىردەك بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى دېگەنلىك رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم، چىن ئىشلارنىڭ بەدىئىي كۆچۈرۈلمىسى دېگەن-

لىك ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش"ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ يىغىنچاقلىلىقا ئىگە، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى ۋە شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك" («يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»).

**ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقى** بۇ كىشىلەرنىڭ سىنىپىي مەيدانى ۋە سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ سۆز، ھەرىكەتلىرىدە كونكرېت ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خاھىشچانلىقى يازغۇچىنىڭ سىنىپىي مەيدانى ۋە سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ۋە پېرسوناژلارغا قارىتىلغان مۇھەببەت ياكى نەپرەت پوزىتسىيىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەربىر سىنىپنىڭ يازغۇچىلىرى تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تېما تاللاش، باش تېمىنى تاۋلاش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش...قاتارلىقلاردا ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان باھاسىنى ئىپادىلەپ، مۇئەييەن سىنىپنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە سىياسىي خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پرولېتارىيات ئەدەبىي ئەسەرلەردە روشەن خاھىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇشقا قارىتا كۈچلۈك پرولېتارىياتلىق مۇھەببەت ياكى نەپرەتتە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق خاھىشچانلىق ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس



ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بولۇشى، يەنى بەدىئىي پېرسوناژلارنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەش ئارقىلىق گەۋدىلىنىشى لازىم. خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك: "مېنىڭچە، خاھىش كۆرۈنۈشلەر ۋە ۋەقەلىكتىن تەبىئىي كۆرۈنۈشى، ھەرگىز ئۇنى كۆرسىتىپ بەرمەسلىك لازىم" («م. كائۇتسكىغا»)

**ئەدەبىياتنىڭ دەۋر روھى** بۇ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ تارىخ تەرەققىياتى يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ، تارىخنى ئىلگىرىلىتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىدىيە ۋە كۈچنى كۆرسىتىدۇ. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەۋر روھى مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى تارىخنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي روھ بولۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىدا بار بولغان، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېسسىيات، ئىرادە، تەلەپ ۋە غايىلەردىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى دەۋر روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى لازىم. ھازىر مەملىكىتىمىز كەمبەغەللىكتىن باي بولۇشقا قاراپ چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ تەرەققىي قىلىش يېڭى تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. كەڭ خەلق ئاممىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنى، يۇكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا.

مانا بۇ، ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى دەۋر روھىدۇر. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات مانا مۇشۇ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، مۇشۇ دەۋرىمىزنىڭ دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى تولۇق يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر دىل-بىر نىيەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

**ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى** بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىپادىلىگەن مۇئەييەن سىنىپىي مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، پوزىتسىيە، ھېسسىيات ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئەييەن سىنىپنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىيلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى يازغۇچىنىڭ سىنىپىيلىكى ۋە ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ سىنىپىيلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچى مۇئەييەن سىنىپقا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسى، سۆز-ئىبارىلىرى، ھەرىكىتى ئۆز سىنىپىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرىنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ھامان مۇئەييەن سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، مۇئەييەن سىنىپنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق، مۇئەييەن سىنىپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۇرمۇشنى كۆزىتىدۇ،



تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ، تۇرمۇشنى چۈشىنىدۇ ۋە تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ سىنىپىيلىكتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇرەككەپ بولىدۇ: بەزى ئەسەرلەرنىڭ سىنىپىيلىكى بىرقەدەر بىۋاستە، ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىرقەدەر ئەگرى-توقاي، تۇتۇقراق بولىدۇ. (مەسىلەن: مەنزىرە شېئىرلىرى، بەزى قوشاقلار). بەزى ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ سىنىپىي قاراشلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ، بەزىلىرىدە بولسا ئاپتورنىڭ ئۆز سىنىپىي قاراشلىرى قىيپاشراق، تۇتۇقراق ئىپادىلىنىپ باشقا سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرلىرىمۇ قىستۇرۇلغان بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى قاراشلار بىلەن ئاپتورنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى بىردەك بولمايدىغان، ھەتتا قارىمۇقارشى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سىنىپىيلىكىنى تەھلىل قىلغاندا ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، كونكرېت ئەسەرلەرگە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم.

**ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيۋىلىكى** بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سىياسىي خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ سىياسىي مەيدانى، سىياسىي كۆز قارىشى ۋە سىياسىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئىپادىلىنىشى. سىنىپىي جەمئىيەتتە،

يازغۇچى مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئۆز سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆز سىنىپىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۆز سىنىپىنىڭ قىياپىتى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرنى مۇئەييەن سىياسىي خاھىشقا ئىگە قىلىدۇ. پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ سىياسىيۋىلىكى، ئاساسەن يېڭى پېرسوناژلارنى، يېڭى دۇنيانى تەسۋىرلەش ۋە مەدھىيىلەشتە، چىرىگەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى پاش قىلىش ۋە زەربە بېرىشتە، پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار كۈچىنىڭ بارىچە "ساپ سەنئەت" قارىشىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي خاھىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاتالمىش "ساپ سەنئەت" كۆز قارىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي خاھىشىنى نىقابلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شۇنى ئىقرار قىلىش كېرەككى، بەزى ئەسەرلەردە روشەن سىياسىي خاھىش بولمايدۇ، ئۇنداق ئەسەرلەردىن ئوخشىمىغان سىنىپلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە زوقلىنىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: بەزى تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىر، نەسىر قاتارلىقلار.

**ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى**

بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي



تۇرمۇشتىكى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسقۇن بولۇش رولىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. بىراق، ئەكس ئەتتۈرۈش ھەرىكەتسىز، پاسسىپ بولماستىن، ھەرىكەتچان، ئاكتىپ بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىياتنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما، ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن ھامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەكس رول ئويناپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىلگىرىلىتىش ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي رولى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا رول ئويناش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. يەنى، ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىغا، ئاندىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئىجتىمائىي رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئىلغار ئەدەبىيات، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات كىشىلەرگە ئاكتىپ، تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ، يېڭى ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ياردەم بېرىپ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. رېئال تۇرمۇشنى بۇرمىلىغان ئەكسىيەتچىل، چىرىك ئەدەبىيات كىشىلەرنى زەھەرلەش رولىنى ئويناپ كونا ئىقتىسادىي بازىسنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز ئار-
قىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىل-
مايدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نەزەرىيىسىگە ئوخشاش ئۇقۇم،
ھۆكۈم ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلماستىن، بەلكى، جانلىق
بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ،
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىش ئارقىلىق
ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەكسى رول ئويناپ ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ
ئالاھىدە ئېستېتىكىلىق تەربىيىۋى رولىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ بۇ
خىل ئېستېتىكىلىق تەربىيىۋى رولىنى كونكرېتلاشتۇرغاندا مۇنۇ-
لاردىن ئىبارەت: (1) تونۇتۇش رولى. يەنى، مۇئەييەن رېئال
تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر
ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى تونۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.
(2) ئىدىيىۋى تەربىيىلەش رولى. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتە-
مائىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەندە ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسە-
ياتىنى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچە-
لارغا تۇرمۇشنى تونۇتۇش بىلەن بىر چاغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا
بولغان كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (3)
ئېستېتىكىلىق تەربىيىلەش رولى. يەنى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي
ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب بەدىئىي ھەۋسى ۋە ئېستېتىك
قابىلىيىتىنى تەربىيىلەيدۇ ھەم ئۆستۈرەلەيدۇ.

**ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيىۋىلىكى** بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەس-



ۋىرلەنگەن بارلىق پېرسوناژلار گەۋدىلەندۈرگەن ئىدىيىۋى ئەھ-
مىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىدىيىۋىلىكنىڭ
يۇقىرى ۋە تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ. ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنىڭ
يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەسەردە
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئارقىلىق بەل-
گىلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى قانچە ئىلغار بولسا،
رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلىشىمۇ شۇنچە گەۋدىلىك،
چوڭقۇر بولىدۇ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىمۇ شۇنچە كۈچلۈك
بولىدۇ.

پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشنى،
رېئال تۇرمۇشقا ئاساسەن يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك
ئۆزئارا بىرلەشكەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ خەلقنى كوممۇنىس-
تىك ئىدىيىدە تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت** ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ قوشۇپ
ئاتىلىشى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تىل سەنئىتى
بولۇپ سەنئەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ
ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنى قوشۇپ "ئەدەبىيات ـ سەنئەت" دەپ
ئاتاپ ئادەتلەنگەنلىكى، ئەدەبىياتنىڭ پۈتكۈل سەنئەت ئىچە-
دىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئۇ بىر
تەرەپتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەڭ تەسىرگە ئىگە بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن ھەممىشە باشقا سەنئەتنىڭ ئايرىلماس تەشكىلىي
قىسمى بولىدۇ. مەسىلەن: ناخشىلارنىڭ تېكىستى ئەدەبىياتنىكى

شېئىردۇر. سەھنە تىياتىرلىرىدىكى درامانىڭ ئەسىرىمۇ ئەدەبىياتتۇر.

**ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى** مەلۇم تارىخىي دەۋردە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەيدانغا چىققان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىۋى خاھىشى.

ھەربىر تارىخىي دەۋرنىڭ بىر خىل ئەدەبىيات پىكرى ئېقىمى بولىدۇ. مەسىلەن: ياۋروپادا 16 — 17-ئەسىرلەردە كلاسسىزم، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزم قاتارلىق پىكىر ئېقىملىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

ئېلىمىزدە "4-ماي" دەۋرىدە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى مەيدانغا كەلگەنىدى.

**ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىق** ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەر خىل ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان پەن. ئۇ "ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەننىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخى، ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىيات-



سەنئەت نەزەرىيىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەيدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى ۋە كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتتىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىدۇ ھەمدە ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدى بولسا ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوللىنىپ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىق، پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىگە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلىمدۇر.

**ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشى (ئويغىنىشى)** ياۋروپادا 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان جەريانلاردا مەيدانغا كەلگەن بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىدىيە-مەدەنىيەت ھەرىكىتى. بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى بۇ ھەرىكەتنى "ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى" دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋردە گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنى داڭلاش نامى بىلەن ئىنسان-

پەرۋەرلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان. دىنىي زاھىدلىققا قارشى تۇرغان. دىنىي تۈستىكى ئەقىدە، ھوقۇقلارنى ئاغدۇرۇشقا جامائەت پىكرى تەييارلىغان.

**ئەدەبىيات-سەنئەتتە قارا يىپ دىكتاتۇرىلىقى نەزەرىيىسى** "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان ئەكسىيەتچى سەپسەتىلەرنىڭ بىرى، ئۇلار 1966-يىلى قۇراشتۇرغان «قىسىملار ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسى» بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" بۇ سەپسەتىسى ئارقىلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى خاراب قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ فاشىستىك فېئودالىق ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار 17 يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەتنى ھاقارەتلەپ، شانلىق نەتىجىلەرنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار 17 يىللىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى "قارا نەزەرىيە"، "بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى"... دېدى. بارلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى "خائىنلار" دېدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. بارلىق ياخشى ئەسەرلەرنى "زەھەرلىك چۆپ" دەپ جاكارلىدى.

**ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش** بۇ، 1980-يىلى 7-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭ-



شاشتا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتلىرىمىزنىڭ باش شوئارى. "ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بىر ئۇچۇم دۈشمەن ئۇنسۇرلاردىن باشقا بارلىق خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بارلىق سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەنلىك، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر ساھە ئىشلىرىمىزنىڭ تۈپ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ھازىرقى كۈندە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر" («خەلق» گېزىتىنىڭ 1980-يىل 26-ئىيۇل باش ماقالىسى: «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى»دىن).

ئەدەبىيات-سەنئەتنى "ئىككى ئۈچۈن" خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى يېڭى دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت "مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن" خىزمەت

قىلىشنى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى، شۇنداقلا يەنە يولداش ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەت "خەلق ئاممىسى ئۈچۈن" خىزمەت قىلىشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن "ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن" دېگەن بۇ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىدىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىنى دىئالېكتىكلىق بىرلەشتۈرۈپ، "سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ باش شوئارى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى قىلىپ، بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى مۇئەييەن سىنىپىي كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مۇئەييەن سىياسىي ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىش لازىم"لىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىللەتلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلارغا دەۋرگە يۈزلىنىش، خەلققە يۈزلىنىش، خەلق ئاممىسىنىڭ سادىق سۆزلىگۈچىلىرىدىن بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگىمۇ پايدىلىق.

**ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى** ماركسىزم شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانى مۇرەككەپ، شۇنداقلا قانۇنىيەتلىك بىر جەريان. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەر خىل تاشقى ۋە ئىچكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بەزى ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى بار. بۇ ئامىللار



ئىچىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى — ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي. بۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىشتە ئەڭ ئاساسىي ئاچقۇچ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخى كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىش تارىخى، جەمئىيەت تەرەققىياتى زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ تارىخى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتى جەريانىدا، سىنىپىي كۆرەشلەر جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا راۋاجلىنىدۇ، ھەر قېتىملىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش راۋاجلىنىپ بىر يېڭى باسقۇچقا يەتكەندە ئەدەبىياتنى يېڭى ئىپادىلەش ئوبيېكتى ۋە يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە سىنىپىي مەزمۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر دەۋردىكى ئەدەبىيات مەزمۇنىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ھەر خىل ئەدەبىيات پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ گۈللىنىشى-زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئالمىشىشى بىر خىل تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە سىنىپىي كۆرەشنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ ئىنكاسى. مەسىلەن: ئالايلى، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە سىنىپىي كۆرەش ۋەزىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەدەبىياتنى يېڭىلاش بويىچە بىر قاتار ھەرىكەتلەر مەيدانغا چىقتى.

ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ژانىرلىرى — ھېكايە، رومان، تىياتىر، گەرچە قەدىمكى زامانلاردىلا بىخ تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن بولدى. كونا ئۇسلۇبتىكى نەرسىلەر يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە يارىمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا ھەجمى تېخىمۇ چوڭ بولغان، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان بىر خىل ئەدەبىيات ژانىرى ۋە شەكلى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشلىرىدىكى سەۋەبلەر مۇرەككەپ، ئۇ ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش قاتارلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنى پەقەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى، ھەممىدە مۇئەييەن دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرگەندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. خۇلاسىلىگەندە، ئەدەبىيات، سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى مەۋجۇت، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش،



جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئۈچۈن شەرت بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيىتىمۇ بار.

**ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر يۆنىلىشى** بۇ يۆنىلىش 1942-يىل "يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنى" مەزگىلىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى، ئاممىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ھەر خىل ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: "بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر پايدىلىنىدۇ".

بۇ يۆنىلىشتە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئىچىگە، ئەمەلىي كۈرەش ئىچىگە بېرىشى، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشى، جەمئىيەتنى كۆزىتىش جەريانىدا ئۆز مەۋقەسىنى پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسى تەرىپىگە يۆتكىشى؛ ئىدىيە، ھېسسىياتتا خەلق بىلەن بىر بولۇپ كېتىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشچان تۇرمۇشنى ئىپادىلىگەن، خەلق ئاممىسى ئوڭاي قوبۇل قىلالايدىغان، خەلق ئاممىسى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنى

دىئالېكتىكىلىق ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنغان.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بۇ يۆنىلىش بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى زور تەربىيە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلغان ئىدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەرگەن. بىزنىڭ بۈگۈنكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇلۇغ كۈرەشلىرىمىز جەريانىدىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئاشۇ يۆنىلىشنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، پارتىيىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئاممىسى ۋە سوتسىيالىزمغا قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قانداق مۇھىم رول ئويناش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى.

**ئەدەبىياتشۇناس** ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىيات تارىخىي، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىگۈچى، مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى.

**ئەدەبىياتشۇناسلىق** ئاتالغۇلارنىڭ "ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىق" ئىزاھىدىن پايدىلىنىڭ.

**ئەدەبىيات ئىنقىلابى** 1919-يىلى "4 ماي"ھەرىكىتى ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. "4-ماي"ھەرىكىتى يالغۇز جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىدىكى يېڭى ئىدىيىنىڭمۇ باشلىنىشى بولدى. ئۇ، فېئودال-



لىق ئەدەبىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەتتە رېئالىزمنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، خەلق تۇرمۇشىنى خەلق تىلى بىلەن يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

**ئەدىب** (ئەرەبچە اديب سۆزىدىن. كۆپلۈكى ادبا) — تەربىيىچى، مۇئەللىم، ئەدەبىياتچى، يازغۇچى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان ئەھمەد يۈكنەكى «ھىببەتۇلھەقايىق» دېگەن ئەسىرىدە "ئەدىب" ۋە "ئەدەب" ئاتالغۇلىرىنى تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلەتكەن:

ئەدىب ئەھمەد ئەيتتىم ئەدەب-پەند سۆزۈم،
سۆزۈم بۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم.

"ئەدىب" دېگەن سۆز ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا. بۇ ئاتالغۇ كەڭ مەنىدە، ئومۇمەن، "سۆز سەنئەتكارى" (يازغۇچى، شائىر)، تار مەنىدە "نەسرى ئەسەر ئاپتورى" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئەسلىمە** پروزىنىڭ بىر تۈرى. بايان ۋە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ ياكى پىششىق تونۇشىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى، ئىدىيە تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ يازىدىغان ئېپىك ئەسەر.

ئەسلىمە بايان ۋە تەسۋىر ئارىلىقلىرىغا ئاپتور مۇھاكىمىلىرىنى قىستۇرىدۇ، ياكى بايان قىلغاچ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئاپتورنىڭ

پوزىتسىيىسى بىلەن ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەسلىمە مەزمۇن ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئادەمنى يېزىش ئاساس قىلىنغان ئەسلىمە ۋە ئىش-ۋەقەلەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان ئەسلىمە دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئادەمنى يېزىش ئاساس قىلىنغان ئەسلىمىدە پېرسوناژنىڭ بىرقەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ، ياكى مەلۇم بىر مۇھىم تارىخىي دەۋر ۋە تارىخىي باسقۇچتىكى ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئىش-ۋەقەلەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان ئەسلىمىدە مەلۇم بىر تارىخىي مەزگىلدىكى تارىخىي پاكىتلار بايان قىلىنىدۇ، ياكى، مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ باشلىنىشتىن ئاياغلاشقانغىچە بولغان جەريانى، ياكى مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، مەلۇم بىر ئۈزۈندىسى يېزىلىدۇ.

ئەسلىمىنىڭ ھۆججەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ خاتىرىلەنگەن پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلەر چوقۇم راست، ھەقىقىي ئۆتكەن، بولغان بولۇشى لازىم. توقۇشقا، ئۆزگەرتىشكە ۋە بۇرمىلاشقا بولمايدۇ.

**ئىنقىلاب ئەسلىمىلىرى** يېڭى تىپتىكى بىر خىل ئەسلىمە تۈرى. ئۇ ئەدەبىي شەكىل بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىنىڭ پاكىتلىرىنى، ياكى پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئىش، پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ تەسۋىرلەپ، ئوخشاش



بولمىغان تەرەپلەردىن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى قايتا كۆرسىتىپ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى كۈيلىمەكتە.

ئىنقىلاب ئەسلىمىلىرىنىڭ ھۆججەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، خېلى يۇقىرى تارىخىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇ پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ۋە ئىنقىلاب تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئوبدان دەرسلىك بولماقتا. «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» ھەم «قىزىل بايراق لەپىلدەيدۇ» مەجمۇئەلىرى ئەنە شۇنداق ئىنقىلاب ئەسلىمىلىرىنىڭ توپلىمى.

**ئەقلىيە سۆز** ئاتا-بوۋىلارنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ھېكمەتلىك سۆز، ئىبارىلىرى. ئەقلىيە سۆزدە تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك ۋە مەنتىقىي تەرەققىياتى چۈشىنەرلىك قىلىپ يىغىنچاقلاپ بېرىلگەن. مەسىلەن: ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

بىلىم كىشىنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بىلىمسىز كىشى خۇددى مېۋىسىز دەرەخقە ئوخشاش،

**باخشى** (موڭغۇلچە، باخشا، ئۇستاز، مەرىپەتچى سۆزىدىن) ئۆتمۈش زامانلاردا خەلق ئىچىدىكى داستان ئېيتقۇچى، قەسىدىلەرنى يادقا ئوقۇيدىغان سەنئەتكار. خەلق ئىچىدە باخشى ئاتالغۇسى شامان، قۇشناچ، پېرىخون مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. قازاق، قىرغىزلاردا بۇ ئاتالغۇ ھازىرمۇ ئەپسۇنگەر، داخان (دۇئاخان)، پېرىخون مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ، ئۆتمۈشتە باخشى سۆزى دەرۋىش،

جەرراھ، كاتىپ، شامان، داستانچى مەزمۇنلىرىدا قوللىنىلغان. بىراق خەلقلەر ئارىسىدا داستان كۈيلىگۈچى سەنئەتكار مەنىسىدە باخشى بىلەن پاراللېل ھالدا باشقىچە ئاتالغۇلارمۇ قوللىنىلغان.

**بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش** بۇ فاڭجېن 1956-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ فاڭجېن يېتەكچىلىكىدە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پەن-مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى زور يۈكسىلىشكە ئىگە بولغانىدى. 1966-يىلىدىن كېيىن "بىرلا گۈلنى ئېچىلدۇرۇش" قاتارلىق سەنئەت ۋە ئىلىم-پەنگە قارشى "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئوتتۇرىغا قويغان خاتا لۇشيەن تەرەققىياتىمىزنى بوغدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس بەستە سايراش" فاڭجېنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ئوڭۇشلۇق ۋە ياخشى ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بەردى. بۇ فاڭجېن پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىدە قايتىدىن مۇنداق ئىزاھلاندى:

"بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" — پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي فاڭجېنى. بۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق مۇنداق ئىككى نۇقتا بار.



بىرىنچى، ئۇنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىستىك ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتەك باش نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت، "ئېچىلىش-سايراش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدىيىۋى كۈرەشتىن ۋاز كېچىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ سىنىپىي ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە ئىدىيىۋى كۆرەشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى جەھەتتە، "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" دېگەن كونا ئۇسۇلغا زادىلا ئوخشىمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇزاق مۇددەتلىك، ئاساسىي فاڭجېن، بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن گۇمانلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كەلگەن كاشىلىلار ۋە بۇرمىلاشلارنى باھانە قىلىپ، ئۇنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئېچىلىش-سايراش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەڭ پايدىلىق بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ فاڭجېنىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى، ئالاھىدە قانۇنىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلگەنلىكىدىندۇر. سەنئەت ۋە ئىلىم-پەندىكى ھەق-ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش مۇرەككەپ مەسىلە.

بەزىدە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزگەندىلا ھەق-ناھەقنى ئايرىغىلى بولىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىر خىل نازۇك، مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك. ئۇ ئادەتتىكى سىياسىي خىزمەتكە قارىغاندا دېموكراتىك مۇزاكىرىلىشىش ۋە ئەركىن مۇسابىقىلىشىش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ موھتاج بولۇپ، مەمۇرىي ۋاستە بىلەن ئاددىيلا بىر ياقلىق قىلىپ قويۇشنى زادىلا قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇسۇلنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكىنى ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىگە قارىتا، "ئېچىلىش-سايراش" فاڭجېنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە①.

**بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما** بازىس جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق، سەنئەت، دىن قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر، شۇنىڭدەك بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سىياسىي، قانۇن قاتارلىق مۇئەسسەسەلەردىن ئىبارەت.

ماركسىزم بازىسنى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت-

① «خەلق» گېزىتىنىڭ 1985-يىل 7-يانۋاردىكى سانىغا بېسىلغان. بۇ «تارىم»نىڭ 1985-يىللىق 3-سانىدا بېسىلغان «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش توغرىسىدا» دېگەن قىسمىدىن ئېلىندى.



لىرىنىڭ يىغىندىسى دەپ قارايدۇ. بازىس ئىقتىسادىي جەھەتتە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۈستقۇرۇلما بولسا سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق ئىدىيىلەر بىلەن جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناسىپ سىياسىي، قانۇن مۇئەسسەسىلىرىنى بەرپا قىلىدۇ.

بازىسنىڭ خاراكتېرى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۈستقۇرۇلمىمۇ ياكى تېز، ياكى ئاستا ئۆزگىرىش ياسايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈستقۇرۇلما بازىسنى پاسسىپ ھالەتتىلا ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى بازىسقا نىسبەتەن ئەكسى رول ئوينايدۇ، ھەتتا، مۇئەييەن شارائىتتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

كونا ئۈستقۇرۇلما كونا بازىسنى قوغداپ، يېڭى بازىسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يېڭى ئۈستقۇرۇلما بولسا يېڭى بازىسنىڭ تىكلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئېكسپىلاتاتورلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا، ئوخشىمايدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى

قوللىنىلىدۇ.

ئوبراز ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە يەنە ئىقتىسادىي بازىسقا نىسبەتەن ئەكسى رول ئوينايدۇ، ھەمدە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئۈستقۇرۇلما ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات، ئۇنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي بازىسقا نىسبەتەن باشقا ئۈستقۇرۇلمىلارغا، مەسىلەن: سىياسىي، قانۇن... لارغا سېلىشتۇرغاندا "يەنىمۇ يۇقىرى كۆك بوشلۇقىدا ئېسىلىپ، لەيلەپ تۇرغان بولىدۇ" (ئېنگېلسنىڭ 1890 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ك. سىمىتكە يازغان خېتى»)ئۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدا، پەقەت سىياسىي ئارقىلىقلا ۋاستىلىك مۇناسىۋەت پەيدا بولىدۇ. ئۇ سىياسىي، قانۇنغا ئوخشاش ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭلا ئۆزگىرىش ياسىمايدۇ.

**باللادا** (ئىتالىيانچە ئويۇنغا چۈشمەك سۆزىدىن) لىرو-ئېپىك شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرى، كىچىك سۇژېتلىق شېئىردىن ئىبارەت بولغان باللادا شائىر ھېس تۇيغۇسىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ كەچۈرمىلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ۋەقەلەرنىمۇ ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر فرانسۇز، ئىسپان، ئىتالىيان ئەدەبىياتىدا دەسلەپ خور بولۇپ ئېيتىلىدىغان لىرىك ناخشىلار "باللادا" دەپ ئاتالغاندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا فانتازىيىلىك تارىخىي مەزمۇنلاردىكى، ياكى قەھرىمانلىق خاراكتېرىدىكى



سۇژېتلىق كىچىك شېئىرلارمۇ(مەسىلەن: روبىن گود توغرىسىدىكى ئىنگلىز خەلق باللادىسى) باللادا دېيىلگەن.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى مەشھۇر شائىرلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ مۇنەۋۋەر داستان، باللادىلارنى يازغان. «مۇلەن قىز توغرىسىدا باللادا» بۇنىڭ بىر ياخشى ئىسپاتى. رۇس ئەدەبىياتىدا. ئا. ژۇكوۋسكىنىڭ «سۋېتلانا»، «لىيۇدمىلا» ناملىق باللادالىرى مەشھۇردۇر. سوۋېت ئەدەبىياتىدا (شېئىرىيىتىدە) قەھرىمانلىق خاراكتېرىدىكى بىرەر ھاياتى ئېپىزوتنى تەسۋىرلىگۈچى كىچىك سۇژېتلىق شېئىر باللادا دېيىلىدۇ، سوۋېت رۇس يازغۇچىلىرىدىن تىخونوۋ، سىمونوۋ، مارشاك ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىدىن خەمت ئالىمجاننىڭ «جەڭچى تۇرسۇن» ناملىق باللادىسى، شەيخ زادە (مۇھەممەت توپچى) قاتارلىقلارنىڭ باللادىسى شۇنداق شېئىرلار جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە باللادا ژانىرىغا ت. ئېلىيېۋنىڭ «ئىگىلىك سۇ»(1962 - يىل)، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «قىزىلگۈل» (1980 - يىل)، ت. ئالماسنىڭ «قىز ۋە شامال»(1961 - يىل)، ر. قاسىمنىڭ «كەپىدە»، بوغدا ئابدۇللانىڭ «چوغلۇق باللادىسى» قاتارلىقلار ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ.

**بالېت** تىياتىر سەنئىتى تۈرلىرىدىن بىرى، ئۇسسۇلغا ئاساسلانغان مۇزىكىلىق - دراماتىك سەھنە ئەسىرى. "ئۇسسۇللۇق تىياتىر" ئىزاھىدىن پايدىلىنىڭ.

**باللار چۆچىكى** باللارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە

تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۆچەكلەر. باللار چۆچەكلىرى باي تەسەۋۋۇر، خىلمۇخىل ئوخشىتىش ھەم فانتازىيەلەشكەن بىر خىل ئەدەبىي شەكىلدۇر.

باللار چۆچەكلىرىدە ئۈمىدۋارلىق ھەم قەھرىمانلىق ئوبرازلار ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە ئىنتىلىش ئارزۇسىغا بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ياش ئۆسمۈرلەر بۇ خىل چۆچەكلەر بىلەن ئىدىيىدە ئىلغار، ئەل-يۇرتىنى، ئەمگەكنى سۆيىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ،

**باياز** (ئەرەبچە) شېئىرلار توپلىمى. بۇنداق توپلاملار، كۆپىنچە، بىرقانچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. "باياز" شائىرلارنىڭ ئۆزى، ياكى ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى تەرغىپ قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، خۇسۇسەن 19-ئەسىردە ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىداكۆپلىگەن بايازلار تۈزۈلگەنىدى. بۇ بايازلارنىڭ بىر قىسمى قول يازما، ياكى كېيىنكى يىللاردا لىتوگرافىيىدە① بېسىلغان نۇسخىلىرى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. بەزى بايازلار بىرەر شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى توپلىمى شىنجاڭ

① تاش باسما. 1. تاش باسما بىلەن بېسىش ئۇسۇلى؛ 2. شۇ ئۇسۇلدا بېسىلغان ئەسەر؛ 3. شۇ ئۇسۇلدىكى كىتاب ۋە شۇنىڭدەك كارخانا، سېخ، تاش باسمىخانا.



ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەر خىل ناملار بىلەن نەشر قىلىندى. مەسىلەن: شائىرىمىز رەھمەتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شۇنىڭدەك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ نەشرگە تەييارلىغان «غەزەللەر» (ناۋائىينىڭ) ناملىق توپلاملار كىتابخانلىرىمىزغا يېقىندىن تونۇش.

**بايان** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت قاتارلىقلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ، تاپشۇرۇلىدۇ، بايانسىز ئەسەر پۈتمەيدۇ.

**ئاپتور بايانى** پېرسوناژ، ۋەقە-ھادىسىلەرنى يېزىش بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك: بىرەر ئىشنى بايان قىلىشتا پېرسوناژ، ۋەقە، ۋاقىت، ئورۇن، سەۋەب ھەم نەتىجىدىن ئىبارەت ئالتە ئامىل ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى كېرەك، بۇلار باياننىڭ ئامىللىرىدۇر. ئاپتور بايانى، ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكلەرگە، پېرسوناژلارغا قارىتىلغان بىۋاسىتە كۆز قارىشىغا ئېيتىلىدۇ.

**بىرىنچى شەخس بايانى** "مەن" ئارقىلىق ۋەقەلىكنى بايان قىلىش، ياكى "مەن"نىڭ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇپ تەسۋىرلەش بىرىنچى شەخس بايانى بولىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى. "مەن" ئاپتورنىڭ ئۆزى بولۇشىمۇ، ياكى توقۇلغان پېرسوناژ بولۇشىمۇ مۇمكىن. "مەن" ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژ سالاھىيىتىدە قەھرىمان پېرسوناژ بولۇشىمۇ،

قوشۇمچە پېرسوناژ بولۇشمۇ مۇمكىن. ئېپىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە (مەسىلەن ھېكايىلەردە) بۇ خىل بايان قوللىنىش بەزىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا(مەسىلەن: شېئىرلاردا)بۇ خىل بايان ئۇسۇلى ھامان كۆپ ۋە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ياخشى يېزىلغان بىرىنچى شەخس باياندىكى ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلارغا سەممىي، تەبىئىي، چىن بىلىنىدۇ.

**پاراللېل بايان** بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنى بىرلا باب ياكى بىر ئابزاس ئىككى قاتلامدا بايان قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ئوك بايان، تەتۈر بايانلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئاساسەن كىنو، تېلېۋىزىيە سېنارىيەلىرىنى يازغاندا سۈرەتكە ئېلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تەتۈر بايان** ئاۋۋال بىرەر ۋەقەنىڭ نەتىجىسى، زىددىيەت تۈگۈنۈشىنىڭ ھەل قىلىنىشى (يېشىمى) بايان قىلىنىپ، ئاندىن شۇ ۋەقە ھەم زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى بايان قىلىنىشى تەتۈر بايان دېيىلىدۇ. مۇنداق ئۇسۇلدىكى بايان قىلىشنى "چېكىنمە بايان" دەپمۇ ئاتايدۇ.

**قىستۇرما بايان** مەركىزىي ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانىدا مەركىزىي ئىدىيە ياكى پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىر ۋەقە، ياكى پارچىلارنى قىستۇرۇپ بايان قىلىش — قىستۇرما بايان دېيىلىدۇ.

**ئوك بايان** شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ (ۋەقەنىڭ پەيدا



بولۇش، راۋاجلىنىش، ئاياغلىشىش جەريانى) ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن مۇئەييەن ماكان ئىچىدە بايان قىلىش — ئوك بايان دېيىلىدۇ.

**ئۈچىنچى شەخس بايانى** ئەدەبىي ئەسەرلەردە (بولۇپمۇ ئېپىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە) بۇ خىل بايان ئۇسۇلى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا، ئاپتور ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژ سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۈچىنچى شەخس بايانى ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ كەڭ، مول قىلىپ يازغىلى بولىدۇ. بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر ۋە بىرمۇنچە پېرسوناژلارنى، ئۇلارنىڭ ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىرىنى بىمالال تەسۋىرلىگىلى بولىدۇ.

**يوشۇرۇن بايان** ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەسۋىر ۋە بايان قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پېرسوناژلىرى ۋە ۋەقەلىكلەرگە بېرىدىغان بېشارىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل پېرسوناژلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى ھەمدە ۋەقەلىك پەيدا بولۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلايدۇ. ئۇ كومپوزىتسىيىنىڭ جىپسىلىشىپ كېلىشىگە، ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىلىقلىقىغا ياردەم بېرىدۇ.

يوشۇرۇن بايان دراما ئەسەرلىرىدە "يوشۇرۇن سۇژېت (لىنىيە)" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ۋەقەلىك يىپ ئۇچى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، يوشۇرۇن بايان (ياكى يوشۇرۇن سۇژېت) ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىنكاسىنىمۇ ئېنىق تاپشۇرۇش كېرەك.

**بەدىھە** مەخسۇس تەييارلىقسىز، بىراقلا ئېيتىلغان سۆز، شېئىر. بۇ هال سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرىدا، ئۇيغۇر رومان، هېكايىلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر هازىرقى زامان يازغۇچىسى قەييۇم تۇردى يازغان «قىزىل تاغ باتۇر-لىرى» ناملىق پوۋېستىنىڭ «تاغ مەشرىپى» دېگەن قىسمىدىكى مۇنۇ ئېيتىشىشنى بەدىهەنىڭ ئوبدان مىسالى دېيىشكە بولىدۇ:

ئايىمگۇل:

ئېگىز تاغدا كۆرۈنگەن،
كۇمۇشمىكىن، قارمىكىن؟

ئابلىكىم:

كۇمۇش سۇنى ئېپكېلىشكە،
غەيرىتىڭىز بارمىكىن؟

خەلق قوشاقلىرى، لەپەرلىرى، كۆپىنچە "بەدىهە" تەرزىدە يارىتىلىدۇ. خەلق شائىرلىرىنىڭ هازىر جاۋابلىق بىلەن قىلىدىغان ئېيتىشىشلىرى چەت ئەل ئەدەبىياتىدا ئىمپروۋىزاتورلۇق① نەمۇنىسى دېيىلىدۇ.

---

① تەييارلىقسىز شېئىر ئېيتقۇچى، كۇي (مۇزىكا ئەسىرى) ياراتقۇچى، ياكى نۇتۇق سۆزلىگۇچى كىشى. بەدىهەگۇي.



**بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش** يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا ئېلىپ بارىدىغان بىر قاتار مۇلاهىزە، پىكىر يۈرگۈ-زۈش پائالىيىتى. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئەڭ دەسلەپكى ئىجادىي غەرەز، ئىجادىيەت كۆرۈنۈشلىرىنى پىشۇرۇش، تېما تاللاش ۋە تاۋلاش، باش تېما ئىدىيىسىنى بېكىتىش، پېرسوناژلار پائالىيىتى ۋە سۇژېت تەرەققىياتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىپادىلەش شەكلىنى ئىزدەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى، ئەڭ ئاۋۋال دەسلەپكى هالەتتە تۇرغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش جەريانىدۇر. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئارزۇسىغا ئاساسەن تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى ماهىيەتلىك بولمىغان، تاسادىپ هادىسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، تۇرمۇش خام ماتېرى-ياللىرى ئىچىدىكى جەۋهەرلىك قىسىملارنى ئېلىپ قالىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى، ۋەقەلىكلەرنىڭ چېتى-شىشلىق بۆلەكلىرىنى، سۇژېت راۋاجىغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىنى، پېرسوناژلارنىڭ تەقسىماتىنى هەمدە زىددىيەت مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇلار ئاپتوردا پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر تۆرەلمىسىدۇر. هالبۇكى، بۇ يەنىلا بېكىتىلمىگەن هالەتتە بولۇپ، ئاپتورنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە قايتا-قايتا تاللىشى، تاۋلىشى، پىشۇرۇشى، بېيىتىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئارقىلىق، پېرسوناژلار خاراك-تېرىنىڭ تەرەققىياتى پەيدىنپەي روشەنلىككە، مۇكەممەللىككە

ئېرىشىدۇ. ۋەقەلىك لىنىيىلىرىمۇ پەيدىنپەي ئۇچۇقلىشىپ، روشەنلىشىپ بارىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ روشەن باش تېما بېكىتىلىدۇ، ئەسەرمۇ پەيدىنپەي مۇقىم شەكىلگە كىرىدۇ. تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئەتراپلىق، كەڭ، چوڭقۇر بولمىسا، پىكىر يۈرگۈزگەن بىلەنمۇ ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن ھېچنېمىنى قۇراشتۇرغىلى بولمايدۇ. مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا ۋە كۈچلۈك ئىجادىيەت ئىلھامىغا ئىگە بولغاندىمۇ يەنە ئەستايىدىل بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە بەلگىلىك سەۋىيىگە ئىگە ئەسەر ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

**بەدىئىي تەربىيىلىنىش** بۇ بەدىئىي يېتىلىش دېمەكتۇر. يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش، تۇرمۇشنى ئىپادىلەش قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسىگە قارىتىلغان. ئۇ مول مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە بولۇش، توغرا ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى، ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچى، چوڭقۇر ھۆكۈم قىلىش كۈچى، كۈچلۈك بەدىئىي قوبۇل قىلىش كۈچى، مول تەسەۋۋۇر كۈچى، ھەممىدە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت زوقلىنىش قابىلىيىتى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مۇرەككەپ، جاپالىق، ئىجادىي ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، ئەدەبىي زوقلىنىش كىتابخان بىلەن ئاپتورنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈكتۇر. ئاپتور ۋە كىتابخانلار



چوقۇم كۆپ تەرەپلىمىلىك بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇشى، ماركس كۆرسەتكەندەك "ئەگەر سەنئەتتىن لەززەتلىنەي دېسە، چوقۇم بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن ئادەم بولۇشى كېرەك."

بەدىئىي تەربىيىلىنىشنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، توغرا دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يازغۇچىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تەربىيىلىنىش بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئاڭلىق ھالدا تۇرمۇشقا چۆكۈشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ماركسىزم، لېنىنىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، سىياسىي نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىنى ئوقۇپ، ھەر خىل بەدىئىي تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ ۋە پايدىلىنىپ زوقلىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى، جاپالىق ئىجادىي ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىشى، جاپاغا چىداپ بەدىئىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشى، ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى ئىگەللەپ تۇرۇشى لازىم.

**بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى** ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدىن ئىبارەت. خۇددى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىرىنچى ئاملى تىلدۇر. تىل — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاقە قورالى. ئۇ ئاممىنىڭ، خەلقنىڭ تىلىدۇر. ئادەتتە بىز مەتبۇئات ۋە كىتاب تىلىنى ئەدەبىي تىل: سۆزلىشىۋاتقان

تىلىنى جانلىق تىل، ئومۇمىي خەلق تىلى... دەپ ئاتايمىز. "بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى" ئەينەن ئەدەبىي تىلمۇ، سۆزلىشىش تىلمۇ ئەمەس. ئۇ مۇشۇ ئىككىلىسىگە ئاساسلانغان تىلدۇر. يازغۇچى هايات ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەيدىكەن، ئوبرازلارنى يارىتىدىكەن، جانلىق تىل بايلىقىدىنمۇ، ئەدەبىي تىل نورمى-لىرىدىنمۇ كەڭ پايدىلىنىدۇ؛ ئۆز نۆۋىتىدە هەم جانلىق تىلنىڭ، هەم ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆسۈشىگە بەلگىلىك هەسسە قوشىدۇ. يازغۇچى ئەسەرنىڭ تېمىسى، ۋەقەلەرنىڭ ماهىيىتى ۋە پېرسو-ناژلارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ سۆز-ئىبارىلەرنى تاللايدۇ. جۈملە تۈزۈش ئۇسۇللىرى، دىئالېكتىلىق ئېلېمېنتلار، ئارخا-ئىزم... ۋە باشقىلاردىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ماكسىم گوركى تىلنى "خاراكتېر ۋە مەنزىرىلەر يارىتىش ۋاستىسى" دەپ تەرىپلىگەن.

بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى يازغۇچى-شائىرلار تەرىپىدىن پەدەزلەنگەن، قايتا ئىشلەنگەن پوئېتىك تىلدۇر، بەدىئىي ئەسەر تىلىدا ئادەتتىكى قائىدىلەردىن باشقىچە، مەسىلەن: ئىنۋېرسىيە، ياكى پېرسوناژ تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش ۋە تىپىكلەش-تۈرۈش، شۇ ۋە ئېلېمېنتلىرىنى ۋە ئارخائىزم ياكى ژارگونلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ بەدىئىي ئەدەبىيات تىلى يازغۇچىدىن خەلق تۇرمۇشىنى ئويمىكارلارچە تەسۋىرلەش ۋە رەڭدار، خىلمۇخىل، جانلىق، تەسىرچان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.



بەدىئىي ئەدەبىيات تىلىغا ئىشلەشكە مەملىكىتىمىزنىڭ كلاسسىك يازغۇچى، شائىرلىرى ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەن. بەدىئىي ئەسەر تىلى شۇ قەدەر كۈچلۈك، كۆركەم ۋە رەڭدار بولۇشى كېرەككى، باشقىلار ئۇنىڭغا هېچقانداق مۇبالىغە، سۈپەتلەشلەرنى قوشالمايدىغان بولۇشى كېرەك.

لۇشۈن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمهالى»دا ئۇنىڭ ۋېيجۇاڭ كەنتىدە قايتا پەيدا بولۇپ قالغان ۋاقتىدىكى هالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

"ئۇ ئۇيقۇسىرىغان هالدا قاۋاقخانا ئالدىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ پوكەينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بېلىدىن بىر ئوچۇم كۈمۈش ۋە تىيىن ئېلىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە تاشلىدى:

— نەق تۆلەيمەن، مەي قۇي!

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى چاپان بار ئىدى، پوتىسىنى تۆۋەن بېسىپ تۇرغان، لىق چىڭدالغان يوغان خۇرجۇنمۇ بار ئىدى."①

ئاپتور ئاQنىڭ روهىي هالىتى، سۆزى، هەرىكىتى، ياسىنى-شىنى كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاQنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆرەڭلەپ قىنىغا سىغماي قالغان كۆرۈنۈشىنى ئىنتايىن جانلىق يازغان، بۇ يەردە ئاQنىڭ ناهايىتى كۆپ پۇل ئېلىپ كەلگەن-

① «لۇشۈننىڭ هېكايە، شېئىر، نەسىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1975 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 135 - بەت.

لىكى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن چەتتە تۇرغۇچىلار بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ بېلىدىكى پوتىسىنىڭ تۆۋەن بېسىلىپ تۇرۇشىدىن، لىق چىڭدالغان يوغان چەندازىسىدىن ئۇنىڭ ئىچىدە لىق پۇل بارلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ، مانا بۇ روشەن بىر ئوبرازنى بارلىققا كەلتۈرگەن. "بىر ئوچۇم كۈمۈش ۋە تىيىن ئېلىپ" دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە "بىر سىقىم پۇل" دەپ يېزىلغان بولۇپ، كېيىن "پۇل" "كۈمۈش ۋە تىيىن" قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇڭا بۇ كىشىگە ئىنتايىن روشەن ۋە كونكرېت تەسىرات بېغىشلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشتە بۇنىڭ تېخىمۇ ياردىمى بولغان. ئاQنىڭ كۈمۈش تەڭگە ۋە پۇللارنى پوتىسىغا قالايمىقان تىقىۋالغانلىقى، كېيىن بۇ قالايمىقان كۈمۈش تىيىنلارنى ئوچۇملاپ ئالغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىدىن لاۋشې بەدىئىي ئەسەر تىلى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "تىلنى ئىجاد قىلىش دېگەنلىك ھېچقاچان ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قارىسىغا ئىش كۆرۈپ، پەقەت ئۆزى بىلىدىغان بىر تاغار گەپلەرنى توقۇش بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى سۆزلەرنى قايتا-قايتا تاۋلاپ، ئۇنى يېڭى ھايات ۋە يېڭىچە يورۇقلۇقتا ئېرىشتۈرۈش دېمەكتۇر، خۇددى كىشىلەرنىڭ مەشۇت توقۇغىنىغا ئوخشاش، ئىشلەتكىنى تولىمۇ ئادەتتىكى ماتېرىيال، لېكىن ئىشلەپچىقارغىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان چىرايلىق مەشۇت بولۇشى كېرەك. بىزدە



تاشتىن ئاز-تولا ئالتۇن ئېلىشتەك ئارزۇ بولۇشى كېرەك. مانا بۇ قولىمىزدىن ئۆتكەن تىل ئۆزگىرىپ ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدىغان، ھەممە كىشى ھەيران بولۇپ بارىكاللا ئوقۇيدىغان تىل بولسۇن دېگەنلىكتۇر"①.

بەدىئىي ئەسەر تىلى رېئالىستىك تەسۋىر قانۇنلىرىغا بويسۇندۇرۇلغان، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەدىب ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان قەھرىمانىنىڭ كەسپى، مەلۇماتى، يېشى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىپىكلەشتۈرىدۇ، ئۆز ئەسىرىدە بىرقانچە سۆز بىلەن كىشى، نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىندىۋىدۇئال ئوبراز يارىتىدۇ. بۇنىڭغا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىردىكى سۆزلەر ئەڭ ئادەتتىكى سۆزلەردۇر. لېكىن يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، كۆزىتىشىدىن كېيىن تاللاپ ئېلىنىپ، دىئالېكتىك ئۇسۇل، بەدىئىي ۋاستە،

① «پېرسوناژ، تىل ۋە باشقىلار»، ھەزىللەر توپلىمى.

ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكتىن، كىتابخانىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ، مۇنداق بولۇشى ئاددىي نەرسىلەردىن ئۇلۇغ، ئېسىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغانلىقىدا، يازغۇچىنىڭ گۈزەللىك ئەلگىكىدىن ئۆتۈپ ئىشلەپ چىقىلغانلىقىدىندۇر.

**بەدىئىي قىزغىنلىق** ئاتالغۇلارنىڭ "ئىجادىيەت ئىلھامى" ئىزاھىغا قاراڭ.

**بەدىئىي ماھارەت** يازغۇچى-سەنئەتكارنىڭ ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى قابىلىيىتى. ماھارەت — بەدىئىي ئىجادىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتىن تارتىپ، تاكى ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ دېمەكچى بولغان مەقسەتكە يېتىشكە قەدەر بەدىئىي ماھارەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

ماھارەت ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن توغرا دۇنيا قاراش يېتەكچىلىكىدىكى تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇش، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش، باي تەسەۋۋۇر بولۇش لازىم.

ماكسىم گوركى ماھارەت مەسىلىسىگە قارىتا، "ماھارەتنى ئىگەللەش كېرەك. بىر ئىشنىڭ ماھارىتىنى بىلىش ئاشۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى بىلگەنلىكتۇر" دەيدۇ. "يازغۇچىلار كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈشى، كۆپ ئوقۇشى كېرەك. بەزى نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك، ئەمما ئىشلىمەكچى ئىكەن، جەزمەن قابىلىيەت



بولۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى، قابىلىيەتكە پەقەت ماھارەتنى تەتبىق قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ." دەيدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئەڭ مۇھىمى — تۇرمۇش، ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت. تۇرمۇش — ئاساس؛ ئىدىيە — روھ؛ بەدىئىي ماھارەت بولسا، ئىپادىلەش ۋاستىسى بولۇپ، بۇ ئۈچى ھەم مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق.

**بەدىئىي ئۇسۇل** يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىشتا قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى "بەدىئىي ئۇسۇل" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلى كۆپ. تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، لىرىكا قاتارلىقلار بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدۇر.

**بەدىئىيلىك** كەڭ مەنىدە: سەنئەتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت سەنئەتنى، ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە بىلىشنىڭ باشقا (مەسىلەن: ئىلمىي) فورمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈش، ۋەقەلىكنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇ، بەدىئىيلىكنىڭ ئاساسىدۇر، شۇ مەنىدە بەدىئىيلىك ئوبرازچانلىق چۈشەنچىسىگە ماس كېلىدۇ.

تار مەنىدە: "بەدىئىيلىك" سۆزى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي-ئېستېتىك ئەھمىيىتىنى بەلگىلىگۈچى دەرىجىسىگە نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ. بەدىئىيلىك ئەسەردە

تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقانىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، خاراكتېرلەرنىڭ تىپىكلىكى، سەنئەتكار چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىجتىمائىي غايىنىڭ مۇھىملىقى، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى، خەلقچىللىقى، يازغۇچىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن بىرلىكىگە ئېرىشىشتىكى ماھارىتى، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيىۋى تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئۈنۈمدارلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

**بەدىئىي يىغىنچاقلاش** ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ ئۇ ئابستراكتلاشتۇرۇشتىن پەرقلىنىدۇ. ئاپتور مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوخشاش بىر خىل كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ھەمدە بۇنى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى مۇكەممەل، روشەن، ۋەكىللىككە ئىگە پېرسوناژ قىلىپ يارىتىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي يىغىنچاقلاش دەپ ئاتىلىدۇ. بەدىئىي يىغىنچاقلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىگە، تۇرمۇش بىلىمىگە ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنىشىگە باغلىق.

**بەند** ئالاھىدە قاپىيە تەرتىپىگە ئىگە بولغان شېئىر بۆلەكلىرى بولۇپ، ئۇ ئاياغلاشقان بىرەر ئوي-پىكىرنى، ياكى بىرەر مەنزىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بەند ئەدەبىياتشۇناسلىقتا "ستروفا" دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز بىزدە ئادەتتە "كۇپلېت" سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە.



قاپىيىلىنىش تەرتىپىگە مۇۋاپىق خىلمۇخىل بەند قۇرۇلۇشىغا ئىگە بولغان شېئىرلار بار. ئىككىلىك — مەسنىۋى؛ تۆتلۈك — مۇرەببە، بەشلىك — مۇخەممەس؛ ئالتىلىك — مۇسەددەس، سەككىزلىك — مۇسەممەن ۋە باشقىلار.

ئا. س. پۇشكىن ئۆزىنىڭ «يېۋگېنى-ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانىدا ئون تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن بەندلەرنى قوللانغانىدى، بۇ رۇس ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا "ئونېگىن ستروفاسى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە شېئىرنىڭ خاراكتېرىگە مۇۋاپىق بەند قۇرۇلۇشى تۈرلۈكچە بولىدۇ: كىچىك لىرىك شېئىرلار غەزەل شەكلىدە بولسا، ئېپىك شېئىرىي ئەسەرلەر مەسنىۋىگە خاس قاپىيە بىلەن "بەند" تەرتىپىگە ئىگە بولىدۇ، مەسىلەن: ناۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى بارلىق داستانلار مەسنىۋى ئۇسۇلىدا قاپىيىلەنگەن بەند قۇرۇلۇشىغا ئىگە.

**بەھرى** ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ ئاتىلىشى، ئارۇزنىڭ ھەربىر تۈرى بەھرى دېيىلىدۇ. "بەھرى" سۆزىنىڭ ئەسلى دەريا دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ئارۇزنى دېڭىزغا تەمسىل قىلساق، ئۇنىڭ تۈرلىرىنى "بەھرى" (دەريا، **غول**) دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرى ئاساسەن 19 خىل. بۇ بەھرىلەر ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈركۈمى:

بەھرى تەۋىل (ئۇزۇن بەھرىلەر).

يەنە بىر توركومى:

بەھرى قەسىر (قىسقا بەھرىلەر).

**بەھرى تەۋىل** ئۇزۇن بەھرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تەۋىل بەھرى، رەمەل بەھرى، مەدىد بەھرى، بەسىت بەھرى. ۋافىر بەھرى، ھەزەج بەھرى، كامىل بەھرى، سەرىئ بەھرى، مۇقتەزىب بەھرى، مۇجتەس بەھرى قاتارلىقلار.

**بەھرى قەسىر** قىسقا بەھرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇزارى بەھرى، جەدىدىت بەھرى، قەرىب بەھرى، تەفىف بەھرى، مۇشاكىل بەھرى، مۇتەقارىب بەھرى، مۇتەدارىك بەھرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇزۇن بەھرىلەردە شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى كۆپىنچە 13 بوغۇمدىن 16 بوغۇمغا قەدەر، قىسقا بەھرىلەردە بولسا 7 بوغۇمدىن 12 بوغۇمغا قەدەر بولىدۇ.

بۇ بەھرىلەردىن خەلق قوشاقلىرى ۋە يازما شېئىرىيىتىمىزدە بىرقەدەر ئومۇملاشقانلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

**بەھرى تەۋىل** "تەۋىل"نىڭ لۇغەت مەنىسى ئۇزۇن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ نامى "بەھرى تەۋىل سالىم"

بۇ بەھرىدە يېزىلغان شېئىرنىڭ مىسراسى ئىككى بۆلەككە (ھەر بۆلىكى ئىككى تۇراقتا) بۆلۈنۈپ، ھەر بۆلىكى يەتتە بوغۇم (بىرىنچى تۇراق ئۈچ بوغۇم، ئىككىنچى توراق تۆت بوغۇم)دىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتە بىرىنچى بۆلەكتىكى ئىككىنچى تۇراق ئۇزۇنراق توختاپ ئېيتىلىدۇ. مىسال:



يۈزۈڭنى/كۆرسە قىلور/گۈل ئۆزد/نى يۈز پارە.
خوتەن يا/زىسدا ئا/ھۇ كۆزۈڭ/دە ئاۋارە.

(سەككاكى)

بۇنىڭ ۋەزنى سخېمىسى:

پەئۇلۇن ـ مەپائىلۇن ـ پەئۇلۇن ـ مەپائىلۇن.

**بەھرى رەجەز** رەجەزنىڭ لۇغەت مەنىسى ــ شېئىر ئېيتىش، كۈيلەش، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قىسقا ـ قىسقا، ئۇلاپ تېز ئوقۇلىدىغان ئۇزۇن بەھرى. ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ.

بىر خىلى "رەجەز مۇسەممەن سالىم" (مۇكەممەل سەككىزلىك كۈيلەش). بۇنىڭ ۋەزنى سخېمىسى: تۆت مۇستەپئىلۇن.

ئىككىنچى خىلى "رەجەز مۇسەممەن مەتۋى" (قاتلىنىدىغان ياكى ئاچ ئوقۇلىدىغان سەككىزلىك كۈيلەش). بۇنىڭ ۋەزنى سخېمىسى: تۆت مۇپتەئىلۇن ياكى ئىككى قات مۇپتەئىلۇن، مەپائىلۇن. ھەر ئىككى خىل شەكلىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قىسقا بولۇپ، تۇراقلاردا كۆپ توختالماي ئوقۇلىدۇ؛ ھەربىر مىسرا تۆت بوغۇملۇق تۆت تۇراقتىن تەركىب تاپىدۇ. مىسال:

بىر كۈن مېنى/ئوتقا سېلىپ/مەجنۇن شىئار/ئۆلتۈرگۈسى.
ئۇسرۇك چىقىپ/جەۋلان قىلىپ/دىۋانىۋار/ئۆلتۈرگۈسى.

(ناۋايى)

**بەھرى رەمەل** رەمەلنىڭ مەنىسى "ئاۋۇن، كۆپ، قۇمدەك تولا" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئادەتتە كۆپ ئىشلىنىدىغان

يەڭگىل بەھرى. شۇڭا بۇنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ. شۇلاردىن ئىككى خىلىنى تونۇشتۇرىمىز.

بىرىنچى خىلى: "رەمەل مۇسەممەن سودۇر" (باشلانمىسى سەككىزلىك رەمەل). يەنى، مىسرانىڭ بىرىنچى بۆلىكى تۆت بوغۇملۇقتىن ئىككى تۇراق، ئىككىنچى بۆلىكى يەتتە بوغۇملۇقتىن (ئۈچىنچى تۇراق تۆت بوغۇم، تۆتىنچى تۇراق ئۈچ بوغۇم) بولۇپ كېلىدىغان 15 بوغۇملۇق ۋەزنى. مىسال:

ئاھ، مۇيەسسەر/بولمىدى كۆڭ/لۈمدە ئارماز/ىم مېنىڭ،
بۇ جەھەتتىن/تامدى يەرگە/ئەشكى خۇنبار/ىم مېنىڭ.
(موللا بىلال)

بۇنىڭ سىخېمىسى:

پائىلاتۇن ـ پائىلاتۇن ـ پائىلاتۇن ـ پائىلۇن.

ياكى:

پائىلاتۇن ـ پەئەلاتۇن ـ پەئەلاتۇن ـ پەئەلان.

رەمەلنىڭ ئىككىنچى بىر خىلى "رەمەل مۇسەممەن سالىم" (مۇكەممەل سەككىزلىك رەمەل). يەنى ھەربىر مىسراسى سەككىز بوغۇملۇق ئىككى بۆلەكتىن (ھەربىر بۆلىكى تۆت بوغۇملۇق ئىككى تۇراقتىن) تەركىب تاپقان 16 بوغۇملۇق بەھرى. ئۇنىڭ ھەربىر تۇراقلىرى تولۇق سوزۇلۇپ جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان كۆر/مىگەن بۇلبۇل/باھارنىڭ قەد/رىنى بىلمەس،
جاپانى چەك/مىگەن ئاشىق/ۋاپانىڭ قەد/رىنى بىلمەس.
(خەلق بېيىتى)



**بەھرى سەرى** "سەرى"نىڭ لۇغەت مەنىسى "تېز، چاپسان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ خىللىرى كۆپ. بىر خىلى "بەھرى سەرىئ مەقتۇد" (تېز ئۈزۈك بەھرى). يەنى، مىسرادىكى سۆزلەر ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئۈزۈپ، كېسىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنداق بەھرىدە مىسرا 11 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۈچ تۇراققا بۆلۈنۈپ، بىرىنچى ـ ئىككىنچى تۇراقلار تۆت بوغۇمدىن، ئۈچىنچى تۇراق ئۈچ بوغۇم بولىدۇ، بۇنىڭ سىخېمىسى:

مۇستەپئەلۇن ـ مۇپتەئەلۇن ـ فائىلان.

مىسالى:

نەچچە كۈندۈز/كۆرمەدىم يا/رىم سېنى
سەنمۇ ھەم ياد/ئەتمىدىڭ ھەر/گىز مېنى.
(گۇمنام)

**بەھرى مەدىد** "مەدىد"نىڭ لۇغەت مەنىسى "سوزماق، سوزۇلماق" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىر خىل بەھرى بولۇپ، نامى «بەھرى مەدىد سالىم" (مۇكەممەل سوزۇلغان بەھرى) دېيىلىدۇ. بۇ بەھرىدىمۇ ھەر مىسرا يەتتە بوغۇملۇقتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن 14 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ بەھرى تەۋىلدىن پەرقى شۇكى، بۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى تۇراقلىرى تۆت بوغۇمدىن، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى تۇراقلىرى ئۈچ بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ؛ ئاندىن ھەربىر تۇراق سوزۇلۇپ، جاراڭلىقراق ئوقۇلىدۇ. بەھرى تەۋىلدە بولسا، تۇراقلار قىسقىراق، لېكىن بۆلەك سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

هەرنىچە يا/مانلىقكى/قىلۇر ياخشى/كۆرۈنۈر
نازۇك كىشى/دىن ھەرنە/كىلۇر ياخشى/كۆرۈنۈر.
(لۇتفى)

بەھرى مەدىدنىڭ سىخېمىسى:
پائىلاتۇن ـ پائىلۇن ـ پائىلاتۇن ـ پائىلۇن.

**بەھرى مۇقتەزىب** مۇقتەزىبنىڭ لۇغەت مەنىسى "دەرھال توقۇش، ئېغىزغا ئەپلىشىپ بېرىش، راۋان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ كۆپرەك ئىشلىتىدىغان بىر خىلى "بەھرى مۇقتەزىب مۇسەممەن مەتۋى" (سەككىزگە قاتلىشىدىغان راۋان بەھرى). يەنى تىلغا ئەپلىشىپ بېرىدىغان ۋە ئىككىنچى بۆلىكى سەككىزلىك بولۇپ كېلىدىغان بەھرى. ئۇنىڭدا مىسرالارنىڭ بىرىنچى بۆلىكى يەتتە بوغۇم (بىرىنچى تۇراق ئۈچ بوغۇم. ئىككىنچى تۇراق تۆت بوغۇم) ئىككىنچى بۆلىكى سەككىز بوغۇم (ھەر ئىككى تۇراق تۆت بوغۇمدىن) بولۇپ، جەمئىي 15 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ.

مىسال:
تاغمۇ تاغ/لاردىن ئېگىز/ئايغىر بۇلاق/نىڭ تاغلىرى،
ئۇستىنى/دە قار ياتا/دۇر ئاستىندا باغلىرى.
(خەلق قوشقى)

بۇنىڭ سىخېمىسى مۇنداق:
پائىلات ـ مۇپتەئىلۇن ـ مۇپتەئىلۇن ـ مۇپتەئىلۇن.

**بەھرى مۇنسەرىھ** "مۇنسەرىھ"نىڭ مەنىسى ئەركىن، تېز دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ بىر خىلى "بەھرى مۇنسەرىھ



مۇسەممەن مەتۋى مەكفوف" (ئۈزۈپ، يۆگەپ، تېز ئېيتىلىدىغان سەككىزلىك ئەركىن بەھرى) دېيىلىدۇ. يەنى مىسرادىكى سۆزلەر تۇراققا بۆلۈنگەندە بوغۇملار ئۈزۈۋېلىنىپ، بەزى بوغۇملىرى يۆگۈلۈپ تېز ئېيتىلىدۇ. شۇڭا ئەركىن بەھرى، دېيىلگەن. مىسرالىرى 13 بوغۇمدىن تەركىب تېپىپ، بىرىنچى بۆلىكى ئىككى تۇراق سەككىز بوغۇم بولغىنى ئۈچۈن "مۇسەممەن" دېيىلگەن؛ ئۇنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ئىككى تۇراق، بەش بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ. مىسال:

سۇغا سالسام/سۇ كۆتۈرمەس/مىسقال/تۆمۈرنى،
ئالتۇن بېرىپ/ئېلىپ بولماس/قالغان/كۆڭۈلنى.

بۇنىڭ سىخېمىسى:
مۇپتەئىلۇن ـ مۇپتەئىلۇن ـ مەپئۇل ـ پائۇلۇن.

يۇقىرىدىكىلەر ئارۇزنىڭ ئۇزۇن بەھرىلىرىدۇر. تۆۋەندە قىسقا بەھرىدىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز.

**بەھرى خەفىف** خەفىفنىڭ لۇغەت مەنىسى "يەڭگىل" دېگەن بولىدۇ.

بۇ چاچما بەھرىدۇر. مىسرالىرى ئون بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. سۆز بوغۇملىرى چېچىلىپ ئوقۇلىدۇ. مىسال:

قان بولدى/كۆڭۈل پىرا/قى بىرلە،
كۆيدى جا/نىم ئىشتىيا/قى بىرلە.
ئىشقىندا/قارا باشىم/ئاقاردى،
بىر باقما/دى كۆز قارا/قى بىرلە.
(ئاتايى)

بۇنىڭ سىخېمىسى مۇنداق:

پائىلەن ـ مەپا ئىلەن ـ مەپئۇلەن.

**بەھرى قەرىب** "قەرىب"نىڭ مەنىسى "يېقىن، تۇغقان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ بىر خىلى "بەھرى قەرىب مۇسەددەس مەكفۇف" (قولغا يېقىن ئالتىلىك بەھرى)، "بەھرى مۇتەقارىب"قا يېقىن كېلىدىغان ۋە دەرھال قولغا چىقىدىغان بەھرى. بۇنىڭدا مىسرا سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. مىسال:

ئەجەب ئۇبا/دان زامان/بولغاچ
جەمئى ئەل/يۇرت خۇشال/ئەمدى.
مۇقامدىن/يېڭى كۈي/باشلاپ،
ئېلىپ سا/زىڭنى چال/ئەمدى.

(ئابلىز نازىرى)

بۇنىڭ ۋەزىن سىخېمىسى مۇنداق:

مەپائىل ـ پائىلۇل ـ مەپئۇل.

**بەھرى مۇتەقارىب** مۇتەقارىبنىڭ لۇغەت مەنىسى "ئەپلىك، ئاسان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىللىرى بار.

بىر خىلى، "بەھرى مۇتەقارىب ئەسرەم ۋەقسۇر" (قىسقا، كەمتۈك، ئەپچىل بەھرى). بۇ بەھر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشاش، ھەر مىسراسى يەتتە بوغۇمدىن (بىرىنچى بۆلىكى تۆت بوغۇم، ئىككىنچى بۆلىكى ئۈچ بوغۇمدىن) تۈزۈلىدۇ. مىسال:



گۈل تېرىدۇق گۈلزارغا،
بېيجىڭ گۈلى مېيخۇادىن.
پارتىيىمىز چىقاردى
بىزنى راسا پۇخادىن.

(خەلق قوشىقى)

ئىككىنچى خىلى، "بەھرى مۇتەقارىب مۇسەددەس سالىم" (مۇكەممەل ئالتىلىك ئەپچىل بەھر) يەنى، مىسرانىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئۈچ بوغۇم بولۇپ كېلىدىغان (ئۈچ تۇراقلىق توققۇز بوغۇملۇق) ۋەزىن. بۇنىڭدا بىرىنچى بۆلەك (ئىككىنچى تۇراق) توختاپ، تىنىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

جاكارلانغاچ پەنگە ئازادلىق
كۆڭۈل يايراپ، دىللار سۆيۈندى.
بىز سېغىنغان نۇرلۇق ئىستىقبال،
كۆزلىرىمگە كۈلۈپ كۆرۈندى.

بۇ ۋەزىننىڭ سىخېمىسى:

مۇپتەئىلۇن ـ پەئۇل ـ پەئۇلۇن.

**بەھرى مۇزارى** "مۇزارى"نىڭ لۇغەت مەنىسى "ئوخشاپ كېتىدىغان، بويسۇنىدىغان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىلى بار. ئۇلاردىن بىرى بەھرى مۇزارى مۇسەممەن مەكفۇن مەقسۇر" (سەككىزلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان، قولغا ئەپلىك قىسقا بەھرى) بۇنىڭدا مىسرا 12 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ قوياشى كۈلۈپ پارلاق نۇرلىرىنى
چاچقىنىدا ئۆي ئىچىدە رۇجەكلەردىن.
ئۇچار قۇشلار ۋىچىرلىشىپ قانات قېقىپ،
شۇڭغىغاندا كۆك ھاۋاغا ئۆچەكلەردىن.

(نەيىم يۇسۇپ)

**بېغىشلاش** شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرى بېشىدا ئۇنى كىمگە ئاتىغىنىنى ياكى قانداق ۋەقە شەرىپىگە بېغىشلىغانلىقىنى ئىپادىلەپ يازغان شېئىرى، لىرىك كىرىش — دىباچە (رۇسچىدا پرولوگ دەپ ئاتىلىدۇ).

لۇتپۇللا مۇتەللىپ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» دىگەن داستانىدا مۇنداق بېغىشلىما يازىدۇ:

ئەلەمگە نەپرەت ئوقۇدۇم،
مۇھەببەتتىن ئېلىپ ئىلھامنى.
ئالتە يىلىڭغا شېئىر توقۇدۇم،
قوبۇل قىل بۇ سوۋغامنى.

بۇ كۆپلىگەن شائىرلار، تەرىپىدىن قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل.

بۇ خىل بېغىشلاش قەدىمكى گرېك ئەدەبىياتىدا (پرولوگوس) بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ مۇنداق ئەنئەنە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن: رۇس شائىرى پۇشكىن ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئەسىرىدە بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. رۇسلار بۇ سۆزنى "پرولوگ" دەپ ئاتايدۇ، بىزدە 50 ـ يىللاردا



"پرولوگ" دەپ قوللىنىلغانىدى.

**بېغىشلىما** ئەدەبىي ئەسەرلەر، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن يېزىلىدىغان شېئىر ياكى قىسقا نەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بېغىشلىما ئادەتتە بىر ئەدىب تەرىپىدىن يەنە بىر ئەدىبنىڭ ئەسىرىگە يېزىلىدۇ. ئۆز ئەسىرىگە ئۆزى بېغىشلىما يازىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋال تولاراق ئەسىرىنىڭ قايتا نەشرگە بېرىلىشىدە تولۇقلاش، تەسىرات يۈزىسىدىن يېزىلىدۇ.

**بېغىشلىما تەقدىم قىلىش** كلاسسىك شائىرلار مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئۆزئارا تەبرىكلىشىپ بىر ـ بىرىگە بېغىشلىما تەقدىم قىلىشاتتى. بۇنداق بېغىشلىمىلار شائىرلارنىڭ ئايرىلىدىغان، ياكى ئايرىلىشتىن كېيىن ئۇچراشقان چاغدىكى تەسىراتىنى، ئۆزئارا سېغىنىشى ھەمدە بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى، ئۈمىدىنى ئىزھار قىلاتتى. ھازىرقى زاماندا بېغىشلىما تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى مەتبۇئات ئارقىلىق يۈرگۈزۈلمەكتە.

**بېيت** (ئەرەبچە) ئىككى مىسرا شېئىر. شەرق شېئىرىيىتىدە غەزەل، مەسنەۋى قاتارلىق شېئىرىي ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىككى مىسراسى بېيت دەپ ئاتىلىدۇ. بېيت خۇددى شېئىرىيەتنىڭ مۇستەقىل بىر خانىسىدۇر. چۈنكى، بېيت سۆزى ئۆي، خانا، جاي مەنىلىرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن.

"تەرجىبەند"، "تەركىببەند" ئۇسۇلىدا يېزىلغان شېئىر-

لارنىڭ ئەندىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلىغۇچى بىيىت ۋاستە بىيىت دەپ ئاتالغان، بىرلا بىيىتلىق مۇستەقىل شېئىرلار مۇ بولغان.

**بىئائۇتىزم** بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى نوقۇللا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يارىتىش، ئەدەبىيات-سەنئەتتە ھەرقانداق خاھىش بولماسلىق تەشەببۇسىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئېقىم. ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئەت ساپ ئىنسانىي گۈزەللىكنى ئىپادىلەش كېرەك، ھەرقانداق شەكىلدىكى مەزمۇن بولماسلىق لازىم، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن قەتئىي ئايرىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

**بىبلىئوگرافىيە** (گرېكچە كىتاب، يازىمەن سۆزىدىن)

1. بىلىمنىڭ بىر ساھەسى، ياكى ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆرسەتكۈچلىرى، مەسىلەن: «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم») بويىچە ئۇنىڭدا بېسىلغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسى، يىلى، ئاپتورى، بەت سانى... ۋەھاكازالارنىڭ سانى، ئۇلارنى تۈرلەر بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇش، بۇ ئەسەرلەرنى ژانىرلىرى بويىچە ئايرىپ كۆرسىتىپ چىقىش؛ مەۋجۇت ئەدەبىيات ئەھۋالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى، ئۇلارنى چۈشىنىۋېلىشنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلغۇچى، قوللانمىلار تۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى بىلىم ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ساھەسى.

2. مۇئەييەن پىلان ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە كىتابخانىلارغا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ھەققىدە ئاخبارات بېرىش ھەمدە



ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۆلچەرلەنگەن باسما ياكى قول يازما شەكىلدىكى ئەسەرلەر تىزىملىكى.

3. بىبلىئوگرافىك ئەسەر ۋە قول يازمىلارنىڭ يىغىندىسى.

4. ۋاقىتلىق ياكى داۋاملىق نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللاردىكى تەنقىدىي شەرھلەر، تەقرىزلەر ۋە يېڭى چىقىدىغان باسما ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بارغۇچى بۆلۈملىرىنىڭ نامى.

5. سەھىپە ئاستىدا ياكى كىتاب، ماقالە، ئايرىم بابلارنىڭ ئاخىرىدا كەلتۈرۈلگەن پايدىلىنىلغان ياكى تەۋسىيە قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى.

**بىمەنىچىلەر** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فرانسىيىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ ياۋروپا، ئامېرىكىغا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

بىمەنىچىلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى، ئاڭسىز ئەمەلىيەتچىسى 18-ئەسىردىكى يازغۇچى سەد ئىدى. ئۇ زەئىپلىككە تولغان جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان غەلىتە شەكىللىك پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. غەرب ئوبزورچىلىرى ئۇنى بىمەنىچىلەر ھېكايىچىلىقىنىڭ بوۋىسى ھېسابلايدۇ.

بىمەنىچىلەرنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى پىرى ئاۋسترىيە يازغۇچىسى كاۋكادۇر. ئۇ بىمەنە، غارايىپ شەكىللەر بىلەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى، زىيالى-

لارنىڭ زىېرىكىشلىك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان ئىچكى دۇنياسىنى پاش قىلىپ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان.

بىمەنىچىلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئالاھىدىلىكى بارلىقچىلىق (ئېكزىستېنتسىئالىزم)نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار "دۇنيا" بىمەنە، "ئادەم"مۇ بىمەنە، دۇنيا بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ بىمەنە دەپ قارايدۇ ۋە "بارلىق" دېمەك "بىمەنىلىك" دېمەكتۇر دېگەن خاتا خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىمەنىچىلەر تەشكىللەنگەن، ئورتاق پروگراممىغا ئىگە ئەدەبىي تەشكىلات ئەمەس. ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرقەدەر ئېنىق ئەدەبىي كۆز قاراشلارغا ئوخشاشراق شەكىللەنگەن ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ، 1961-يىلى ئەنگلىيە دراماتۇرگى مادىن ئېسلىن بىمەنىچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن "بىمەنىچىلەر" دېگەن ئاتالغۇنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان.

بىمەنىچىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى: يازغۇچىلار خۇداسىزلار، تەقدىرچىلىك (فاتالىزم)غا قارشى تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئادەمنىڭ ھاياتى قىممىتىگە ئىشىنىدۇ، ئادەمنىڭ ھاياتى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ؛ كىشىلىك ھاياتنىڭ بەختلىك ۋە خۇشال-خۇرام ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما، رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىق ئالدىدا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيدۇ. بەزىدە ئاز-تولا قارشىلىق بىلدۈرسىمۇ، بۇنداق



قارشىلىقى پاسسىپ ھالەتتە بولىدۇ، ئەسەرلىرىنىڭ كەيپىياتىمۇ تۆۋەن، ئۈمىدسىز بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈنمۇ ئېنىقراق بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

بىمەنىچىلەر ئەدەبىياتى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە. بىمەنىچىلەر تىياتىرچىلىقى تېخىچە قېرىمىدى. "يېڭى ھېكايىچىلەر"مۇ بىمەنىچىلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىدىن بىرمۇنچە ئۈلگىلەرنى ئالدى. بىمەنىچىلەر بىلەن بارلىقچىلار (ئېكزىستېنتسىئالىزمچىلار) گەرچە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، بەزىلەر بىمەنىچىلەرنى بارلىقچىلىقتا تەۋە دەپ قارايدۇ.

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچىلاردىن فرانسىيىلىك گالىيۇر، سېلىن، بىكەيت، يونېسكو، ئاداموۋ، ئەنگلىيىلىك بىكېتلەر بار.

**بىئوگرافىك مېتود** تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تاللاش، ئۆگىنىش ۋە تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى ۋە پرىنسىپى، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتتا مېتود (ئېقىم) يازغۇچىنىڭ ھايات (تۇرمۇش) پاكىتلىرىنى تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، باھالاش ۋە بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈشتە قوللانغان ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈش دەۋر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزم، رومانتىزم ئەنە شۇنداق ئىجادىي مېتودلاردىن ھېسابلىنىدۇ، ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىي مېتودى سوتسىيالىستىك رېئالىزمدىن ئىبارەت.

ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە مېتود (يۆنىلىش) بىرەر تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى مەزمۇن پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىئوگرافىيە** (گرېكچە، تۇرمۇش؛ يازمەن سۆزىدىن) كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ ئۆتكەن ھاياتىدىكى ۋەقەلەرنى ئىزچىللىق بىلەن بايان قىلىش، تەرجىمھال.

**بىۋاستە سېزىم** ئىدىيالىستلار بىۋاستە سېزىمنى ئىچكى بىۋاستە كۆزىتىشتىكى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار ۋە ئىلھام دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ خىل ئىلھامدىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا لوگىكىلىق پائالىيەتلەرسىزمۇ ھەقىقەتنى بىلەلەيدۇ دەپ چۈشىنىدۇ ۋە بىرىپ-بىرىپ، ئاڭ بىلەن بەزى مەسىلەرنى "ئۇشتۇمتۇت"لا ھەل قىلغۇچىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىۋاستە سېزىم كۆز قارىشى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھۇرۇن-لۇقنى، رېئال تۇرمۇشقا چۆكمەسلىكنى، ئىجتىمائىي مەسىلەرنى قىياسەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**پاراللېلىزم** (گرېكچە يانمۇيان يۈرگۈچى سۆزىدىن) پوئېتىك نۇتۇق ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ئىككى ھادىسىنى يانمۇيان قويۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى بىر-بىرىگە قىياس قىلىش، قارىمۇقارشى قويۇش ئۇسۇلى، بۇ ئۇسۇل ئىككى ھادىسە ياكى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ياكى پەرقنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇ پوئېتىك نۇتۇقنىڭ گەۋدىلىك



تەسۋىرىنىڭ جانلىق ۋە يارقىن بولۇشىغا خىزمەت قىلىدۇ.

پاراللېلىزم بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ، ماھىيىتى بىر-بىرىگە يېقىن ھادىسە ۋە نەرسىلەر يانمۇيان قويۇلغان ھالدا، قىياسىي تەسۋىرلەنسە، بۇ تىپاتىك پاراللېلىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
گۈل ئېچىلغان چاغلاردا.
كۆڭلۈم گۈلدەك ياشنايدۇ،
سېنى كۆرگەن چاغلاردا.

ئەگەر، بىر خىل پوئېتىك ئىپادە ئەينەن، يانمۇيان كەلتۈ-رۈلگەن بولسا، بۇ سىنتاكتىك پاراللېلىزم دېيىلىدۇ. شائىر قۇربان باراتىنىڭ «ئۈمىد توغرۇلۇق ناخشا» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

ھايات ئىشقى يەنە كۈچ تاپتى،
ئۈمىد بىلەن يورۇدى دۇنيا.
ئۈمىد بىلەن ئۇچتى ھاشارات،
ئۈمىد بىلەن ياشنىدى گىيا.

تاۋۇشلار پاراللېلىزمىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەردە ئۇچرايدۇ، ئۇ مەنىنى گەۋدىلىك ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ يانمۇيان كېلىشى تۈرلۈكچە بولىدۇ، بەزىدە بىر خىل ئاھاڭداش سۆز ياكى تاۋۇشلار مىسرالار بېشىدا، ياكى ئاخىرىدا تەكرار ياكى ئانافورا شەكلىدە كېلىدۇ:

سەن ـ سەن مىنى سەن،
خارابە قىلدىڭ مىنى سەن.

* * *

ئىگىز ـ ئىگىز تاغ باشىدىن سىرىلىدىم تۇزگە،
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك ئىگىلدىم سىزگە.

پاراللىلىزمنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى خەلق ئىغىز ئىجادىيەتىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**پارتىيىۋىلىك** ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ غايىۋى ــ ئىستىتىك نىگىزى. سەنئەتكار ۋە يازغۇچى ھايات ۋەقەلىكلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بەلگىلىك سىنىپ، ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ نۇقتىئىنەزىرى ۋە مەنپەئىتى ئاساسىدا كۆزىتىدۇ ياكى تەسۋىرلەيدۇ. چۈنكى ھەربىر يازغۇچى ياكى سەنئەتكار "بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەن، شۇ جەمئىيەتتىن ئازاد بولۇشى مۇمكىن ئەمەس"①.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك سىنىپ (گۇرۇھ)نىڭ مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ف. ئىنگېلس "تىندىنسىئوز"لۇق دەپ كۆرسەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆز كەڭ مەنىدە ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ پارتىيىۋىلىكى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى توغرىسىدىكى

---

① لېنىن: «مەدەنىيەت ۋە سەنئەت توغرىسىدا».



تەلىمات بىرىنچى قېتىم ماركسىزم تەرىپىدىن ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

ماركسىزم دۇنيا قاراشىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئاكتىپ رولىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى، بۇ تەلىمات ۋ. ئى. لېنىن تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پارتىيىۋىلىكى مەسىلىسىدە ماركسىزم، لېنىنىزم پرىنسىپلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تەتبىق قىلدى.

**پائۇزا** (گرېكچە pausis توختاش، تىنىش سۆزىدىن) نۇتۇق داۋامىدا ئازىراق توختاش، تىنىۋېلىش، پائۇزا جۈملىنىڭ ئارىسى ياكى ئايىغىدا بولىدۇ، ئاۋازىنى پەسەيتىش ياكى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن گەپنىڭ ئاياغلاشقان ـ ئاياغلاشمىغانلىقىنى، ئىنتوناتسىيىنىڭ سوئال ياكى ئۈندەش خاراكتېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. پائۇزا نەسرى ئەسەرلەردىلا بولۇپ قالماي، نەزمىلەردىمۇ بولىدۇ.

شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، دېكلاماتسىيە قىلغاندا پائۇزا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ كۆپىنچە، مىسرالار ئارىسىدىكى تۇراقلارغا چۈشىدۇ، ئايرىم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى دىققەتكە ئىگە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنە ۋە ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ، شېئىرىي نۇتۇققا خاس ھېس ۋە ھاياجان بېغىشلايدۇ. شۇنداقلا شېئىردىكى بېيىت ياكى بەند (كۇپلېت)لەر شېئىرنىڭ خۇلاسىلەنگەن بىر بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردە پائۇزا، ئىنتونات-

سيه مۇھىم رول ئوينايدۇ.

پېشقەدەم شائىرىمىز ئابلىز نازىرىنىڭ «خۇاگخې دولقۇنى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى پارچىسىدىكى پائۇزىلارغا دىققەت قىلىڭ:

جىددىي جەڭ پەيتى،
پىدائىي مەردلەر
تاغ باغرىدا ياتاتتى يەرنى بېغىرلاپ.
بىر چاغ،
يېقىن يېزىدىن، ئوتلار ئىچىدىن،
پەرياد ئۇردى گۆدەك چىرقىراپ!

بۇ شېئىرنى ئىنتوناتسىيىلىك ئوقۇغاندا پائۇزىلار ئالاھىدە رول ئوينايدۇ، ئەگەر تۇزلا ئوقۇيدىغان بولساق، بېرىدىغان تەسىرى چوڭقۇر بولماسلىقى مۇمكىن.

**پەردە** دراما، كومېدىيە، تراگېدىيىگە ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تۈگەللەنگەن قىسمى. مەسىلەن: پېشقەدەم ئۇيغۇر دراماتۇرگى زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دراممىسى تۆت پەردىدىن ئىبارەت.

**پروتوتىپ** (گرېكچە prototypon) يازغۇچى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تىپىكلەشتۈرۈلۈپ يارىتىلغان ئوبراز ياكى تىپ ئۈچۈن ئاساس بولغان ھاياتتىكى راست ئادەم.

**پروزا** (لاتىنچە prosa بىۋاستە قارىتىلغان نۇتۇق مەنىسىدىكى oratio سۆزىدىن) ۋەزىن، قاپىيىسىز، ئاددىي نۇتۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان بەدىئىي نەسرى ئەسەر، ئەركىن تۈزۈلگەن بەدىئىي ئەسەرلەر يىغىندىسى ئادەتتە نەسر ياكى پروزا دېيىلىدۇ.

**پروزائىك** پروزا، نەسرى ئەسەرلەرنى يازغۇچى ئەدىب؛ پروزىچى.

**پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنى** بۇ پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ بېكىتكەن بىر قاتار نەزەرىيە، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى.

مەملىكىتىمىزنىڭ پرولېتارىياتلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىنىڭ شەكىللىنىشىدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىسى بار، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش؛ قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ كونىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش فاڭجېنى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياستى، پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىنى يارىتىش قاتارلىقلار پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى.

بەلگىلىك دۇنيا قاراش بەلگىلىك لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى. پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت.

**پورترېت** (فرانسۇزچە portrait سۆزىدىن) قىياپەت. بەدىئىي ئەسەرلەردە كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى، چىراي-شەكلى، تەقى-تۇرقى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، بەزىدە قىياپىتى، سىماسى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: رەسسام غازى ئەمەت ئىشلىگەن «مەھمۇت قەشقەرى»نىڭ سۈرىتى (پورترېتى).

**پورنوگرافىيە** بۇزۇقچىلىق، شەھۋانىيەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەر.

**پوۋېست** (رۇسچە повест، ئەرەبچىدىكى قىسسىگە توغرا كېلىدۇ) قىسسە خاراكتېرىدىكى ئېپىك نەسرى ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى. پوۋېست ھېكايىدىن شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇكى، ئۇنىڭدا بىر ئەمەس بىرنەچچە ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ، كىشى ھاياتىنىڭ، يەنى ئەسەردىكى شەخس ھاياتىنىڭ بىر دەۋرى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئەخەت تۇردى يازغان «قىيانلىق دەريا»، ق. جېلىل يازغان «مېھرىبان»، سەمەت دۇگايلى يازغان «كىچىك لەۋۋا» پوۋېستلىرى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ. بۇ پوۋېستلاردىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇنىڭدىكى پېرسوناژلار پوۋېستتىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، باش قەھرىمان ئوبرازىنى ئېچىپ-بېرىشكە بويسۇندۇرۇلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، پوۋېست ھېكايىگە قارىغاندا بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، لېكىن رومانىدىكىگە قارىغاندا ۋەقەلەر ئانچە كەڭ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەيدۇ.

**پوئېتىكا** (گرېكچە poietike سۆزىدىن) بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىلىم. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات قائىدىلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى.

پوئېتىكا بەزىدە بىرەر يازغۇچى ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى، بەدىئىي ۋاستىلەر يىغىندىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ناۋايى پوئېتىكىسى، ل. مۇتەللىپنىڭ پوئېتىكىسىغا دائىر...

پوئېتىكا — شېئىرىيەت، شېئىر تۈزۈلۈشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ، پوئېتىك تىل بەدىئىي ئەسەر تىلى دېگەن بولىدۇ.

**پوئېزىيە** 1. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ شېئىرىي شەكلى. شېئىرىيەت، نەزىم.

2. شېئىرىي ئەسەرلەر؛ بىرەر خەلقنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەر يىغىندىسى.

**پوئېما** (گرېكچە poiema سۆزىدىن، داستان سۆزىگە باراۋەر كېلىدۇ) لىرو-ئېپىك تۈردىكى ژانىرلاردىن بىرى، شېئىرىي

رىۋايەت، شېئىرىي قىسسە، ياكى شېئىرىي ھېكايە. بۇنداق ئەسەرلەر شەرق ئەدەبىياتىدا داستان دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن داستانلار بار، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ نېمىسچە، فرانسۇزچە، رۇسچە نۇس-خىلىرى بار. ناۋائىينىڭ «خەمسە»سىمۇ بىرقانچە داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدا داستانچىلىق پروزا ئەسەرلىرىگە قارىغاندا كۆپرەك تەرەققىي قىلغان.

**پۇبلىتسىستىكا** (لاتىنچە publisos ئىجتىمائىي سۆزىدىن) كەڭ مەنىدە ئىجتىمائىي-سىياسىي ھايات مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ھەر خىل ئەسەرلەر، تار مەنىدە دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئوبراز يارىتىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، لېكىن ئايرىم پۇبلىتسىستىكىلىق ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەر بەدىئىي تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ، مۇنداق ئەسەرلەرنى بەدىئىي پۇبلىتسىستىكا دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: فاڭ جىمىن «سۆيۈملۈك جۇڭگو» ناملىق ئەسىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكنى پۇبلىتسىستىك ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن.

ل. مۇتەللىپنىڭ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»



سەرلەۋھىلىك ئەسىرى ياخشى پۇبلىتسىستىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. پۇبلىتسىستىكا — ئەدەبىياتنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ژانىردۇر.

**پۈلگا چوقۇنۇش سەنئىتى** بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى رېئاللىقتىن، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىپ قاراپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۈنۈمىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ پۇل تېپىش-تاپالماسلىقى بىلەن ياخشى-ناچارنى ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ.

**پۇلغا چوقۇنۇش مەسلىكى** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەر-لىرىنىڭ سېتىلىشى، كۆپ پۇل بولۇشنى قوغلىشىپ، غايىسىز، خاھىشسىز ئەسەر ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ئېقىمى.

**پېرسوناژ** (لاتىنچە persona شەخس سۆزىدىن) ئەدەبىي ئەسەرگە قاتناشقۇچى كىشى، شەخس.

**سەلبىي پېرسوناژ** بۇ ئىجابىي پېرسوناژلارغا قارىمۇقارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئەسەر ئىچىدە پاش قىلىدىغان ۋە تەنقىد قىلىدىغان، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازنى كۆرسىتىدۇ. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى سەلبىي پېرسوناژلار ئاساسلىقى، خەلق ئىشلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، تارىختا ھالاكەتكە مەھكۇم بولىدىغانلىقى بېكىتىلگەن ئەكسىيەت-چىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىگىش، مۇرەككەپ بولۇپ ھەر خىل،
ھەر تۈرلۈك زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرگە تولغان بولىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تىپىكلەشتۈرۈش
پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ سەلبىي پېرسوناژلارنى ئوبدان
يېزىش لازىم. كومېدىيە ۋە باشقا ساتىرىك، يۇمورىستىك خاراك-
تېردىكى ئەسەرلەردە بىرمۇنچە سەلبىي پېرسوناژلار تەسۋىرلەش
ئوبيېكتى قىلىنغانلىقتىن ئۇلارنى گەۋدىلىك سۈرەتلەشكە،
ئوبرازلارنى مۇكەممەل يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، سەلبىي
پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە ئاپتورنىڭ ئۇلارنى ئىنكار قىلىش
ۋە تەنقىدلەش پوزىتسىيىسى گەۋدىلىنىشى لازىم.

سەلبىي پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدى-
غان، ئۇقۇملاشتۇرىدىغان ئۇسۇل ئەسەرنىڭ چىنلىقلىقى ۋە
قايىل قىلىش كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئاپتورنىڭ ئىجابىي
غايىسى بىلەن ئارزۇسىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

**قەھرىمان پېرسوناژ** ئەدەبىي ئەسەردە ئۆز سىنىپىنىڭ
سىياسىي، ئەخلاقىي غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز سىنىپىنىڭ
مەنپەئىتىنى، ئارزۇ-ئارمانى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان
بەدىئىي ئوبراز، ئاپتورنىڭ كۈيلەيدىغان ۋە مەدھىيىلەيدىغان
ئوبيېكتى، شۇنداقلا ئاپتور تەرىپىدىن كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى
ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۈلگە. ھەرقانداق بىر دەۋردە،
ھەر خىل سىنىپلارنىڭ ئۆز قەھرىمان پېرسوناژلىرى بولىدۇ.
پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمان پېرسوناژلىرى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-



سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى پرولېتارىياتنىڭ مۇنەۋۋەر پېرسوناژلى-
رىنىڭ تىپىك ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى تارىخنى
ئىلگىرىلەتكۈچى ئۇلۇغ كۈچ، پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمان
پېرسوناژلىرى خەلق ئىچىدىكى بىر ئەزا سۈپىتىدە ئەدەبىيات-
سەنئەت ئەسەرلىرىگە قاتنىشىدۇ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش
تۇرمۇشى ئاساسىدا يارىتىلىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمان
پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى،
خاراكتېرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى
چوڭقۇر ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە
ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ھەمدە
ئۇلارنىڭ جانلىق، ھەقىقىي ئادەملىك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىمۇ
كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قەھرىمان پېرسو-
ناژلاردا يەنىمۇ زور چاقىرىق كۈچى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.
تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا زورمۇزور كۆككە
كۆتۈرۈلگەن ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان قەھرىمان پېرسوناژلارنى
سۈنئىي ياساپ چىقىش ئۇسۇلى ئىنتايىن خاتا.

**ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژ** ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى سىياسىي
مەيدانى ياكى ئىدىيىۋى تونۇشى خېلى چوڭ ئۆزگىرىش
ياسىغان بەدىئىي ئوبراز. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۆزگىرىش ئادەتتە
ئىلغار، توغرا تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرگەنلىككە قارىتىپ ئېيتىلى-
دۇ. ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژلارنى توغرا تەسۋىرلەش، ئالاھىدە
ئىجتىمائىي ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بېرىشكە، مۇرەككەپ زىددى-

يەت، توقۇنۇشلارنى ئىپادىلەپ بېرىشكە پايدىلىق.

ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژلار مۇھىم تەربىيىۋى رولغا ئىگە. ئاپتور چىنلىقتا ئەمەل قىلىپ قايىل قىلارلىق ۋە ئىشەندۈرەرلىك ھالدا ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى يېزىپ چىقالىسىلا، كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالالايدۇ، ئۆزگىرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ھايات يولى بىر بۆلۈك كىتابخانلار ئۈچۈن تەسىرلىك تەجرىبە-ساۋاق بولۇپ، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

**ئىجابىي پېرسوناژ** يازغۇچى ئەسىرىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە مەدھىيىلىگەن، مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەدىئىي ئوبراز، يازغۇچى ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە كۈيلەيدىغان ئوبيېكت. ئىجابىي پېرسوناژلار بەلگىلىك سىياسىي غايە ۋە سىنىپىي مەنپەئەتنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان قەھرىمان پېرسوناژلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجابىي پېرسوناژلاردا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا قارىتىلغان تونۇشى ۋە ھېسسىياتى گەۋدىلىنىدۇ، يازغۇچىنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجابىي پېرسوناژلىرى بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ قانداق ئادەمنى ئىجابىي پېرسوناژ قىلىپ يېزىشىدا، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە خاھىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئىجابىي پېرسوناژلار ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىرى-



دىن بولۇشى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆسۈپ يېتىشكەن خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇشى، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇشى لازىم.

ئىجابىي پېرسوناژلار تۇرمۇش ئاساسىدا يارىتىلىشى لازىم، ئۇلاردەۋر روھىنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىلىرى بولۇپلا قالماستىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىگە ئىگە، ھايات كەچۈرۈۋاتقان، ئىشلەۋاتقان ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇشى لازىم. تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا سۈنئىي ياساپ چىقىلغان ۋە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىجابىي پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ پەند-نەسىھەت قىلىدىغان كانىيىغا ئايلىنىپ قېلىپ بەدىئىي قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

**پېرسوناژ خاراكتېرى** تىپىك مۇھىت، تىپىك خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. پېرسوناژ خاراكتېرى پېرسوناژ ياشىغان كونكرېت مۇھىتتا پەيدا بولىدۇ، يېتىلىدۇ. شۇنداقلا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇئەييەن تارىخىي دەۋر، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا يازغۇچى پېرسوناژنى ئوراپ تۇرغان پېرسوناژ ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن كونكرېت مۇھىتنى توغرا ئىپادىلەپ، توغرا تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەلۇم دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنى ئېچىپ كۆرسىتىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئومۇملاشتۇرۇلغان پېرسوناژ خاراكتېرىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

**پېرسونالىزم** خاراكتېرچىلىق. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ پەلسەپە تەلىماتى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ

بازىرى ئىتتىك. ئۇلار دۇنيادىكى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك "خاراكتېر" ئەڭ ئالىي خاراكتېرنىڭ (ئاللانىڭ) ئىرادىسى، ياكى مەقستى بويىچە راۋاجلىنىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئالەمنىڭ ئۆز تەرتىپى بولىدۇ، ئەمما بۇ تەرتىپ ئاتالمىش "ئەخلاقىي تەرتىپ"دىن ئىبارەت دېگەنلەرنى تەكىتلەيدۇ. ماتېرىيالىستلارنى پەقەت ماددىي مەنپەئەتكىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان يۈكسەك غايىسى يوق كىشىلەر دەپ ھاقارەتلەيدۇ. خاراكتېرچىلار (پېرسونالىستلار) ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇپ "قولغا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىكى بىر يېڭى دۇنيا ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر مەنىۋى تۇرمۇش" (فېلىۋېلىنگ)، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكى ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈم بولماستىن، بەلكى "ئادەمنىڭ خاراكتېرى" ياكى مەنىۋى ھالەت دېگەنلەرنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى "مەنىۋى جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش"كە ۋە "ئەخلاقىي جەھەتتىن قايتا تۇغۇلۇش"قا يېتەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ.

**پېزاژ** (فرانسۇزچە جاي،ماكان سۆزىدىن)بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئۆزىنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، تەبىئەت گۈزەللىكى، بايلىقى، قۇدرىتى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ قەلىمى بىلەن تەبىئەتنىڭ ھاياتبەخش خۇسۇسىيەتلىرى كىتابخانغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە



خاس تۆتلۈكلەر بۇنىڭغا ياخشى مىسالدۇر. ناۋايىدىن تارتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغىچە بولغان ئەدەبىي مىراسلاردا شائىرلار تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشكە سەل قارىغان ئەمەس.

**پېسسىمىزم** (ئۈمىدسىزچىلىك). كەلگۈسىگە ئىشەنچسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراش، روھىي چۈشكۈنلۈك.

پاسسىپ رومانتىزم، سىمۋولىزم (بەلگىچىلىك) ۋە دېكادىنتىزم (چۈشكۈنچىلىك) ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىمىنىڭ تەرغىباتلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان خاھىش.

**پىنھانچىلار** 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئىتالىيە ۋە غەرب دۇنياسىدا تەسىرى كۈچلۈك بولغان شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ بىرى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مەيدانغا كېلىپ 30-يىللاردا تازا روناق تاپقان.

ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيىتى فرانسۇز بەلگىچىلىكى (سىمۋولىزمى)نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ سەنئەتكارلارنىڭ رېئاللىقتىن ئۆزىنى تارتىشىنى، شەخس ھېسسىياتى ئالىمىگە بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تېما جەھەتتىن پارچە-پۇرات مەنزىرىلەرنى، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە پەيدا بولىدىغان تەسىراتلارنى، خام خىيال ۋە يوشۇرۇن تۇيغۇلارنى يېزىشنى، كىشىلەرنىڭ يالغۇزلۇقى، غەم-ئەندىشىلىرى ۋە پاراكەندىچىلىكىنى ئىپادىلەشنى تەرغىپ قىلىدۇ. بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ چىنلىقنى يېزىشقا، تەسەۋۋۇر بولۇشقا، ئاھاڭدارلىق بولۇشقا قارشى

تۇرۇپ، سىزىم ۋە تەسىراتنى ئاساس قىلىدۇ.

**پىيېسسە** (فرانسۇزچە، piece پۈتۈن ياكى ئۈلۈش سۆزىدىن) خىلمۇ- خىل سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ دراما، تراگېدىيە، كومېدىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا "سانايىنەپسە" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چەت ئەللەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان دراما ژانىرىغا كىرمەيدىغان بەزى ئەسەرلەرنىمۇ "پىيېسسە" دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار بار. لېكىن "پىيېسسە" سەھنە ئەسىرى بولۇشى كېرەك، كىچىك ھەجىمدىكى مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ بىر تۈرىمۇ "پىيېسسە" دېيىلىدۇ.

**پىيېتىزم** تەقۋادارچىلىق. 17- ئەسىردىن 18- ئەسىرگىچە گېرمانىيىدە كەڭ تارقالغان دىنىي ئېقىم. ئاساسىي باشچىلىرى پىلىپپ ياكوب سپېنېر (1635-1705)، فرانكې ئاۋگۇست گېرمان (1663-1727) قاتارلىقلار ئىدى.

بۇ ئېقىمدىكىلەر دىنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشىنىشتە ئەمەس، بەلكى كۆندىلىك تۇرمۇشتا "كۆڭۈلدىكى تەقۋادارچىلىق"نى ئىپادىلەشتە دەپ قارىغان، «ئىنجىل»نى تاللاپ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇسسۇل ئويناشقا، تىياتىر كۆرۈشكە قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسىمۇ شېئىرلاردا كەڭ ئەكس ئەتكەندى.

**تەبىئىيچىلەر** ناتۇرالىستلار. 19- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىكى رۇس ئەدەبىياتىدىكى بىر ئېقىم. ئۇ 1842 — 1845- يىلى



ئارىلىقىدا شەكىللەنگەن. بۇ، دەسلەپتە بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى ئەدىبلەرنىڭ گوگولنى ئۇستاز تۇتقان ياش ئاپتورلارنى كەمسىتىپ ئېيتىدىغان ئاتالغۇسى بولغانىدى، كېيىن بېلىنسكىنىڭ قايتا- قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن، روسىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى رېئالىزمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى.

تەبىئىيچىلەر گوگولنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، تەبىئىيلىككە (رېئاللىققا) پۈتۈن كۈچى بىلەن سادىق بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاچقان، تېما جەھەتتىن دېموكراتلىشىش، تىل جەھەتتە ئاممىبابلىشىش جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ "رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى پوستىدا تۇرغان" (بېلىنسكى) ئىدى. ئۇلار يانچىلىق تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلغان (گىرىگورىيېۋىچنىڭ «يېزا» ۋە «جاپاكەش ئانتون»، تۇرگېنېۋنىڭ «ئوۋچى خاتىرىلىرى»)، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ بەختسىز كەچمىشلىرىگە ھېسداشلىق قىلغان (دوستويېۋسكىنىڭ «نامرات»، سالتىكوۋ- شېدرىننىڭ «مۇرەككەپ ۋەقە»)، پايتەخت مەدەنىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى كۆرسەتكەن (دوستويېۋسكىنىڭ «قوش خاراكتېر»)، ئاياللار ئازادلىقىنى چاقىرىق قىلغان (گېرتسېننىڭ «ئوغرى سېغىزخان» قاتارلىقلار) ئىدى.

تەبىئىيچىلەر بېلىنسكىنى مەركەز قىلغان، يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيە ئاساسىي قىلغان ئېقىم بولۇپ، ھەرخىل دۇنيا قاراشتىكى يازغۇچىلار بار ئىدى. 1848- يىلى

بىلىنسكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشگە ئەگىشىپ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش يۈز بەردى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىنقىلابىي دېموكراتلار ۋە ئەركىنچىلەر (لىبېراللار) بولۇپ ئايرىلىپ كەتتى.

**تەپەككۇر** پىكىر يۈرگۈزۈش. پىكىر قىلىش جەريانى.

**ئابستراكت تەپەككۇر** بۇ لوگىك (مەنتىق) تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىلىش جەريانىدا ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە ياردىمىدە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ مەۋھۇملۇقنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلىپ شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىدىن چەتنەيدۇ. ئىلمىي ئابستراكت ئۇقۇم ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، بىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلىدۇ.

**بەدىئىي تەپەككۇر** ئاپتورنىڭ بەدىئىي يىغىنچاقلاش ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ جەرياندىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكت تەپەككۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتالغۇلارنىڭ ئەنە شۇ قىسمىغا قاراڭ.

**ئوبرازلىق تەپەككۇر** يازغۇچى تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىنى ۋە چۈشەنچە، باھاسىنى بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەھلىلىي-ئوبرازلىق تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ.



مەلۇمكى، ئىنسانلار پىكىر قىلىشتا ئورتاق پىكىر قىلىش قانۇنىيىتىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش، خۇددى «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەردە كۆرسىتىلگەندەك: "ئەقلىي بىلىش ھېسسىي بىلىشكە بېقىنىدۇ. ھېسسىي بىلىشنى ئەقلىي بىلىشكە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىدۇر"[①]. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى: ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا كىشىلەر ئوخشىمىغان ئىككى خىل پىكىر قىلىش شەكلىنى قوللىنىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرى — ئابستراكت تەپەككۇر (بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇرمۇ دېيىلىدۇ)، يەنە بىر خىلى — ئوبرازلىق تەپەككۇر (بۇ، بەدىئىي تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ئابستراكت تەپەككۇر بولسا كىشىلەر بىلىش جەريانىدا ھېسسىيات ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، شەيئىلەرنىڭ ھېسسى خۇسۇسىيەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر بولسا — بىلىش جەريانىدا ھېسسىياتلار ئاساسىدا ئۇمۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھېسسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلىمايدۇ، بەلكى شەيئىلەردىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، كونكرېت ھېسسىي خۇسۇسىيەت بىلەن ئىنچىكە، نازۇك نۇق-

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 552 - بەت.

تىلىرىنى تاللاپ ئومۇملاشتۇرۇپ، بۇ شەيئىلەرنىڭ تۈپكى ماھىيىتىنى ئىگەللەپ ئېلىشقا بىرلەشتۈرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى مانا شۇ خۇسۇسىيەت ۋە ئىچكى نۇقتىلارغا ئاساسەن ئېنىق روشەن، ئېنىق كونكرېت ۋە ئېنىق گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئوخشاشمايدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئوخشاشلا ھېسسىي بىلىش جەريانىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈشنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن ئۇلار بىرسى، ئابستراكت ئۇقۇمغا تايانسا، يەنە بىرسى، بەدىئىي ئوبرازغا تايىنىدۇ. مانا بۇ پىكىر قىلىش (تەپەككۇر) ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدۇر.

خۇلاسە: ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش قانۇنىيىتى بولغانلىقىدىن ئىبارەت. يەنى: ئوبرازلار ئارقىلىق بولىدىغان بۇ تەپەككۇر شەكلى ئېستېتىكىلىق تەپەككۇر بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، كەشتىچىلىك، ئويما سۇرەتچىلىك، تىل سەنئىتى، كىنو، دراما قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ئەنە شۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

**تەپسىلات** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار خاراكتېرى، ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي



ھارائىت ۋە تەبىئەت مەنزىرىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۇششاق تارماقلىرى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى، ھەرىكىتى، ئوراپ تۇرغان مۇھىتى، تىلى، خاراكتېرى، ھەر خىل تەبىئەت مەنزىرىلىرى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ماددىي بۇيۇملار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كونكرېت تەسۋىرلەر.

**تەجنىس** (ئەرەبچە، جىنسداش سۆزدىن) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىدا ۋە يازما ئەدەبىياتىدا بىر خىل بەدىئىي سەنئەت تۈرى. تەجنىس سەنئىتى شەكىلداش، بىراق باشقا-باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەجنىسنىڭ يەتتە تۈرى مەۋجۇت. ئۇلار ئۆز خاراكتېرىگە مۇۋاپىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى: تەجنىسى توم (مۇتلەق تەجنىس). تەجنىسنىڭ بۇ تۈرىدە سۆزلەر تولاراق شەكىلداش بولىدۇ:

ئاندا ھەر بېيت نەچچە مەنائىلە
بېيت ئەمەسكىم غېرىبخانەدور.
(ناۋايى)

بۇ مىسالدىكى "بېيت" سۆزى ئىككى مەنىدە — غەزەل بەندى ۋە ئۆي مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

ئىككىنچى: تەجنىسى ناقىس (نۇقسانلىق تەجنىس) تەجنىسنىڭ بۇ خىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ئىملادا ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

مەسلەن:

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال، مېنى.
(تېيىبجان ئېلىيېۋ)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇ سەنئەت تۈرىگە ۋارىسلىق قىلىش تەدرىجى كېڭەيمەكتە.

**تەخەللۇس** يازغۇچىلارنىڭ بىرەر سۆزنى ئۆزلىرىگە نام قىلىپ ئېلىشى ۋە شۇ نامنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قوللىنىشى. مەسلەن: ناۋايى (ئەلىشىر)، بابىر (زاھىرىدىن مۇھەممەت)، لۇشۈن (جۇ شۇرېن) ماۋدۇن (شىن يەنبىڭ)، قايىنام ئۆركىشى (لۇتپۇللا مۇتەللىپ) دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن شائىرلار تەخەللۇس ئىشلەتكەن، بۇ ھال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ قىسمەن ھالدا داۋاملىشىپ كەلدى.

**تەخمىس** مۇخەممەسنىڭ بىر تۈرى. مۇنداق مۇخەممەسنىڭ بەندلىرى بىر شائىرنىڭ مىسرالىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىككى شائىرنىڭ مىسرالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى بىر شائىر يەنە بىر شائىرنىڭ غەزىلىدىن ئىككى مىسرادىن ئېلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە مۇناسىپ ئۈچ مىسرادىن قوشۇپ بەش مىسرالىق بەندلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.



**تەرجىئى بەند**(ئەرەبچە) كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى لىرىكىنىڭ بىر تۈرى، تەرجىئى بەند بىرنەچچە بەند (بېيىت)تىن تەشكىل تاپىدۇ، ھەربىر بەند غەزەل ئۇسۇلىدا قاپىيىلىنىدۇ، ھەربىر كۇپلېت ئۆز ئالدىغا ئۇدا قاپىيە (بەزىدە ئەركىن ياكى ئالماش قاپىيە) بىلەن داۋام قىلىدۇ، باشتىكى كۇپلېتنىڭ ئاخىرقى بېيىتى ھەممە كۇپلېتلاردا ئەينەن تەكرارلىنىدىغان بولۇپ، ھېچبىر ئۆزگىرىشسىز كېلىۋېرىدۇ، ھەربىر كۇپلېت ئاخىرىدا تەكرارلانغان بۇ بېيىتتە ئاساسىي پىكىر گەۋدىلەنگەن بولىدۇ ۋە شۇ كۇپلېتى خۇلاسىلەش رولىنى ئۆتەيدۇ.

ناۋايىنىڭ «خازايىنۇل مەئانى» دېگەن ئەسىرىدە بىرقانچە تەرجىئى بەند بار. تۆۋەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

كۆك قەرىدە تاڭ چولپىنى تۇغدى-پارلىدى،
كۈن لەشكىرى مەۋجۇداتنى تۈندىن ئايرىدى؛
يىل باھارنى تۆت پەسىلگە رەئىس سايلىدى،
تەبىئەتكە ھايات سۈيى كەلدى-يامرىدى.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى،

قويدى قەدەم كۈن ھەمەلگە قارنى پوش-پوشلاپ،
كۆك مۇز ئېرىپ، كەتتى ئەگىز رەزگىنى باشلاپ؛

كىيدى زېمىن يېڭى ئېگىن جەندىنى تاشلاپ،
سېخى بولسا باھار رىزقى كېلۇر قوش-قوشلاپ.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆڭۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

(ئىمىن تۇرسۇن)

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاخىرقى بېيىت ھەر ئىككى كۇپلېت شېئىردا ئاساسىي مەقسەتنى خۇلاسىلەش رولىنى ئوينىغان.

**تەزكىرە** (ئەرەبچە) يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلىپ، ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرۈلگەن كىتاب. تەزكىرە بۇ جەھەتتىن ئانتالوگىيىگە ئوخشايدۇ. تەزكىرىچىلىك ئۆتمۈش ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ بىر ساھەسى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىمۇ مەشھۇر تەزكىرىلەر قاتارىغا كىرىدۇ، تەزكىرىلەر ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**قەبرە تەزكىرىسى** مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەبرىسىگە، قەبرە تېشى، قەبرە سۇپىسى، قەبرە تاختىلىرىغا يېزىلىدىغان تەزكىرە. بۇنداق تەزكىرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەبرە ئاستىدىكى كىشىنىڭ تۇغۇلۇشتىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئېلىپ بارغان مۇھىم ئىش-پائالىيەتلىرىنى جانلىق ئىبارىلەر بىلەن قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىدۇ.



قەبرە تەزكىرىلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ شېئىرى يول بىلەن يېزىلىدىغانلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مۇنداق بولغاندا تەبىئىيكى شېئىرىيەتنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلانغان بولىدۇ. يەنى، تەزكىرىدە كۆپتۈرۈش، مۇبالىغە، ئوخشىتىشلارمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق تەزكىرىلەرگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشقا، پاكىتلار بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىش چېكىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**تەسەۋۋۇر** بىرنەرسىنىڭ ياكى ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى ئويلاپ، ئۇنى زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش، خىيالىغا كەلتۈرۈش، پىكىرلەش. يازغۇچى، سەنئەتكار ئىجاد قىلىشتا باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىدۇ. كۆرگەن-بىلگەنلىرىگە ئاساسەن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق توقۇيدۇ، ئومۇملاشتۇرىدۇ. تەسەۋۋۇرسىز ئەدەبىي ئىجادىيەت بولمايدۇ.

**تەسۋىر** ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، تەسۋىر ئارقىلىق پېرسوناژ ۋەقەلىك ۋە باشقا شەيئىلەرنىڭ شەكىل-ھالىتى، ئالاھىدىلىكى كونكرېت سۈرەتلىنىدۇ. تەسۋىر پورترېت تەسۋىرى، روھىي ھالەت تەسۋىرى، شارائىت تەسۋىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئاق تەسۋىر** ئەسلىدە جۇڭگوچە رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، قارا بوياق بىلەنلا نەرسىلەرنى سىزىپ كۆرسىتىدىغان، ھەر خىل بوياق ئىشلەتمەيدىغان بىر خىل رەسىم

تۆرىنى كۆرسەتتى. بۇ ئۇسۇل كۆپرەك ئادەم ۋە گۈل-گىيالارنى سىزغاندا قوللىنىلغان. ھازىر ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۈپىتىدىمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. يەنى، كۆپتۈرۈش، ئاشۇرۇش ۋاستىلىرىنى كۆپ قوللانماي، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەڭ قىسقا، ئاز قەلەم بىلەنلا ئىپادىلەپ روشەن، جانلىق ئوبرازنى سۈرەتلەش ئاق تەسۋىر دېيىلىدۇ. لۇشۈن "ئاق تەسۋىر"نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى شۇكى، قىسقا، ئىخچام، جانلىق بولىدۇ، "نان تېگىدىغان" گەپنىلا قىلىدۇ.

**بىۋاستە تەسۋىر** ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەسۋىرلەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىۋاستە تەسۋىردە ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ ھەممىنى (تاشقى كۆرۈنۈشى، پورترېتى، روھىي ھالىتى، تىلى ۋە ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى) بىۋاستە ئىپادىلەپ، ئۇنى كىتابخانلارغا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە دائىم قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

**پورترېت تەسۋىرى (قىياپەت تەسۋىرى)** پېرسوناژلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، چىرايى، كىيىنىشى، تەقى-تۇرقى، روھىي ھالىتى، بەدەن فىگۇرىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئىچكى دۇنياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئىدىيىۋى خاراكتېرنى ئېچىشقا ياردەم بېرىدىغان پورترېت تەسۋىرىگە



ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**پىسخىك تەسۋىرى** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى، روھىي قىياپىتى ۋە مەنىۋى پائالىيىتىنى بىۋاستە تەسۋىرلەپ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەمدە قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى تىلسىملارنى ئېچىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ سۆز، ھەرىكەتلىرىنىلا تەسۋىرلەپ، پېرسوناژنىڭ ئاشۇ سۆز، ھەرىكەتلىرى بىلەن ماسلاشقان پىسخىكىسىنى كۆرسەتمىگەندە پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. پىسخىك تەسۋىرى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئۇسۇل ۋە تىپىك ئوبراز يارىتىشتىكى مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. 19-ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلار پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكى تەھلىلى ۋە تەسۋىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. لېۋ تولستوينىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىسخىك تەسۋىرنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىكلىكى توغرىسىدا چېرنىشېۋسكى مۇنداق دېگەنىدى: "ئۇ پىسخىك جەريانىنىڭ نەتىجىسىنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمەيدۇ: ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى جەريانىنىڭ ئۆزى — تۇتقىلى بولمايدىغان پىسخىك تۇرمۇش ھالىتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي نورمال تېزلىك، ھەم يەنە چەكسىز كۆپ خىل ئۆزگىرىشلەرنى گراف تولستوي ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ چىققان." («‹بالىلىق› ۋە ‹ئۆسمۈرلۈك›»، «گراف ل. ن. تولستوينىڭ

ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى توپلىمى»)

پىسخىك تەسۋىرىدە دائىم ئىككى خىل ئۇسۇل ئۇچرايدۇ: 1. بىۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى تەھلىلى، خىيالىغا چۆكۈشلىرى، ئىچكى مونولوگلىرى، ئىچكى دىئالوگلىرى، ھەمدە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار پىسخىكىسى ئۈستىدىكى تەھلىلى، ئوپېراتسىيىسى ۋە تەسۋىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىي، كونكرېت ئىجادىيەت جەريانىدا، بۇلار ئاپتور تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىلىدۇ. 2. ۋاستىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ كۆپرەك مەلۇم مۇھىت، ۋەقە، ياكى پېرسوناژلارنىڭ چىراي ھالىتى، ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ پېرسوناژنىڭ پىسخىك پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

**تەپسىلات تەسۋىرى** ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ مەلۇم ئىنچىكە ھەرىكەتلىرى ياكى نازۇك، كىچىك ۋەقەلىكلەرنى كونكرېت تەسۋىرلەش. تەپسىلات تەسۋىرى پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش، مۇھىت ۋە ۋەقەلىكلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بەدىئىي ۋاستە بولۇپ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەپ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى چوڭقۇر، جانلىق يارىتىلماقچى بولغان پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازى بىر تالاي مول ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تەپسىلاتلاردىن تەشكىللىنىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تەپسىلاتلار تەسۋىرىسىز ئەدەبىي



ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مۇبادا مول ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تەپسىلات تەسۋىرى كەم بولىدىكەن، ئەسەر ئادەتتىكىچىلا، تەمسىز، ئوبرازلىرى خۇنۇك بولۇپ قالىدۇ.

تەپسىلات تەسۋىرى چىن بولۇشى ھەم تىپىكلىككە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ، باش تېمىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

تەپسىلات تەسۋىرى ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى لازىم.

**مۇھىت تەسۋىرى** ئادەم بەلگىلىك شارائىت (مۇھىت) ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار يەككە-يېگانە بولماستىن، ئەتراپتىكى مۇھىت شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان شارائىتنى تەسۋىرلەش مۇھىت تەسۋىرى دېيىلىدۇ.

**ھەرىكەت تەسۋىرى** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىش ھەرىكەت تەسۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پېر-

سوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن شۇ پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس: "پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى بىلەنلا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى يەنە قانداق قىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ" («ف. لاسسالغا») دېگەنىدى. "قانداق قىلىدىغانلىقى"، دەل پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتىدۇر.

**ۋاستىلىك تەسۋىر** تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنى بىۋاسىتە تەسۋىرلىمەي، شۇ ئوبيېكت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىت، پېزاژ، پېرسوناژلار ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىنى تەسۋىرلەش مۇددىئاسىغا يېتىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**تەسىرات خاتىرىسى** ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىنو فىلىم ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئۇسلۇبى كۈچلۈك خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەسىرات خاتىرىلىرىنىڭ بەزىلىرى خېلى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەدەبىي ئەسەر بولۇپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن: گو مورونىڭ «‹سۈن ۋۇكۇڭنىڭ پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىنى ئۈچ قېتىم يوقىتىشى›نى كۆرگەندىن كېيىن» دېگەن ماۋزۇدا يازغان "چىلۇ" شەكىللىك تەسىرات خاتىرىسى بەدىئىيلىكى يۇقىرى شېئىردۇر.

**تەقرىز** ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر، كىنو-تىياتىر ۋە باشقىلار ئۈستىدە يېزىلغان، ئۇلارنى تەھلىل قىلغان، باھا بەرگەن كىچىك ئەدەبىي تەنقىدىي



ئەسەر.

تەقرىز ئادەتتە ھازىر جاۋابلىق بىلەن مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلىدۇ، تەقرىزچى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ، بۇ ھال ئاپتورغا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ياۋروپا ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا تەقرىزنى "رېتسېنزىيە" (Рецензия) دەپ ئاتايدۇ.

**تەقلىدچىلىك** ئەدەبىيات-سەنئەتتە تۇغرا بولمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى. تەقلىدچىلەر غەربىي ياۋروپادا دەسلەپ بىرمەزگىل كلاسسىزمگە تەقلىد قىلىش شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ "ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشى"گە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولۇشقانىدى. كېيىن ئۆزلىرى "كلاسسىزمغا ۋارىسلىق قىلىش" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى تەشەببۇسلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتى. بۇلار "يېڭى كلاسسىزم"چىلار، "ساختا كلاسسىزم"چىلار دەپ ئاتالدى (شۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھىغا قاراڭ).

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ تەقلىد قىلىپلا يازىدىغان، دوراپلا يازىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇللىرى بار. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى تېمىسىغا، بەزىلىرى شەكلىگە، بەزىلىرى ئۇسلۇبىغا، بەزىلىرى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەتتا تىل ئىشلىتىشكىچە تەقلىد قىلىدۇ.

**ترادىتسىيە** نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ ئەنئەنە تۈسىگە كىرگەن رەسىم-قائىدە، ئادەت، تەرتىپ؛ ئەنئەنە. مەسىلەن: كونا ترادىتسىيىلەر، ياكى ئەنئەنىلەر.

**تراگېدىيە** (گرېكچە) دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى. بۇ دەسلەپتە قەدىمكى گرېتسىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى زوراۋان كۈچلەرگە قارشى ھايات-ماماتلىق كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. كۆرەشنىڭ يېشىمى قەھرىمان ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مانا بۇ تراگېدىيىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

تراگېدىيە دېگەن بۇ نام ئەسلىدە تەڭرى دىئونىس شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بايرامدىكى خەلق تاماشاسىدىن ئېلىنغان. دىئونىسقا قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆچكە كەلتۈرۈلگەن (ئۆچكە گرېكچە tiragos دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ مۇراسىمدا ئۇسسۇلغا چۈشۈش ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ئۆچكە ھەققىدە قوشاق ئېيتىش (قوشاقنى گرېكچە ode دەپ ئاتايدۇ) قاتارلىق پائالىيەتلەر بولغان. دېمەك، تراگېدىيە ئاتالغۇسى ئىككى سۆزدىن: tiragos (ئۆچكە) ۋە ode (قوشاق)تىن تەركىب تاپقان.

كېيىنچە، تراگېدىيە ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ، مەخسۇس تىياتىر ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالغان.

16-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۈيۈك ئىنگلىز دراماتۇرگى ۋ. شېكىسپىرنىڭ ئۆتكۈر



قارىمۇقارشىلىقلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېچىپ بەرگەن تراگېدىيىلىرى پۈتۈن دۇنيادا شۆھرەت قازاندى.

مەملىكىتىمىزدىمۇ تراگېدىيە ژانىرىدا بىرمۇنچە ئەسەرلەر يارىتىلغان. مەشھۇر دراماتۇرگ ساۋ يۈينىڭ «گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر» ناملىق تراگېدىيىسىدە كونا جۇڭگونىڭ جىنايىتى ئېچىپ تاشلانغان، بۇ تراگېدىيە قاتتىق پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مانا بۇ ھازىرقى زامان تراگېدىيىلىرىگە ياخشى مىسال بولالايدۇ.

**تراگىكومېدىيە** تراگېدىيە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كومېدىيە ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ يارىتىلغان دراماتىك ئەسەر.

**ترانسكرىپسىيە** تاۋۇش بەلگىلىرى. بىرەر تىلدىكى نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى شەرتلىك بەلگە ۋە ھەرپلەر ئارقىلىق ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئاشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى.

**ترىلوگىيە** (گرېكچە tirilogia) ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن پىلانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈچ پارچە دراماتىك ياكى پروزائىك (نەسىر) ئەسەر. مەسىلەن: ماكسىم گوركىينىڭ «بالىلىق چاغلىرىم»، «كىشىلەر ئارىسىدا»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىم»؛ ئا. ن. تولستوينىڭ «سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا» («ئىگىچە-سىڭىل»، «1918-يىل»، «تاڭ قاراڭغۇسىدا») قاتارلىقلار. بۇ ئەسەرلەر بىر-بىرىنى تېماتىك — غايىۋى جەھەتلەردىن

تولۇقلىغۇچى سۈپىتىدە، شەرتلىك ھالدا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا "ترىلوگىيە" دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**تولۇقلىما** تولۇقلىما ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئۇسۇل. ئاپتور رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى جانلىق، چىن، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەمىشە تولۇقلىما ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. يەنى: ئۆزى كۆزەتكەن، چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ۋە ئىگەللىگەن مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا نىسبەتەن، توغرا دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەھلىل قىلىش، تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ۋە ئاشۇ ئاساستا تەسەۋۋۇر قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز ئىجاد قىلىدۇ.

تولۇقلىما ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بەدىئىي تولۇقلىما ئەينى ۋاقىتتا يەنە تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ تولۇقلىما ئارقىلىق ئىجاد قىلغان بەدىئىي ئوبرازلىرى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلار بولمىسىمۇ، ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىچكى مەنتىقىسىگە ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئۇ رېئال تۇرمۇشتىن ئۈستۈن بولۇشى، چىنلىقنى ۋە تەسىرلەندۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

**تۇراق** بارماق ۋەزنىدىكى شېئىر مىسرالىرىنىڭ رىتىملىق بۆلەكلىرى (بۇنداق بۆلەكلەر ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا



رۇكىن دەپ ئاتىلىدۇ). تۇراق شېئىرنىڭ رىتىمىنى ۋە مۇزىكىلىقلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، شېئىر مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىشى تۇراق دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

ۋەتىنىم كۆردۈم مەن ئەتەڭنى،
بۈگۈننىڭ ئەڭگۈشتەر كۆزىدە.
ئۇ ساڭا راسلاپتۇ پاياندار،
تەبەسسۇم جىلۋىسى يۈزىدە.

تەبىئىيكى، بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان كىشى ئۇزۇنىغا ئوقۇپ كېتىۋەرمەيدۇ. بەلكى، ھەربىر مىسرادىكى سۆزلەر ئارىلىقىدا سەل-پەل توختاپ ئوقۇيدۇ. بۇ توختىلىشلار تەرتىپلىك يوسۇندا تەكرارلىنىپ، رىتىم ھاسىل قىلىدۇ-دە، سۆزلەرگە بىر خىل ئاھاڭدارلىق بەخش ئېتىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدا ئۈچتىن تۇراق بولۇپ، ھەربىر قۇر توققۇز بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان.

**تۈگۈن** بەدىئىي ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. مەسىلەن: يازغۇچى جاۋ شۇلى يازغان «لى يۇيسەينىڭ قوشاقلىرى» ناملىق ھېكايىنىڭ ئىككىنچى ئابزاستى، يەنى «لى يۇيسەينىڭ گەمىسىدىكى سۆھبەت» دېگەن ماۋزۇ بۇ ھېكايىدىكى توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنىدۇر. بۇنىڭدا يەنجاسۇنىنىڭ كونا كەنت باشلىقى يەن جافۇ ئەمەلدىن بوشىتىلىپ يېڭىدىن

كەنت باشلىقى سايلانغانلىقى، لى يۈيسەي بىلەن شياۋفۇ، شياۋيۈەن، شياۋشۇن، شياۋفۇلارنىڭ "ئىشنى توغرىلاش" ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرىدىن كەنت باشلىقى سايلىماقچى بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن توقۇنۇش ۋە كۈرەش باشلىنىدۇ.

**تېز يازما** بۇ ئەسلى رەسىم سىزىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ "تېز سىزما" دەپمۇ ئاتىلاتتى. رەسسام ئۆزى ئۇچراتقان شەيئىلەردىن تەسىرلەنگەندە ۋە ئىجادىيەت ئىلھامى قوزغالغاندا ئىگەللىگەن خام ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە ئوبراز يارىتىشتىن ئىلگىرى ناتۇرا (ئاتالغۇنىڭ ئىزاھىغا قاراڭ) سۈپىتىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەسىراتىنى ئاددىي، ئىخچام خاتىرىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى "تېز يازما" ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. يېزىلغان ئەسەر ھەممىشە دېگۈدەك تۇرمۇشنىڭ ئايرىم پارچىلىرى، مەلۇم كۆرۈنۈش ۋە مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كىتابخانلارغا تېز، چوڭقۇر تەسىر بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**تېما** (گرېكچە) يازغۇچى تاللىغان ۋە تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ۋەقەلىرى، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يورۇتۇلغان مەسىلىلەر. ئەسەرنىڭ تېمىسى ئۇنىڭ غايىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. گوركى: "تېما يازغۇچىغا تۇرمۇش تەرىپىدىن



بېرىلگەن غايە دېمەكتۇر" دەيدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەردە يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، غايىسى، بەدىئىي ماھارىتى بىلەن باغلانغان ھالدا مەلۇم ۋەقەلەر دائىرىسى رەڭگارەڭ تەسۋىرلىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشى مۇمكىن. تېما بىلەن غايە ئەسەرنىڭ يېگانە غايىۋى تېماتىك ئاساسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرىدۇ. تېما كەڭ مەنىدە، شۇنداقلا تار مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

**باش تېما** ماقالىنىڭ تۈتقىسى. ئۇ پۈتۈن ماقالىنىڭ جېنى بولۇپ، ماتېرىيال تاللاش، ماقالىنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تىلىنى قوللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىدۇ، باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. باش تېما خۇددى بىر تال يىپقا ئوخشاش پۈتۈن ماقالىنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي بۆلەكلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە كەلتۈرىدۇ. باش تېمىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ماقالىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ھالقا.

مەيلى قايسى خىلدىكى ماقالە بولمىسۇن، ئۇنىڭدا بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ھەل قىلىنىدۇ، ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ھەل قىلىنغان مۇشۇ مەسىلە باش تېما دېيىلىدۇ. ئاپتور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، دېمەك، باش تېما ۋە ئاپتورنىڭ باش تېمىغا بولغان باھاسى بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ، شۇڭا

باش تېما "باش تېما ئىدىيىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بولسا، باش تېما ئىدىيىسى "مەركىزىي ئىدىيە" دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى باھالاش ئۇنىڭ باش تېمىسىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى تەھلىل قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ، ئادەتتە باش تېما ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ گەۋدىسى ھەم يادروسى بولۇپ، تېما ئاشۇ ئاساسىي گەۋدىنى روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، يەنى باش تېما ئەسەرنىڭ تېمىسى ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ، تېما بولسا باش تېمىنىڭ قوماندانلىقىدا تەشكىللىنىدۇ، باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تاللىنىدۇ، تېما بولمىسا، باش تېمىمۇ بولمايدۇ.

ماۋدۇننىڭ «باھار پىلىسى» دېگەن ئەسىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا 30-يىللاردىكى جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسىدۇر. ئەمدى ئۇ ئەسەردە مول ھوسۇلنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى، يېزىلارنىڭ خانىۋەيران قىلىنغانلىقى، دېھقانلارنىڭ سىلىقى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ باش تېما لاۋتوڭباۋ ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن گەۋدىلەنگەن. ئابدۇرەھىم نىزارى يازغان «رابىئە-سەئدىن» داستانىنىڭ تېمىسى رابىئە بىلەن سەئدىننىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق جاھالەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى



پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمدى بۇ ئەسەردە فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ۋەھشىلىكىنى رابىئە-سەئدىندەك ئازادلىق، ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلىش بىلەن دېموكراتىك ئىدىيە گەۋدىلىنىدۇ، مانا بۇ داستاندىكى باش تېمىدۇر.

**ئاساسىي باش تېما ۋە قوشۇمچە باش تېما** بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، تەسۋىرلەش، سۈرەتلەش كارتىنىسى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مۇرەككەپ، چىگىش ۋەقەلىكلەر قاتمۇقات گىرەلىشىپ كەتكەن، پېرسوناژلىرىمۇ نۇرغۇن بولىدۇ. مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى بىرلا بولماسلىقى مۇمكىن. ئوبراز، كۆرۈنۈش، ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيە، كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئاساسىي مەسىلە ئاساسىي باش تېما بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئاساسىي تەرەپلەرگە قارىتىلغان ھۆكۈم ۋە باھاسى، چۈشەندۈرۈشلىرى ھەمدە مەركىزىي ئىدىيىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك باشقا مەلۇم ئىدىيە قوشۇمچە باش تېما بولىدۇ.

قوشۇمچە باش تېما ئاساسىي باش تېمىنى كېڭەيتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ، شۇنداقلا ئاساسىي باش تېمىنى كۈچەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ماۋدۇننىڭ «تۈن يانغاندا» رومانى 30-يىللارنىڭ بېشىدىكى جۇڭ-

گونىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەپ، جۇڭگونىڭ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىغا ماڭالمىغانلىقىنى، ئەكسىنچە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمى ئاستىدا تېخىمۇ مۇستەملىكىلىشىپ كەتكەنلىكىدەك بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتور يەنە مۇرەككەپ، چىگىش سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىشچى، دېھقانلار ئىنقىلابىي دولقۇنى ساقلانغىلى بولمايدىغان تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈلىدىغانلىقىدەك بۇ بىر ئىدىيىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەركىزىي ئىدىيە ئاساسىي باش تېما، كېيىنكى ئىدىيە بولسا قوشۇمچە باش تېمىدۇر.

**تېماتىكا** بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان باشقا كىچىك تېمىلارنىڭ يىغىندىسى، ئۇ ئەسەردە غايىۋى بەدىئىي پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ.

**تېكىست** (لاتىنچە. توقۇلما، ئالاقە سۆزىدىن) ئاپتورنىڭ ئەسلى سۆزى، ئەسەرنىڭ قول يازمىسى ياكى نەشر قىلىنغان نۇسخىسى.

**تېكىستولوگىيە** ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ قوشۇمچە بىر ساھەسى. ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك (قول يازما، باسما) نۇسخىلىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى (ياكى ئۇنىڭغا يېقىن نۇسخىسى)نى تىكلەيدۇ، ئېنىقلايدۇ، تېكىستنى نەشرگە تەييارلايدۇ.

**تېلېۋىزىيە تىياتىر ياكى تېلېۋىزىيە فىلىم** تېلېفىلىم دەپ-



مۇ ئېيتىلىدۇ. رادىئو، تىياتىر ۋە كىنو فىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يۇغۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋى سۈرەتكە ئېلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرسىتىلىدىغان، كۆرۈش سەزگۈسى پەيدا قىلىدىغان ئوبرازلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ تېلېۋىزورنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىققان.

تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېپيېڭى سەنئەت سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: 1. چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ ئوخشاش ئوڭايلىق كەلتۈرۈپ، ھەممىگە بىردەك بەدىئىي زوق بېرىدۇ. ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەركىن، بىمالال كۆرىدۇ. ئالدى ئورۇن، كەينى ئورۇن، يىراق-يېقىن دېگەندەك غەلۋىلىرى يوق. شۇڭا ئۇ ئىنتايىن قولاي شارائىتقا ئىگە "ئائىلىۋى سەنئەت" ئاتىلىدۇ. 2. رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى تېز، ۋاقتى-قەرەلىدە بولىدۇ. تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىسقا، ئىخچام، دراماتىك توقۇنۇشلىرى ئاشۇ سەۋەبتىن يىغىنچاق، كارتىنىلىرى، مەنزىرىلەر تۇرمۇشقا ناھايىتى يېقىن بولغانلىقتىن نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تېز ئەكس ئەتتۈرۈشكە يەنىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. 3. ئۇ يىغىنچاق، قىسقا، ئەپچىل، چىنلىقلىقى كۈچلۈك، تەبىئىي بولىدۇ.

تېلېۋىزىيە تىياتىرى تۆۋەندىكى خىللارغا بۆلۈنىدۇ:

1) يەككە تىياتىر. بۇ بىرلا قىسىم بولىدۇ. شۇ بىرلا قېتىمدا ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەممە مەزمۇن ئورۇنلىنىپ بولىدۇ.

2) كىچىك تىياتىر. بۇمۇ بىرلا قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن تېخىمۇ قىسقا بولىدۇ. ئۇزۇنراقلىرى 20 ـ 30 مىنۇت ئىچىدە، قىسقىلىرى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئورۇنلىنىپ بولىدۇ.

3) چاتما تىياتىر. بۇ كۆپ قىسىملىق تىياتىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ۋەقەلىكى ۋە پېرسوناژلىرى ئۆزئارا چېتىشىپ داۋاملىشىۋېرىدۇ، ئەمما، ھەرقايسى قىسمى يەنە ئۆز ئالدىغا بىر ئابزاس بولۇپ مۇئەييەن سۇژېت مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنى بىر قىسىم، بىر قىسىمدىن ئايرىپ قويۇشقىمۇ، ئىككى، ئۈچنى ئۇلاپ قويۇشقىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «ۋۇ سۇڭ» قاتارلىقلار.

4) يۈرۈشلەشكەن (يۈرۈشلۈك، بىر يۈرۈش) تىياتىر. بۇنىڭدا بىر، ياكى بىرنەچچە ئاساسىي پېرسوناژ پۈتكۈل تىياتىر قۇرۇلمىسىغا قاتنىشىدۇ، ئەمما ۋەقەلىكى بىر ـ بىرى بىلەن چېتىشمايدۇ. ھەرقايسى قىسمى ئۆز ئالدىغا بىر يېڭى ۋەقەلىك سۇژېتقا ئىگە بولىدۇ، ئۇ قىسىم بىلەن بۇ قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى سۇژېت باغلىنىشلىقى بولمايدۇ. مەسىلەن: يۇگوسلاۋىيىنىڭ تېلېۋىزىيە يۈرۈشلۈك تىياتىرى «قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر»، ئەنگلىيىنىڭ تېلېۋىزىيە يۈرۈشلۈك تىياتىرى «ھولمېسنىڭ دېلو رازۋېت قىلىشى» قاتارلىقلار.

تىپ مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى كىشىلەرگە خاس خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان شەخس ئوبرازى.

مەلۇم بىر تىپ يارىتىش ئۈچۈن، بىر تائىپىدىكى ناھايىتى



نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ماكسىم گوركىينىڭ پىكرىچە، سەنئەتكارنىڭ تەسەۋۋۇرى باي، ئويلاپ چىقىرىش قابىلىيىتى زور بولۇشى كېرەك. يازغۇچى ئۆزىگە تونۇش دۇكاندار، سودىگەر ياكى ئىشچى ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ دۇكاندار، سودىگەر ۋە ئىشچىلارنى ئۆگىنىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىنىپىي قىياپىتىنى بەلگىلىگۈچى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئادەتلىرىنى ۋە باشقىلارنى بىر ئوبرازدا بېرىشنى بىلىشى كېرەك.

لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدىكى ئاQ كونا جەمئىيەتتىكى جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان تىپ . زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە ئېزىلگەن نامرات كىشىلەرنىڭ يېڭى جەمئىيەت شارائىتىدا روناق تېپىپ يارامىلىق، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلانغانلىقى مەتنىياز ئوبرازىدا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان مىڭلىغان يېڭى دېھقانلارنىڭ تىپى، ئۇ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە.

**تىپىك ياكى تىپىكلىك** تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز (ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق)نىڭ بىرلىككە كېلىش دەرىجىسى. بەدىئىي ئوبرازدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق قانچە روشەن بولسا، ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي ماھىيەت شۇنچە چوڭقۇر بولغان، ئومۇملۇق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق قانچە

ياخشى بىرلىككە كەلگەن بولسا، تىپىكلىك شۇنچە يۇكسەك بولغان بولىدۇ. تىپىك ياكى تىپىكلىك، ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بىر بەدىئىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ، ۋەقەلىك، شارائىت قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇش-بولالماسلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش ياكى ئېچىپ بېرەلمەسلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

**تىپىك پېرسوناژ** ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئورتاقلىقى يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، يەنى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ بولغان، ۋەكىللىك خاراكتېرىمۇ بولغان، روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، سىنىپنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى.

تىپىك پېرسوناژ ئادەتتە "تىپ" ياكى "تىپىك خاراكتېر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھەرقانداق بىرەر تىپنىڭ ھەممىسىدە روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن ئورتاقلىق، كونكرېتلىق بىلەن ئومۇملۇق دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

**تىپىك خاراكتېر** ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بەلگىلىك دەۋر، بەلگىلىك سىنىپ ئادەملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى.



ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خۇلقى، ئىدىيىسى، پەزىلىتى، غايە-ئارزۇسى، ھەرىكەت قىياپىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى، كىيىنىش ئادىتى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

خاراكتېر ناھايىتى مۇستەقىل ۋە بەكمۇ "خۇسۇسىي" نەرسىدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇ كىشى ياشىغان دەۋر، شۇ ئادەم تەۋە سىنىپ، مىللەت، شۇنداقلا شۇ ئادەم قاتناشقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ ئادەملىرىدە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بىر سىنىپنىڭ ئادەملىرىدىمۇ، تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**تىپىك شارائىت** تىپىك پېرسوناژلار ھايات كەچۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان كونكرېت ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئىدىيە، ھەرىكىتى مانا شۇنداق شارائىت ئىچىدە شەكىللەنگەندىلا، يازغۇچىمۇ پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان بۇ خىل كونكرېت شارائىتنى تولۇق

ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن تىپىك پېرسوناژلارنى مەيدانغا چىقارغىلى بولىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ، تىپىك خاراكتېر ۋە تىپىك شارائىت ئۆز ئارا گىرەلەشكەن بولۇپ، بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ.

**تىپىكلەشتۈرۈش** يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىك بەدىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانى ۋە ئۇسۇلى. بۇ يەردىكى "لەشتۈرۈش"—ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزگەرىش پەيدا قىلماق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر تۈپكى قانۇنىيەت.

**تىراژ** كىتاب، ژۇرنال، گېزىت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بېسىلىپ چىققان نۇسخىسى، سانى.

**جانلاندۇرۇش** بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسانغا خاس قابىلىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى سۆزلەش، ھېس قىلىش، پىكىر قىلىش ۋەھاكازالارنى ھايۋانلارغا، جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت. كلاسسىك يازغۇچىلار بۇ ئۇسۇلدىن تولا پايدىلانغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە جانلاندۇرۇش كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئايرىم بېيىت ۋە مىسرالاردىمۇ قوللىنىلغان:

... پىغان ئەيلەر رابابى ياد قىلۇر،
ئۇرار كۆكسىگەيۇ پەرياد قىلۇر،



ئۇزارتىپ بويىنىنى بىچار، تەمبۇر،
مېنىڭ ھالىمغا يىغلار، نالەشىن كۆر...

(مەجلىسى: «قىسسەئى سەيفۇل مۇلۇك»)

**جەڭنامە** تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغۇچى قەدىمكى قىسسەلەر، ئېپىك مەسنىۋى شەكلىدىكى يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر. شەرق ئەدەبىياتىدا فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. رۇس ئەدەبىياتىدا «ئىگور جەڭنامىسى»مۇ مۇشۇ تۈردىكى ئەسەر دەپ نەقىل قىلىنىدۇ.

**چۆچەك** ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيىلىك ئاساستا كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىي ھېكايىلىرى — چۆچەك دەپ ئاتىلىدۇ. مىسال: «ئۇرتوقماق»، «يېيىلىك داستىخان»، «ئۈچ ئاكا-ئۇكا باتۇرلار» قاتارلىقلار.

**چىنلىق ۋە چىنلىقنى يېزىش** چىنلىق دېگىنىمىز — تۇرمۇش چىنلىقىدۇر. تۇرمۇش چىنلىقى دېگەندە ئىجتىمائىي ھاياتتا مەۋجۇت ئادەم ۋە ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يازغۇچى تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، يازغۇچى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ چىققان مەھسۇلات بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىلغان

كونكرېت، جانلىق بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەش دېمەكتۇر.

**چىنلىقچىلىق** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىتالىيىدە تارقالغان ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىم تەنقىدىي رېئالىزم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ فرانسىيە تەبىئىيلىكچىلىكى (ناتۇرالىزمى)نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

چىنلىقچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىش، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنى ئەسەر قەھرىمانى قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئېقىم شۇ ۋاقىتتىكى ئىتالىيە جەمئىيىتىگە ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەدەبىي خاھىشنى ئىپادىلىگەنىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيە جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن چىنلىقچىلىق تۈگەپ كەتتى. ئەمما، چىنلىقچىلىق ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي ئۇسۇلى كېيىنكى يېڭى رېئالىزمچىلار ئەدەبىياتى ۋە كىنوچىلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

**خاتىرە (خاتىرە دەپتەر)** بىرەر كىشىنىڭ ئۆز ھاياتى ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىرى ھەققىدىكى كۈندىلىك خاتىرە يازمىلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتىرە دەپتىرى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئەدەبىي شەكلىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يازغۇچى ئۆزى ئىشتىراك قىلغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىدىن يارقىن سەھىپە بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە خاتىرە دەپتەر قەھرىمانـ



نىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ۋە خاتىرىلىرىنى ئۆز تىلىدىن ھېكايە قىلغۇچى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. مەسىلەن: كورولېنكونىڭ «خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرى 1880 ـ 1900 ـ يىللار مابەينىدىكى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. لېرمونتوۋنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ كۈندىلىك خاتىرىلەر چوڭ رول ئوينىغان.

**خاراكتېر** (گرېكچە charakter خۇسۇسىيەت سۆزىدىن) ئادەملەردە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيە تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن تۇرلۇكچە مىجەز ـ خۇلق ۋە پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر.

كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ئائىلە ھەم مەكتەپ تەربىيىسىدە شەكىللىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردە ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن مۇكەممەل، ئېنىق تەسۋىرلەنگەن كىشى ئوبرازى خاراكتېر دېيىلىدۇ.

**خاراكتېرىستىكا** (گرېكچە charakter سۆزىدىن) مەلۇم ھادىسە، كىشى ياكى نەرسىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە سۈپەتلەرنى بەلگىلەش، ئېنىقلاش. يازغۇچى ئەسەردىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، پائالىيىتى، خۇلق ـ مىجەزى، ئەقىل ـ ئىدراكى، قابىلىيىتى، ئىنتىلىشى، تاشقى قىياپىتى ۋە باشقىلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىشى، يەنى قەھرىمانلارنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ئۇلارـ

نىڭ ئىش-ھەرىكىتى ۋە ئىچكى ھېسسىيات تەسۋىرى ئارقىلىق ئېچىپ بەرسە، بۇنى ئاپتور خاراكتېرىستىكىسى دەيمىز. بەدىئىي ئەسەردە پېرسوناژلارغا تىل خاراكتېرىستىكىسىمۇ بېرىلىدۇ.

**خام ماتېرىيال** ئەمەلىي تۇرمۇشتىن توپلانغان، ئەمما، يازغۇچىنىڭ رەتلىشىدىن، مەركەزلەشتۈرۈشىدىن ۋە پىششىقلىشىدىن تېخى ئۆتمىگەن ماتېرىياللار. بۇ ماتېرىياللار ئاپتورنىڭ قايتىدىن ئىشلىشى ئارقىسىدىلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالايدۇ. بۇلار تەبىئىي، ناھايىتى باي، جانلىق بولسىمۇ، ماھىيەتلىك تەرىپىدىن باشقا ماھىيەتسىز تەرىپىمۇ، چىن ۋە ساختىلىرىمۇ بولىدۇ.

**خەت-چەكلەر** يېزىق بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان شەكلى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مەشھۇر، تەجرىبىلىك يازغۇچى، سەنئەتكار، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ خەت-چەكلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئۆزىنىڭ ۋە باشقا ئەدىبلەرنىڭ يېزىلغان ياكى يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇش... قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن توشقان بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ خەت-چەكلىرىنى تەتقىق قىلىش، تۈرگە ئايرىش، نەشر قىلىش مۇھىم نۇقتا قاتارىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشمەكتە. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، خاھىشى، تەجرىبىسى ۋە مېتودىنى يەكۈنلەشكە،



ئۆگىنىشكە ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا پايدىلىق. مەسىلەن: «گيوتې خەت-چەكلىرى». «لېۋ تولستوي خەت-چەكلىرى»، «لۇشۈن خەت-چەكلىرى» قاتارلىقلارنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇنىڭ مىسالى.

**خەلقچىللىق** تارىختىن بۇيانقى سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى.

خەلقچىللىق — قەدىمكى ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ۋە ئەدەبىي مىراسلاردىكى دېموكراتىك مېغىز بىلەن فېئوداللىق شاكالنى پەرقلەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان مۇھىم بىر پرىنسىپ.

خەلقچىللىق دېگەن ئۇقۇمنى 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ روسىيىنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتلىرىدىن بولغان بېلىنسكى، دوبرولىيوبوۋلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلىشتا، خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، رېئال تۇرمۇشنى ھەققىي ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەشتە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى چارروسىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ئەدەبىياتتىكى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ چارروسىيە شارائىتىدا ئوتتۇرىغا قويغان خەلقچىللىق دېگەن ئۇقۇمى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىلغار رول ئوينىغانىدى.

كېيىن، لېنىن ئۆزىنىڭ ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىدە

نىڭ ئىشھەرىكىتى ۋە ئىچكى ھېسسىيات تەسۋىرى ئارقىلىق ئېچىپ بەرسە، بۇنى ئاپتور خاراكتېرىستىكىسى دەيمىز. بەدىئىي ئەسەردە پېرسوناژلارغا تىل خاراكتېرىستىكىسىمۇ بېرىلىدۇ.

**خام ماتېرىيال** ئەمەلىي تۇرمۇشتىن توپلانغان، ئەمما، يازغۇچىنىڭ رەتلىشىدىن، مەركەزلەشتۈرۈشىدىن ۋە پىششىقلىشىدىن تېخى ئۆتمىگەن ماتېرىياللار. بۇ ماتېرىياللار ئاپتورنىڭ قايتىدىن ئىشلىشى ئارقىسىدىلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالايدۇ. بۇلار تەبىئىي، ناھايىتى باي، جانلىق بولسىمۇ، ماھىيەتلىك تەرىپىدىن باشقا ماھىيەتسىز تەرىپىمۇ، چىن ۋە ساختىلىرىمۇ بولىدۇ.

**خەت-چەكلەر** يېزىق بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان شەكلى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مەشھۇر، تەجرىبىلىك يازغۇچى، سەنئەتكار، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ خەت-چەكلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئۆزىنىڭ ۋە باشقا ئەدىبلەرنىڭ يېزىلغان ياكى يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىگە باھا بېرىش، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇش... قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن توشقان بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ خەت-چەكلىرىنى تەتقىق قىلىش، تۈرگە ئايرىش، نەشر قىلىش مۇھىم نۇقتا قاتارىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشمەكتە. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، خاھىشى، تەجرىبىسى ۋە مېتودىنى يەكۈنلەشكە،



ئۆگىنىشكە ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا پايدىلىق. مەسىلەن: «گيوتې خەت-چەكلىرى». «لېۋ تولستوي خەت-چەكلىرى»، «لۇشۈن خەت-چەكلىرى» قاتارلىقلارنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇنىڭ مىسالى.

**خەلقچىللىق** تارىختىن بۇيانقى سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى.

خەلقچىللىق — قەدىمكى ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ۋە ئەدەبىي مىراسلاردىكى دېموكراتىك مېغىز بىلەن فېئوداللىق شاكالنى پەرقلەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان مۇھىم بىر پرىنسىپ.

خەلقچىللىق دېگەن ئۇقۇمنى 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ روسىيىنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتلىرىدىن بولغان بېلىنسكىي، دوبرولىيوبوۋلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلىشتا، خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، رېئال تۇرمۇشنى ھەققىي ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەشتە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى چارروسىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ئەدەبىياتتىكى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ چارروسىيە شارائىتىدا ئوتتۇرىغا قويغان خەلقچىللىق دېگەن ئۇقۇمى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىلغار رول ئوينىغانىدى.

كېيىن، لېنىن ئۆزىنىڭ ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىدە

بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق مەسىلىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە خەلقچىللىق نەزەرىيىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن.

خەلقچىللىق — ئىلغار يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردە بولىدىغان بىر خىل ئاساسلىق خۇسۇسىيەت. ئەدەبىيات تارىخىدا ياللانما ئەدىبلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ئىلغار يازغۇچىلار خەلقنىڭ ھېسسىيات ۋە تەلەپ-ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى نامايان قىلىنغان. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم يازغۇچىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ ئارزۇ غايىسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ مۇنداق ئەسەرلەرنى يازالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، گەرچە ئۇلار يۇقىرى تەبىقىلەردىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سىنىپنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان، ياكى شۇ دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ۋە ياكى ئەينى



زاماندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ چەتكە قېقىشى، سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى، زەربە بېرىشى ياكى زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچرىغان. شۇ تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، تۇرمۇش شارائىتى ئۆزگەرگەن، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق پاكىتلىرىنى كۆرەلىگەن، ھېس قىلالىغان. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەن. بۇ خىلدىكى يازغۇچى، شائىرلارنى خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە يازغۇچى، شائىرلار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: چۈي يۈەن، دۇفۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە لۇشۈن قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر مۇئەييەن خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە ئۇلۇغ ئەدىبلەر ھېسابلىنىدۇ.

**خەلق ئېغىز تىلى** خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان تىلى.

خەلق ئېغىز تىلى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى ۋە مول ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئەدەبىي تىلنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ پىششىقلىنىشى، تاللىنىشى ۋە تاۋلىنىشىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىز تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز تىلىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس ئوزۇق ئېلىپ ئۆز ئىجادىدا قوللانغان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇنداق بولىدۇ.

**خەلق ئېغىز ئىجادى** خەلق ئاممىسى ياراتقان ئاغزاكى

بەدىئىي ئەدەبىيات، فولكلور دەپمۇ ئاتىلىدۇ، (مۇشۇ كىتابنىڭ "ف"قىسمىغا قاراڭ).

**خەمسە** (ئەرەبچە خمسە، بەش، بەشلىك سۆزىدىن) بەش مۇستەقىل داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر. خەمسە يېزىشقا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى(1141 ـ 1203) ئاساس سالغان. ئۇنىڭ تۇرلۇك دەۋرلەردە يېزىلغان بەش داستانى («مەھزانۇل ئەسرار»، «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ھەپت پەيكەر» ۋە «ئىسكەندەرنامە») بىر كىتاب قىلىنىپ، "پەنج گەنج" («بەش خەزىنە») نامىنى ئالغاندى. بۇ بەش داستان «خەمسە» نامى بىلەن شۆھرەت قازاندى. شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا خەمسە يارىتىش ئەنئەنىگە ئايلانغان، نىزامىدىن كېيىن خەمسىچىلىكتە ھىندىستانلىق شائىر خىسراۋ دېھلىۋى (1252 ـ 1325)، تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 ـ 1492) ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ناۋايى (1441 ـ 1501) ناھايىتى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ناۋايىنىڭ «خەمسە»سى «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرەتلىنىشى)، «پەرھات ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار» (يەتتە سەييارە)ۋە «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەمسە يېزىش ئېپىك تىل سەنئىتى تەرەققىياتىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

**خرىستوماتىيە** تاللانما ئەسەرلەر ئوقۇشلۇقى. تۇرلۇك بەدىئىي، تارىخىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەرياكى ئاشۇنداق ئەسەرلەردىن تاللاپ ئېلىنغان پارچىلەردىن تۈزۈلگەن ئوقۇش كىتابى. مەسىلەن: ئەدەبىيات خرىستوماتىيىسى، تارىخ خرىستوماتىيىسى... قاتارلىقلار.



**خىرەچىلەر** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيىدە شەكىللەنگەن شېئىرىيەت ئېقىمى. شۇ چاغلاردا شېئىرىيەت مۇنبىرىدە بىر تۈركۈم "خىرە" نۇر چېچىۋاتقان ياش شائىرلار پەيدا بولغان ۋە ئۇلار كونا شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە يېڭىلىق كىرگۈزگەنلىكتىن ئوبزورچىلار ئۇلارنى "خىرەچىلەر ئېقىمى" دەپ ئاتىغان.

خىرەچىلەر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: سىياسىيغا ۋە پەلسەپىۋى قاراشلارغا سەل قاراش، دىققەتنى قالاق، ئويغانمىغان ھادىسىلەرگە قارىتىش، ساددا، لىرىكىلىق ئۇسۇل بىلەن كۆڭۈلدىكى تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى، كۆڭۈلنىڭ تۇتۇق، قاراڭغۇ جايلىرىنى يېزىش.

خىرەچىلەر شېئىرىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىتالىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تېڭىرقاش، زېرىكىشلىك كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**دادائىزم** داداچىلىق. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رومىنىيىلىك شائىر چارلا تەرىپىدىن شۋېتسارىيىدە دەسلەپ تەشەببۇس قىلىنغان. "دادا" فرانسۇزچە بوۋاق باللارنىڭ "مە، مە" دېگەن تەلەپپۇزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ ئېقىم

ئاشۇ "دادا"نى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغان. بۇ ئارقىلىق "قىلچە مەنىسى يوق"، "ھېچنېمە ئەمەس" دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادە قىلماقچى بولغان.

دادائىزمچىلار بوۋاق بالىلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئەلەرگە تۇتقان ساپ فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس پوزىتسىيىسىنى يازغۇچىلار تەقلىد قىلىشى لازىم، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بوۋاقلارنىڭ مەمە، ئۇمە دەپ يۇرۇپ تىلى چىقىدىغان دەۋرىدىكىدەك ھالەت بىلەن ھەرقانداق ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى يېقىن يولاتماي، سەزگۈ ئەزالىرى بىۋاسىتە قوبۇل قىلالايدىغانلا تەسىراتلىرىنى ئىپادە قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

دادائىزمچىلار چۈش كۆرۈپ جۆيلۈگەندەك تىل، ياكى پەلسەپەتىش تىل بىلەن ھەرەڭ-سەرەڭ ئوبرازلار ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنى ئىپادىلەشنى، ھەتتا، تاۋارلارنىڭ ماركىسى، غەلىتە ماۋزۇلارنى قوللىنىپ بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دادائىزم ئەدەبىيات-سەنئەت نىگىلىزمىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئۇ ھەرقانداق ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىنى، ھەرقانداق ئەخلاق ۋە ئېستېتىك كۆز قاراشلارنى، ھەتتا ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.

دادائىزم بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ياروپا بۇرژۇئا ياشلىرىنىڭ زېرىكىش، تېڭىرقاش، ئىچى پۇشۇش، كەلگۈسى ئۈچۈن يول تېپىش... قاتارلىق روھىي كەيپىياتلىرىنى ئەكس



ئەتتۈرگەن، بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى ئاراگوننىڭ «مەڭگۈلۈك ھەرىكەت»، سۇپونىڭ «شامالنىڭ يۆنىلىشى» ۋە ھېلېتون (كېيىن ئۇ سۇررېئالىزمچىلارنىڭ داھىسى بولۇپ كەتتى)نىڭ «ئىز» ناملىق ماقالىلىرى توپلىمى...دىن ئىبارەت.

دادائىزم قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، 1924-يىلى ئاساسەن پارچىلىنىپ سيۇررېئالىزمغا ئايلىنىپ كەتتى. («سيۇررېئالىزم» ئاتالغۇسىغا قاراڭ)

**داستان** شېئرىيەتتىكى يىرىك ئېپىك تۈر بولۇپ، پەيدا بولۇش تارىخىي ناھايىتى ئۇزاق.

داستانلاردا مۇكەممەل سۇژېت بولىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ روشەن ئوبرازى يارىتىلىدۇ، كومپوزىتسىيىسى زىچ، جىپسىلىشىچانلىقىغا ئىگە قىلىنغان ھالدا تەشكىللىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەجمى بىرقەدەر چوڭ، باش تېمىسى چوڭقۇر بولىدۇ.

داستانلار پروزىدىكى رومان، پوۋېستلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان. لېكىن، ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئۇ يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، تېما، شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ راۋاجلانماقتا.

داستانلار تېما ئالاھىدىلىكىگە قاراپ "تارىخىي داستان" تۈرىگە، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ "لىرىك داستان" تۈرىگىمۇ ئىگە. (يەنە "پوئېما"غا قاراڭ)

**داستانچىلىق** ئەلنەغمىچىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر

خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە داستانچىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

داستانچىلىق لىرو-ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە يىلتىز تارتىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. داستانچىلىقتا، ھەممىشە، شېئىر قىسمى مۇزىكىغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئوقۇلىدىغان، ئېپىك قىسمى ۋەزخانلىق يولى بىلەن ئىنتوناتسىيىلىك ئېيتىلىدىغان جانلىق ئۇسۇل بار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زوھرا»، «يۈسۈپ-زۇلەيخا» قاتارلىق داستانلىرى ئەنە شۇنداق داستانچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق نەچچە ئەسىرلەرنى ئاتلاپ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن.

**دراما** (گرېكچە drama ھەرىكەت سۆزىدىن) بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىدىن بىرى. دراماتىك ئەسەرلەر دىئالوگلارغا ئاساسلىنىدۇ. رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئوچېرك ئاپتورلىرى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ ئورنى، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قىلمىشلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، درامىدا پۈتۈن ھېكايە ياكى ۋەقەلىك تامامەن پېرسوناژلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پۈتۈن ھەرىكەت، مەنزىرە ۋە پېرسوناژلار ئۆز-ئۆزىدىن بارلىققا كەلگەندەك ۋە سۆزلەۋاتقاندەك بولىدۇ، ئاپتور كۆرۈنمەيدۇ. لىرىك ئەسەرلەردە قەھرىماننىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىشقا بولىدۇ، دراماتىك ئەسەرلەردە بولسا ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئاپتور دراما قەھرىمانىنىڭ لىرىك ھېس-تۇيغۇلىرىنى تاماشىبىنلارغا پەقەت ئاشۇ قەھرىماننىڭ كونكرېت سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىقلا كۆرسىتىدۇ.

دراما تراگېدىيە، دراما، كومېدىيە، رادىئو دراممىسى ۋە كىچىك پىيېسسە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**بىر پەردىلىك دراما** بىرلا پەردىدىن تۈزۈلگەن قىسقا دراما. ئۇ خۇددى پروزىدىكى ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سىغىمچانلىقى كىچىكرەك، پېرسوناژلىرى ئازراق، ۋەقەلىكى ئاددىيراق بولىدۇ.

بىر پەردىلىك دراما بىر كۆرۈنۈش ئىچىدە زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى، زىددىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشى لازىم. ئۇ ئاشۇ بىر پەردە ئىچىدە سۇژېتنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرى بولغان باشلىنىش (ئېكسپوزىتسىيە)، راۋاج، يۇقىرى دولقۇن (كۇلمىناتسىيە) ۋە يېشىملەرنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى زىچ، ۋەقەلىكى يىغىنچاق، زىددىيەت توقۇنۇشى(كومفلىكت)لىرى تېز راۋاجلىنىشى لازىم.

بىر پەردىلىك دراما "تاق پەردىلىك دراما"، "بىر كۆرۈنۈشلۈك دراما" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كېلىپ تېز ئومۇملاشقان.

**رادىئو دراممىسى** رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىشى ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان دراما. ئۇ قىسقا رادىئو دراممىسى ۋە كۆپ قىسىملىق

رادىئو دراممىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پېرسوناژ تىلى، مۇزىكا سا-
دىسى، ناخشا قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئاڭلاش سېزىمى
ئوبرازلىرىنى يارىتىدۇ ۋە دراما ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرىدۇ.
بەزىدە زورۇر بولغان چۈشەندۈرۈش سۆزلىرىنى قىستۇرۇپ
دراممىدىكى مەنزىرىلەرنى ۋە پېرسوناژلار پائالىيىتىنى تولۇقلاپ،
ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

رادىئو دراممىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تىلى تېپىكلىككە
ئىگە، جانلىق، راۋان بولىدۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاممىۋى
ئاساسي باشقا ژانىرلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

**شېئىرىي دراما** شېئىر بىلەن دراما ئۆزئارا بىرىكىپ
كەلگەن ئەدەبىي ژانىر. بۇ ژانىردىمۇ مۇكەممەل سۇژېت
بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەم شېئىرىي خۇسۇسىيەت بولىدۇ، ھەم دراما-
تىك ۋەزىيەت بولىدۇ. تىلى ئىنتايىن ئىخچاملاشقان
بولىدۇ.

**كۆپ پەردىلىك دراما** پۈتۈن دراما ۋەقەلىكى بىرنەچچە
پەردە ئىچىدە، باشلىنىشتىن تارتىپ ئاخىرلاشقىچە راۋاجلىنىدىغان
چوڭ تىپتىكى دراما.

پەردە دراما ئەسەرلىرى ۋە دراما ئويۇناشتىكى بىر ئابزاس
ھېسابلىنىدۇ. كۆپ پەردىلىك دراما ئەنە شۇنداق ئابزاستىن
بىرنەچچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆپ پەردىلىك دراممىلارنىڭ بەزىلىرىدە پەردە ئىچىدە يەنە
كۆرۈنۈش بولىدۇ. كۆپ پەردىلىك دراما پەردىلەر ۋە كۆرۈنۈش-



لەرگە بۆلۈنگەنلىكتىن، پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى ئالماشتۇرۇش
ئارقىلىق ۋاقىت ۋە بوشلۇقنى يۆتكەپ، تۇرمۇش دائىرىسىنى
كېڭەيتىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇڭا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۇرمۇش
سىغىمچانلىقى زور، ۋەقەلىك سۇژېتى بىرقەدەر مۇرەككەپ،
پېرسوناژلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ.

كۆپ پەردىلىك دراما "كۆپ كۆرۈنۈشلۈك دراما" دەپمۇ
ئاتىلىدۇ.

**مۇزىكىلىق دراما** پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش،
دراماتىك ۋەقەلىكتىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئەۋجىگە
كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇزىكا ۋە ناخشا، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى
قىستۇرىدىغان درامىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئاشۇ سەۋەبتىن "ناخشا-
مۇزىكىلىق دراما" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مېلو دراما** (گرېكچە melos ناخشا، dirama ھەرىكەت سۆزلىرى-
دىن) ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ناخشا-مۇزىكىلىق دراممىلار
"مېلودراما" دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە
كىشى بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ ياكى داپ دۇتار چېلىپ ئورۇن-
لىغان ئويۇنلىرى مۇشۇ خىلدىكى "مېلودراما"غا ياتىدۇ، كېيىن
بۇ شەكىل تەرەققىي قىلىپ درامىنىڭ ئوپېرا شەكلى مەيدانغا
كەلگەن.

**ئۇسسۇللۇق دراما** ئۇسسۇلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى
قىلغان، مۇزىكا، گاچادراما شەكلى بىلەن ۋەقەلىك راۋاجىنى،
پېرسوناژلار ئوبرازىنى ۋە باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغان تىيا-

تىر تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى سۇژېت راۋاجى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى مۇزىكا تىلى ياردىمى بىلەن ئارتىستلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ گەرچە مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلنىڭ بىرلىشىشى بولسىمۇ دراماتىك سۇژېتقا ئىگە بولىدۇ.

ئۇسسۇللۇق درامىدىكى ئۇسسۇل ئادەتتە كلاسسىك (كونىچە) ئۇسسۇل ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئۇسسۇلنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇللار سۇژېتلىق ئۇسسۇل ۋە ئىپادىلەش ئۇسسۇلى دېگەن خىللارغا بۆلۈنىدۇ. سۇژېتلىق ئۇسسۇل دراماتىك ۋەقەلەرنى ئىپادىلەيدۇ، ئىپادىلەش ئۇسسۇلى بولسا دراما ۋەقەلىكىنىڭ تۇغۇلغان دەۋرى ۋە مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ.

مۇزىكا ئۇسسۇللۇق درامىدا دراما مەزمۇنىنى قانات يايدۇرۇش، كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتلەردە ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. گاچا دراما بىلەن ئۇسسۇلنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، تاللاپ ئېلىنغان ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ھەرىكىتىدە ھەر خىل ھالەت ۋە قىياپەت ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، ئۇسسۇللۇق درامىنىڭ دراما ۋەقەلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى.

**دراماتۇرگ** دراما ئاپتورى ياكى سەھنە ئەسىرى يازغۇچىسى.

**دراماتۇرگىيە** يازغۇچىلارنىڭ دراما شەكلىدە يازغان



ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى. بىرەر تارىخىي دەۋرگە خاس دراماتىك ئەسەرلەرمۇ دراماتۇرگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر دراماتۇرگىيىسى، 30-يىللار دراماتۇرگىيىسى... دېگەندەك.

**دراماتىزم** دراما ئەسەرلىرىدە ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كەسكىنلىكى، جىددىيلىكى ۋە ھاياجانلىقلىقى (ھاياجانلىق ھالەت) دراماتىزم دېيىلىدۇ.

**دېكادېنتىزم چۈشكۈنچىلىك** (لاتىنچە decadentia چۈشكۈنلۈك سۆزىدىن) بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئومۇمىي نام بولۇپ سىمۋولىزم، سۇررېئالىزم، كۇبىزم، ئابستراكتسىئونىزم قاتارلىق بىرمۇنچە ئېقىملار "دېكادېنتىزم" ئۇقۇمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

دېكادېنتىزم 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ كاپىتالىزم بوھرانى ئالدىدا تېڭىرقاش، زېرىكىش، چىقىش يولى ئىزدەش تۈپەيلىدىن ئۆز كەلگۈسىگە ئۈمىدسىز قاراپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىش ئىدىيىۋى كەيپىياتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەدەبىيات سەنئەتتىكى ئومۇمىي خاھىشى.

دېكادېنتىزم ئەڭ دەسلەپ فرانسىيىلىك شائىر بوتلېرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن، كېيىنچە، سىمۋولىزم، ئېستېتىزم ئەدەبىياتىدا يەنىمۇ راۋاجلانغان، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن

كېيىن تارقالغان سۈررېئالىزم، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تارقالغان مودېرنىزم قاتارلىق ئېقىملاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن.

دېكادېنتىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىي سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم ۋە غەيرىي راتسىئونالىزمدۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، شەخسنى مەركەز قىلىشنى، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ۋە ئەنسىزلىكنى تارقىتىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، سەنئەتنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ۋە بەدىئىي پرىنسىپلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

«سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» نەزەرىيىسى دېكادېنتىزمنىڭ ئېستېتىكا ئاساسىي.

**دېكلاماتسىيە** شېئىرى ياكى نەسرى ئەسەرلەرنى ئىپادىلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇش سەنئىتى ۋە شۇنداق ئوقۇشنىڭ ئۆزى.

**دېكلاماتور** مەخسۇس شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى. نۇتۇقنى شېئىرى رىتىمگە چۈشۈرگۈچى.

**دېكوراتسىيە** سەھنىدە كۆرسىتىۋاتقان ۋەقە ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئەسەرنىڭ غايىۋى مەزمۇنىنى ئېچىشقا خىزمەت قىلغۇچى سۈنئىي مەنزىرە، بەدىئىي جىھاز.

**دىئالېكت** شېۋە. بىر خىل تىلنىڭ يەرلىك شەكلى. ئۇنىڭ تىل — سىنتاكسىس ۋە گرامماتىكا جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئۇ تىلدىكى بۆلۈنۈشنىڭ نەتىجىسى.



بىر مىللەتنىڭ تىلىدا دىئالېكتلارنىڭ رولى پەيدىنپەي كىچىكلەپ بارىدۇ ۋە ئورتاق تىلنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

دىئالېكتلار يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىپادىلەش كۈچىگە باي، ھەمدە كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان بەزى دىئالېكتلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئەسەرنىڭ يەرلىك تۈسىنى ئاشۇرىدۇ. ئەمما، ھەددىدىن ئارتۇق غەيرىي دىئالېكتلارنى ھە دەپ قوللىنىۋېرىشمۇ ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ.

**دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى** ماتېرىيالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ”را پ پ“ چىلارنىڭ ئىجادىيەتتە ئوتتۇرىغا قويغان خاتا شوئارى. ”دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى“ دېگەن بۇ ئاتالغۇ، ئەڭ ئاۋۋال 1929-يىلى ”راپ پ“ چىلارنىڭ ئوبزور ژۇرنىلى «ئەدەبىيات پوستىدا» ئېلان قىلىنغان «پلېخانوۋ ئەنئەنىلىرى ئۈچۈن كۈرەشەيلى» ناملىق تەھرىر بۆلۈم ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ شوئارچە بولغاندا يېڭى ئۇسلۇب ”دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە يېڭى ئۇسلۇب بولۇشى لازىم“، ”ئىجادىيەت بىلەن بۇ يېڭى ئۇسلۇب ئەڭ مۇۋاپىقلاشقان ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولىدۇ“. شۇ يىلى ”راپ پ“ نەشر قىلغان ماقالىلەر توپلىمى «پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت يولى» نىڭ «ئاخىرقى سۆز» ىدە مۇنداق يېزىلغان: ”بىز ھازىر ئىلمىي ئېقىم قۇرۇۋاتىمىز،

ئۆزىمىزگە ئىجادىيەتتە ئۇزۇل-كېسىل دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئۇسۇل يارىتىش ۋەزىپىسىنى قويماقتىمىز".

بۇ شوئارنىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى: پەلسەپىدىكى ئۇسۇل بىلەن ئەدەبىياتتىكى ئۇسۇلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى بىلىش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى بىكېرەك قىلىدۇ. (دۇنيا قاراشنى تەكىتلەش خاتا بولمىسىمۇ) دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. خۇددى "راپ پ"نىڭ باش سېكرېتارى ئاۋېرباخنىڭ ئېيتقىنىدەك: "ئۇسۇل، ئەمەلىيەتتىكى دۇنيا قاراشتۇر" دەپ قاراپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئىيلىكىدەك بۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە سەل قاراپ، يازغۇچىلار ماركسىزملىق پەلسەپىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن دىئالېكتىكىلىق" فورمۇلا"لارغا ئاساسلىنىپ بەدىئىي جەھەتتە چوڭايتىش (ئىجادىيەت) ئېلىپ بارالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ، ئەلۋەتتە.

"دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى"نى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىدىكى "ئەڭ ئىلغار، باشلامچى" ئۇسۇل دېيىش ۋە پرولېتارىيات يازغۇچىلىرىلا بۇ ئۇسۇلنى ئىگەللىيەلەيدۇ، دەپ قاراش، "راپ پ"چىلارنىڭ باشقا يازغۇچىلارنى، بولۇپمۇ بەدىئىي كۆز قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان سوۋېت يازغۇچىلىرىنى چەتكە قېقىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىنىڭ "نەزەرىيىۋى"



ئاساسى بولغانىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، "راپ پ"چىلارنىڭ "ئىجادىيەت ئۇسۇلى" دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنىڭ يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بولدى. "ئىجادىيەت ئۇسۇلى" دېگەن بۇ يېڭى، ياش ئېستېتىك ئۇقۇم بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلماقتا.

**دىباچە** 1. كىتابنىڭ ئالتۇن سۈيى ۋە نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىرىنچى سەھىپىسى.

2. كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز، لىرىك مۇقەددىمە. قەدىمكى كىتابلاردا كىرىش سۆز بىرىنچى سەھىپە ھاشىيەسىگىمۇ يېزىلاتتى. دىباچە، ئادەتتە، ئاپتورنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن، بەزىدە باشقىلار (كۆپىنچە كاتىپلار) تەرىپىدىن يېزىلىپ كەلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى شېئىرىي ئۇسلۇبتا بېرىلگەن 77 بېيتتىن تەركىب تاپقان مۇقەددىمە "دىباچە" ھېسابلىنىدۇ، بۇ دىباچە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مەلۇم.

دىباچە ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا غ. غۇلام ۋە م. شەيخزادىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**دىداكتىزم** (گرېكچە didacticos ئىبارەت سۆزىدىن) كىتابخاننىڭ ئاسان ئەسكە چۈشۈرۈشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي قائىدىلەرنى، پىداگوگىكىلىق پىكىر ۋە نەسىھەتلەرنى شېئىرىي شەكىللەردە ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر دىداكتىك

ئەسەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ھىبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەخلاقىي، تەلىمى ئەسەر بولۇپ، 12 ـ ئەسىردىكى دىداكتىك ئەسەرنىڭ نەمۇنىسى.

**دىسسېرتاتسىيە** ھەر خىل پەن، ئىلىم ساھەسىدىكى مەخسۇس كەسپىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ مەخسۇس ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىلمىيلىكى، ھۆججەتلىك خاراكتېرى ۋە ئوبيېكتىپلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. دىسسېرتاتسىيە ئادەتتە مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر، مەخسۇس ماقالە، تەجرىبىدىن مەلۇمات، تەتقىقات تەسىراتى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىللىق ئوقۇش خۇلاسە ماقالىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى ۋە ئىلمىي ئۇنۋان ماقالىسى قاتارلىق خىللارغا بۆلۈنىدۇ.

تۆۋەندە، بىرقەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغان ۋە كەڭرەك قوللىنىلىۋاتقان ئۈچ خىل دىسسېرتاتسىيىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. يىللىق ئوقۇش خۇلاسە دىسسېرتاتسىيىسى.

بۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەلۇم ئوقۇش يىلىنىڭ ئاخىرىدا يازىدىغان خۇلاسە خاراكتېرلىك ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر كەسىپ بويىچە تېما تاللاپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزى مۇستەقىل يېزىپ چىقىدۇ.

ماقالىگە ئاساسەن، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مەلۇم بىر كەسىپ



بويىچە قانچىلىك بىلىم ئىگىلىگەنلىكى ۋە ئۇنى قانچىلىك ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش تەلەپ قويۇلىدۇ.

2. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى.

بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يازىدىغان خۇلاسە خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاشۇ ماقالە ئارقىلىق ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر كەسىپ بويىچە تېما تاللاپ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ يېزىپ چىقىدۇ.

ماقالىگە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مەلۇم بىر كەسىپتە ئاساسىي نەزەرىيە ۋە بىلىمنى ئىگىلىۋالالىغانلىقى، بەلگىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى يېتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ چۈشەندۈرۈش تەلەپ قويۇلىدۇ.

3. ئىلمىي ئۇنۋان دىسسېرتاتسىيىسى

بۇ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېزىلىدىغان، مۇنازىرە، ياكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ماقالىنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھازىر باكلاۋۇر، ماگىستىر ۋە دوكتور ئىلمىي ئۇنۋانلىرى بار. شۇڭا دىسسېرتاتسىيىمۇ ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) باكلاۋۇرلىق دىسسېرتاتسىيىسى. ئۇنىڭغا، دىسسېرتاتسىيە

يازغۇچىنىڭ ئاشۇ پەن، كەسىپ ساھەسىدە ئاساسىي نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئىگىللىۋالغانلىقى، بەلگىلىك تەتقىق ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈش تەلىپى قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى يازغانلىقىنى "ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى"دەپ ئاتىلىدۇ. 2) ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى. ئۇنىڭغا، دىسسېرتاتسىيە يازغۇچىنىڭ ئاشۇ پەن، كەسىپ ساھەسىدە مەخسۇس بىلىمى بارلىقى ۋە مۇستەقىل ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇ دىسسېرتاتسىيە ماگىستىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت(تەتقىقاتچى)ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. 3) دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى. ئۇنىڭغا، دىسسېرتاتسىيە يازغۇچىنىڭ يېڭى بىر تەتقىقات ساھەسى ياكى تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، بەزى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇ دىسسېرتاتسىيە دوكتور ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار تەرىپىدىن يېزىلىدۇ.

**دىۋان** (ئەرەبچە دىۋان، توپلام سۆزىدىن) بىرەر شائىر شېئىرلىرىنىڭ قاپىيە ياكى رادىفلىرىغا مۇۋاپىق ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تۈزۈلگەن توپلام. «دىۋان»غا كىرگەن شېئىرلار ژانىرلىرىغا قاراپ ئايرىلىدۇ، «دىۋان»غا دىباچە يېزىلغان بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تۆت توپلامدىن ئىبارەت



«خازائىنۇل مەئانى»(مەنىلەر خەزىنىسى) دېگەن ئەسىرى مەشھۇر دىۋان ھېسابلىنىدۇ. دىۋاننىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تۈزۈلگەنلىكى كىتابخانلارنىڭ ئىزدىگەن ژانىردىكى شېئىرنى چاپسان تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھازىرمۇ كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى (دىۋانلىرىنى) نەشرگە تەييارلىغاندا، شۇ تەرتىپتە جايلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دىۋان سۆزى ئىلگىرى باشقا مەنىلەردە :دۆلەتنىڭ كىرىم-چىقىملىرى يېزىلىدىغان دەپتەر، دۆلەت كىرىم-چىقىم ئىشلىرى دەپتەرلىرىنىڭ باشلىقى (ۋەزىر) ۋە دۆلەت مەھكىمىسى مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلغان (دىۋان بېگى ۋەھاكازا).

**راپپچىلار** "روسىيە پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقى" (РАПП) نىڭ ئەزالىرى. 1925-يىلى 1-ئايدا بىرىنچى قېتىملىق پۈتكۈل سوۋېت پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى يىغىنىدا رەسمىي قۇرۇلغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى بۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ يىل ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. ئاساسلىق پائالىيەتچىلىرى رودوۋ، لېلېۋىچ، ۋالىتىن، ئاۋېرباخ، گىرشان، يېرمولېۋ، فادېيېۋ، شىلىۋانوۋسكى ۋە لىبېتىنسكى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن دەۋرلەردىكى بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ "ساپ" پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات-سەنئەت يارىتىش كويىدا بولغان، رېئالىزم، رومانتىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى رەت قىلغانىدى. ئۇ"راپ پ"قا قاتناشمىغان سوۋېت يازغۇچىلىرىنىمۇ

ئېتراپ قىلماي، سوۋېت ئىجادىيەت قوشۇنىنى پارچىلاشنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قىلغانىدى.

"راپ پ" ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى چاكىنا ئىجتىما-ئىيات، دوگمىچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك قوشمىسىدىن قۇرۇلغان ئەبجەش مال بولۇپ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئوتتۇرىغا چىققان "كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى باللارچە 'سولچىللىق' كېسلى"نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىنكاسى ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 20 ـ يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىدىيە ساھەسىدىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى كۈرەشلەردە، "راپ پ" بەلگىلىك رول ئوينىدى، بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئامما لېكىن ئېغىر خاتالىق-لارنىمۇ ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ھەرىكىتىگە ناھايىتى زور زىيانلارنىمۇ كەلتۈردى، ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ پۇتلىكا-شىگى بولۇپ قالدى.

1932 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇ-نىست (بولشېۋىكلار) پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئەدەبىيات تەشكىلاتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدا»قارار چىقى-رىپ "راپ پ"نى ئەمەلدىن قالدۇردى. "راپ پ"نىڭ ئۇن يىللىق ھاياتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

**رادىف** شېئىر مىسرالىرىدا قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ



كېلىدىغان بىر خىلدىكى سۆزلەر:

سۆز گۈلشەنىنىڭ بۇلبۇل گوياسى ناۋايى،
مەنە سەدەپىنىڭ دۇرى يەكتاسى ناۋايى.

رادىف خۇددى قاپىيىگە ئوخشاش مىسرالاردىكى سۆزلەر-نىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە ئېستېتىك تەسىرچانلىقىنى تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

خىرامىڭ چاغى يولداش ئولسام ئەردى،
سۈكۈنات ۋاقتى قولداش ئولسام ئەردى①.

(ناۋايى)

**راۋاج** راۋاجى، تەرەققىياتى دەپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ سۇژېتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ، سۇژېتتا ھەجمى ئەڭ ئۇزۇن، ئۆزگىرىشى ئەڭ كۆپ، ۋەقەلىكنى يۇقىرى دولقۇنغا (كۇلمىناتسىيىگە) كۆتۈرۈشكە ئاساس سالغۇچى قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى، دەل مۇشۇ سۇژېت راۋاجى باسقۇچىدا پەيدىنپەي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە مۇئەييەنلىشىدۇ.

**رومان** (فرانسۇزچە roman) سىغىمچانلىقى ئەڭ زور بولغان ئەدەبىي ژانىرنىڭ بىر خىلى، بايان خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي بەدىئىي ئەسەر.

---

① «شېرىنىڭ پەرھاتقا خېتى»دىن.

رومان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن زىددىيەت، توقۇنۇشنى بايان قىلالايدۇ. بۇ مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، تالاي قاتناشقۇچىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رومان ئەڭ چوڭ كومپوزىتسىيىگە ئىگە. قەھرىمانلارنى تولۇق ۋە ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، رومان قەھرىمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. روماندا مۇرەككەپ ئىچكى ھېس-تۇيغۇ بىر پۈتۈن تەرەققىيات جەريانى يېزىلىدۇ.

رومان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشتە چەكسىز ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە بىر روماندا بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: شى نەيئەننىڭ «سۇ بويىدا»، ماۋدۇننىڭ «تۇن يانغاندا» ۋە قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» قاتارلىق رومانلىرى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

روماللار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لېكىن ۋارىقى كۆپرەك، قېلىنراق بولسا رومان، نېپىزرەك بولسا پوۋېست، ئازغىنا بىرقانچە ۋاراقلىق بولۇپ قالسا ھېكايە بولىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس. ئەلۋەتتە، ھەجىم ئۇلارنىڭ ئىگەللىگەن ۋەقەلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق قاراش ماھىيەتلىك قاراش بولماستىن، نوقۇل شەكىلۋازلىق بولىدۇ. رومان شېئىرىي ئۇسۇلدىمۇ يېزىلىشى مۇمكىن.



**تارىخىي رومان** تارىختا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ئېپىك ئەسەر. مەسىلەن: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى ھەمدە «چىڭگىزخان» (سوۋېت يازغۇچىسى ۋ. گ. يان)، «باھادىر شاھ لى زىنچىك» (ياۋ شۆيىن) قاتارلىقلار.

**رومانتىزم** (فرانسۇزچە romantisme سۆزىدىن كېلىپ چىققان) ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ بېيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان ھەم مۇكەممەللىشىپ بارغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىدۇر.

رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا رېئاللىقتا بولمىغان، لېكىن بولۇشقا تېگىشلىك ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان تۇرمۇش كارتىنىسى، غايىۋى دۇنياغا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش تەسۋىرلىنىدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى، غايىۋى دۇنياغا قىزغىن ئىنتىلىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، بۇ خىل مېتودنى ئىگەللىگەن يازغۇچىلار ھەرقاچان باي ۋە ھەيران قالارلىق تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە، ئاجايىپ-غارايىپ سۇژېتلار، ئەپسانىۋى قىياپەت، باي ۋە جانلىق تىلنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ.

رومانتىزم 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ سىياسىي جەھەتتە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە كلاسسىزمغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆرلەش دەۋرىدىكى ئىدىيىۋى ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.

رومانتىزمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا غايە ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇ ئىلغار خاھىشقا ۋەكىللىك قىلسا، **ئاكتىپ رومانتىزم**، رېئاللىققا خىلاپلىق قىلسا، **پاسسىپ رومانتىزم** دەپ ئاتىلىدۇ.

**پاسسىپ رومانتىزم** كىشىلەر بىلەن رېئاللىقنى مۇرەسسەلەشتۈرىدۇ ياكى كىشىلەرنى رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، پايدىسىز خىياللار بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

**ئاكتىپ رومانتىزم** كىشىلەرنىڭ ياشاشقا بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، كىشىلەرنى رېئاللىققا، شۇنداقلا رېئاللىقتىكى بارلىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا قوزغىتىدۇ.

**ئاكتىپ رومانتىزم**
**پاسسىپ رومانتىزم** "رومانتىزم"غا قاراڭ.

**ئىنقىلابىي رومانتىزم** ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش روھىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى كونكرېت گەۋدىلىنىشى. شۇ سەۋەبتىن ئىنقىلابىي رومانتىزم پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق



ئاممىسىنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچى، گۈزەل غايىسى، قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن ئۈمىدۋارلىق روھى، ئىجادكارلىقى، چەكسىز تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن خىياللىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىنكاسىدۇر.

ئىنقىلابىي رومانتىزم ــ ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق، ئىنقىلابىي رېئاللىققا يىلتىز تارتقان ئىنقىلابىي غايىۋىلىكتىن ئىبارەت. بۇنداق غايىنى جۇشقۇن ۋە لىرىك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەپ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنى نامايان قىلىدۇ.

**يېڭى رومانتىزم** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمىنىڭ بىرى، 1905 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گېرمانىيە سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان يېڭى رومانتىزم بارلىققا كەلدى. گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم شائىرلار بۇنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

**رومانس**(فرانسۇزچە romanis) لىرىكىنىڭ بىر خىلى، كىچىك مۇزىكا ئەسىرى. مەسىلەن: ت. ئېلىيېۋنىڭ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېگەن شېئىرىغا ئىسكەندەر سەيپۇللانىڭ ئىشلىگەن مۇزىكىسى.

ئانچە چوڭ بولمىغان لىرىك شېئىرمۇ رومانس دەپ ئاتىلىدۇ. پۇشكىن "يامغۇر ـ يېشىنلىق بىر كۆز كېچىسى" دەپ باشلىنىدىغان شېئىرىنى «رومانس» ماۋزۇسى بىلەن ئېلان قىلغان.

**رۇبائىي** (ئەرەبچە، رباعى. كۆپلۈكى "رباعيات" تۆتلۈك سۆزىدىن) شەرق شېئىرىيتىدە كەڭ تارقالغان ۋە مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان شېئىرى ژانىر. رۇبائىي كىچىك شېئىرىي شەكىل سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ۋە مۇقىم قانۇنىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ پەقەت تۆت مىسرادىنلا تەركىب تاپسىمۇ، چوڭقۇر غايىۋى مەزمۇننى، يەنى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى مۇكەممەل بەدىئىي تۈستە ئىپادىلىيەلەيدۇ. دېمەك، ھەربىر رۇبائىي ئۆز تېمىسى ۋە غايىسىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ۋە مۇكەممەل ئەسەردۇر.

رۇبائىينىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيە تەرتىپى بولىدۇ: ئادەتتە رۇبائىيدا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالار قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ، بەزىدە رۇبائىينىڭ ھەممىلا مىسرالىرى ئوخشاش قاپىيە بىلەنمۇ كېلىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا بۇنداق رۇبائىيلار "تەرەنائى رۇبائىي" دەپ ئاتالغاندى.

شەرق خەلقلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، رۇبائىي ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ (11-ئەسىر) ۋە ئۆمەر ھەييام (12-ئەسىر) قاتارلىقلار مۇھىم رول ئوينىغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ناۋايى بۇ ژانىرغا ۋارىسلىق قىلىپ، يۈزلىگەن رۇبائىيلىرىنى بىزگە يادىكار قالدۇردى.

مەسىلەن:



غۇربەتتە غېرىپ شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاگا شەپقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەز ئىچرە گەر قىزىل گۈل بۇتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيتىدە بۇ ژانىر ئاشۇ ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

دۇنياغا كېلىشتىن نېمىدۇر مەقسەت؟
يوقنى بار قىلىشتۇر، ئىجاد ۋە مېھنەت.
كەلگۈسى ئەۋلادقا بىر ئىزىڭ قالسۇن،
تەييارنى تۈگىتىپ ئۆتسەڭ بەكمۇ سەت.

(ر. جارى)

كىشىنىڭ خۇلقى-مەيلىدە تەپەككۇر سايىسى باردۇر،
ئۈمىد تۇتقان كىشى ھەر خىل، ئۇنىڭ ئۆز غايىسى باردۇر.
مەگەر تەن ۋەجىنى مىزانغا سالساڭ، پەرقى ئاز، ئەمما،
قەلبلەر پەرقى يەر-ئاسمان، ئۇنىڭ نە چارىسى باردۇر.

(ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن)

**رۇجۇئ** (ئەرەبچە رجوع-قايتىش سۆزىدىن) شائىر بەزىدە كىشى ياكى نەرسە، ھادىسىنى دەسلەپ خىيالىغا كەلگەن مەلۇم ئوبرازلىق ئىپادىلەر بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەينى زاماندا پوئېتىك ئىپادە ۋە ئېستېتىك تەسىرنى كۈچەيتىش نىيىتىدە ئاۋۋالقىدىن كۈچلۈك سۆز-ئوبراز يارىتىدۇ ۋە بۇنى ئىلگىرىكىسىدىن

كىچىش ياكى قايتىش يولى بىلەن بېرىدۇ، بۇنداق شەكىل ئەدەبىياتشۇناسلىقتا "رۇجۇئ" دېيىلگەن. مەسىلەن:

بۇ دۇررى نوياپ ۋەفامۇ ئىكەن،
گەر ئول ئەمەس، مېھرى گىيامۇ ئىكەن؟
مېھرى گىيا دېمەككى، ئەنقادۇر ئول،
جەۋھەرى فەردۇ، دۇرى يەكتادۇر ئول.
(ناۋايى: «مەھبۇبۇل قۇلۇب»)

ئەزىم ئەيلە سەبا ئول گۇلى خەندانىمگە،
نە گۇلكى قۇياشتەك، ماھى تابانىمگە.

(بابىر)

**رېئالىزم** (لاتىنچە realis ۋاقىئ نەرسىلەر سۆزىدىن) ئەدەبىيات — سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي مېتودلاردىن بىرى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىككى ئاساسىي ئىجادىي مېتودى بار. بىرى — رېئالىزم، يەنە بىرى — رومانتىزم. ۋ. گ. بېلىنسكى «رۇس پوۋېستلىرى ۋە گوگول پوۋېستلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە رومانتىزم ۋە رېئالىزم ئىجادىي مېتودلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېئىرىيەتنى "غايىۋى ۋە رېئالىستىك شېئىرىيەت"كە ئاجراتقانىدى.

رېئالىزمنىڭ باش پرىنسىپى تۇرمۇشنى راستچىللىق بىلەن تەسۋىرلەش، ھايات ھەقىقىتىنى توغرا يارىتىشتۇر. "رېئالىزم، — دېگەنىدى ف. ئېنگېلس، — تەپسىلاتلارنىڭ توغرا بولۇشىدىن سىرت، تىپىك خاراكتېرلەرنى تىپىك شارائىتلاردا



ھەققانىي تەسۋىرلەشنى كۆزدە تۇتىدۇ". دېمەك، تىپىكلىك رېئالىستىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ نېگىزىدۇر. تىپىك خاراكتېرلەرنى تىپىك شارائىتتا تەسۋىرلەش ھايات ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرىراق ۋە يارقىنراق يارىتىش ھەم مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوبرازلار تىپىكلەشتۈرۈلمىسە، ئەسەر مۇكەممەل رېئالىستىك ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. ف. ئېنگېلس م. گىراكنېسنىڭ «شەھەر قىزى» ھېكايىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتورغا يازغان خېتىدە ھېكايىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدا پرولېتار قىزنىڭ خاراكتېرى تىپىك شارائىتتا كۆرسىتىپ بېرىلمىگىنىنى، ئىشچى قىزنىڭ خاراكتېرى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرەشى يالقۇنلىرىدا تاۋلانمىغانلىقىنى، پرولېتارىيات پاسسىپ ئامما سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى تەنقىدلەپ، شۇ سەۋەبتىن ئەسەر يېتەرلىك دەرىجىدە رېئالىستىك بولۇپ چىقمىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى.

رېئالىست سەنئەتكار ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە خاراكتېرلىك ۋەقە-ھادىسىلىرىنى تەسۋىر ئوبيېكتى قىلىدۇ ۋە ھايات پاكىتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن توپلايدۇ، ئۇلارنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. رېئالىزم ھاياتنى نۇسخىكەشلەرچە تەسۋىرلەيدىغان ناتۇرالىزمدىن پەرق قىلىدۇلا ئەمەس، بەلكى ناتۇرالىزمغا تامامەن قارىمۇقارشىدۇر.

رېئالىزمنىڭ بىخلىرى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ دەسلەپكى مەيدانغا كەلگەن مەزگىللىرىدىلا بولغان، بۇ قەدىمكى زاماننىڭ ئىپتىدائىي قوشاقلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنغان. كېيىن دەۋر ھەم ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە تەدرىجىي تۈردە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى شەكىللەندى. بۇ ئىككىسىنىڭ نامى 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، "4-ماي"نىڭ ئالدى-كەينىدە ئېلىمىزگە كىرىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە (چۈي يۈەن، ساۋ شۆچىن، لى بەي، دۇ فۇ قاتارلىقلار ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى لۇتفى، ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە) رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق تەركىبلەرنى خېلى دەرىجىدە كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ھال ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدا رېئالىزمنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تەنقىدىي رېئالىزم 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگەللەشكە باشلىغان ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش-رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى جاراھەتلىرىنى پاش قىلىش



قاتارلىق نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق ۋە كاپىتالىزمنىڭ "مەڭگۈلۈك"لۈكىگە گۇمانلىنىش تەۋسىيە قىلىنغان.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم پرولېتات ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ يېپيېڭى، مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مەھسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ سەكرەش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي تونۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم — رېئالىزمنىڭ يېڭى دەۋردىكى يەنى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تەرەققىياتى بولۇپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن رېئالىزمدۇر. پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سوتسىيالىزمنى قۇرۇش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەش پائالىيەتلىرى سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ماددىي ئاساسى. تارىختىكى ئىلغار رېئالىزمنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئەنئەنىلىرى ئۇنىڭ تارىخىي ئاساسىدۇر. ماركسىزم-لېنىنىزم بولسا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىدۇر.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇل شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك

ماھىيەتكە ئىگىكى، ئۇ ھاياتنى تارىخىي، كونكرېت ۋە ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش جەريانىدا يەنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلغان يېڭى تىپتىكى ئىجابىي قەھرىمان، يېڭىلىقنىڭ كونىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئاساسىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي پائالىيەتلەردە يازغۇچىدىن خىلمۇخىل بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزم ماكسىم گوركىنىڭ نامى بىلەن چىڭ باغلانغان بولۇپ، 1934-يىلى بىرىنچى قېتىملىق سوۋېت يازغۇچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**سېھرى خىيالىي رېئالىزم** 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا لاتىن ئامېرىكىسى ھېكايىچىلىقىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بايان ۋە تەسۋىرلەردە غەيرىي، خىيالىي، بىمەنە پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەرنى، ھەممىدە ھەر خىل تەبىئىيلىكتىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەن ھادىسىلەرنى قىستۇرۇپ، قوللىنىشتىن ئىبارەت.

سېھرى خىيالىي رېئالىزم ئاتالغۇسى ھەممىدىن ئاۋۋال 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان: 1925-يىلى گېرمانىيە ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىسى فرانتس رو ئىپادىچىلەرنىڭ رەسىملىرىگە باھا بېرىپ يازغان ئوبزور



كىتابىنىڭ ئىسمىنى «سېھرى خىيالىي رېئالىزم، كېيىنكى دەۋر ئىپادىچىلىرى، نۆۋەتتىكى ياۋروپا رەسساملىقىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر» دەپ قويغان ۋە سېھرى خىيالىي رېئالىزمنى ئىپادىچىلىكنىڭ بىر خىلى دەپ قارىغان.

1967-يىلى كولومبىيە يازغۇچىسى كافلېر كاشىيە ماركىس «يۈز يىللىق يىگانىچىلىك» رومانىنى يېزىپ سېھرى خىيالىي رېئالىزم ئېقىمىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدا تارقىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

**سۇررېئالىزم** (ئۈستۈن رېئالىزم). 20-ئەسىردە ياۋروپا مەملىكەتلىرى ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىدە پەيدا بولغان ئېقىم، بۇ ئېقىم ئالەمنى، يەنى ئاغرىق تۇغدۇرغۇچى گاللىيوتسىناتسىيىلەرنى-چۈش كۆرۈشلەرنى، ھادىسىلەرنىڭ نورمال بولمىغان باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، سۇررېئالىزم تەرەپدارلىرى دۇنيا ئادەمگە يات، مەناسىز، تەرتىپسىز ئالەمدۇر، دېگەن نەزەرىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**يېڭى رېئالىزم** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىتالىيە ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئېقىم. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ غايىسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ چېنىقتۇرۇشىنى ئۆتكۈزگەن بىر تۈركۈم يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، دېموكراتىيە، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە ئىدىيىۋى

بايراق قىلىپ، تارىخىي چىنلىقنى ۋە يۈزلىنىشۋاتقان رېئاللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي پروگ-راممىسى قىلغان.

يېڭى رېئالىزمچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەش ۋە چىنلىقنى يېزىش ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش. بەدىئىيلىك جەھەتتە، چىنلىقلىقنى سەنئەتنىڭ جېنى دەپ قاراش، ئەسلى ھالەتنى ھېچقانداق بويىماي، پەدازلىماي تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ "ئەينەن"لىكى ۋە "ھۆججەتلىكلىكى"نى كۈچەيتىش، شۇۋە ۋە خەلق ئېغىز تىلىنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ، ئەسەرنىڭ چىنلىقلىقى ۋە يۇرت پۇرىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىتالىيىدە مونوپول كاپىتالىزم بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، ئاتالمىش "ئىقتىسادىي مۆجىزە" مەيدانغا كەلدى. يېڭى ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېڭى رېئالىزمچىلار قوشۇنى پارچىلىنىپ، ئىجادىيىتى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ باردى ۋە ئاخىر ئەسلىدىكى جانلىق، جۇشقۇن، دېموكراتىك روھىدىن ئايرىلىپ، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا پەيدىنپەي غايىب بولدى.

**رېتسېنزىيە** ئاتالغۇلارنىڭ "تەقرىز" ئىزاھىغا قاراڭ.

**رېزونانىس** 1. مەلۇم شارائىتتا جىسمنىڭ مەجبۇرى تەۋرى-



نىشلىرى، ئامپلىتوداسىنىڭ كەسكىن ئېشىپ كېتىشى. 2. بىنانىڭ تاۋۇشنى كۈچەيتۈرۈش قابىلىيىتى. مەسىلەن: بىنانىڭ رېزوناسى ياخشى. ئەدەبىياتتا ئۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۆرسىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. "ئومۇمىي ھېسسىيات"قا قاراڭ.

**رىتورىكا** (گرېكچە rhetor نۇتۇق سۆزىدىن) ئۆتمۈشتە نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى توغرىسىدىكى مەخسۇس پەن "رىتورىكا" (ئىلمىي كالام) دەپ ئاتالغان، ئۇز زامانىسىنىڭ ناتىقلىرى ۋە خاتىپلىرى (خۇتبە ئوقۇغۇچىلىرى) شۇ ئىلىم ۋە تەجرىبە تۇپەيلىدىن چىرايلىق ۋە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتىگە ئىگە بولغان.

بىزنىڭ زامانىمىزدا مۇنداق خۇتبە ناتىقلىرى ئەمەس، بەلكى خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ناتىقلار قەدىرلىنىدۇ، بۇ ئۇقۇم كۆچمە مەنىدە رىتورىك نۇتۇق دەپ ئاتىلىدۇ. شېئىرىي نۇتۇقلاردا "رىتورىك مۇراجىئەت" (خىتاب) ۋە "رىتورىك سوئال" دەپ قوللىنىلىدۇ.

**رىتورىك خىتاب** بىز سۆزلىگەندە، ياكى كىتاب يازغاندا چوقۇم بىرەر ئوبيېكتىمىز بولىدۇ (ئاڭلىغۇچى بىلەن كىتابخان). سۆزىمىز بىلەن ماقالە ـ ئەسىرىمىز كىتابخانغا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاپتور ياكى ناتىق ھاياجانلانغانلىقى ئۈچۈن ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخانىنى ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ، ياكى

خىتاب قىلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ئىستىلىستىكىدا رىتورىك خىتاب دېيىلىدۇ.

**رىتورىك سوئال** ئىستىلىستىك ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ، پوئېتىك نۇتۇقتا ئىپادىلەنگەن پىكىرنى سوراق شەكلىدە تەستىقلاشتىن ئىبارەت، رىتورىك سوئال ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتكۈچى ۋاستە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ:

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ؟

(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

بۇنىڭدا ھەم سوئال، ھەم جاۋاب بار بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئوي-پىكرىنى كۈچەيتىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە قەتئىيلەشتۈرىدۇ. ئوقۇغانسىرى ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىچكى ماھىيەت ئېچىلىدۇ. ئىختىيارسىز "شۇنداق، شۇنداق" دېگەن تەستىق سۆزى ياڭرىغاندەك قىلىدۇ.

**رىتورىك مۇراجىئەت** بىز سۆزلىگەندە ياكى ماقالە، ئەسەر يازغاندا چوقۇم بىر ئوبيېكتىمىز بولىدۇ، ئاڭلىغۇچى بىلەن كىتابخان سۆز ياكى ئەسىرىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا سۆزىمىز ئاڭلىغۇچىغا، ماقالە-ئەسىرىمىز كىتابخانغا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاپتور ياكى ناتىق ناھايىتى ھاياجانغا



كەلگىنى ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخاندىن ئىبارەت ئوبيېكتى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ھالدا ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ئىستىلىستىكىدا "رىتورىك مۇراجىئەت" دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى!

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا شائىر كىتابخانلارغا ئەمەس، بەلكى يىللارغا خىتاب قىلىۋاتىدۇ.

رىتورىك مۇراجىئەت ئادەمگە خىتاب ۋە نەرسىگە خىتاب دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**رىتىم** (گرېكچە rhythmos ۋەزىنداش، ئاھاڭداش سۆزىدىن) شېئىرىي نۇتۇقتىكى بىر خىل مىقداردىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىزچىل ۋە بىر ئۆلچەمدە تەكرارلىنىپ كېلىشى.

بارماق ۋەزنىدىكى شېئىردا رىتىم مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ بىر تەقلىدتە تەكرارلىنىشىدىن، تۇراق، قاپىيە ۋە رادىفلاردىن ھاسىل بولىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىردا رىتىم ئاھاڭدارلىق بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشىدىن هاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدا ئۇچۇق ۋە يېپىق بوغۇملارنىڭ ماسلىشىشى مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇنىبەر ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدىغان ئەركىن (چاچما) شېئىردا، هەربىر قۇردىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشىدىن رىتىم-ئاهاڭ پەيدا بولىدۇ. شېئىرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشىگە قاراپ، سۆزلىشىش ئاهاڭىدىن، لىرىك ۋە دراماتىك ئاهاڭدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ، چېكىت، پەش قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرىگە قاراپ ئاز-تولا توختاپ ئوقۇلىدۇ. يەنى، لىرىك تىنىش-پائۇزىلارغا ئېتىبار بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن هەربىر سۆز چوڭقۇر مەنە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ جەهەتتىن «سولغا مارش» (ماياكوۋسكى)، «سالام تارىمدىن» (م. سادىقوۋ) شېئىرلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

ئەسلىدە رىتىملىق نۇتۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە كۈرەشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئەمگەكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دېهقانلارنىڭ كەتمەن چېپىشىدا، باپكارنىڭ دەستگاهدا ئىشلىشىدە، ستانوك ياكى پويىزنىڭ تاقىلدىشىدا رىتىملىق ئاۋاز بولىدۇ. قىسقىسى، سائەتنىڭ چېكىلداپ مېڭىشى ۋە كىشى يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىمۇ بەلگىلىك رىتىم بار.

**رىسالە** (ئەرەبچە) كىتابچە، مەكتۇپ، بۇنداق كىتابچىلەر تېماتىكا جەهەتتىن خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن، قەدىمكى



كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى رىسالە دەپ نەشىر قىلىنغان. مەسىلەن: ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «رىسالەئى مۇفرادات» دېگەن كىتابى بولغان. فارابىنىڭمۇ بىرقانچە ئەسىرى رىسالە نامىدا ئاتالغان.

**رىۋايەت** ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بەلگىلىك تارىخىي پېرسوناژلار، تارىخىي ۋەقەلەر، قەدىمكى جايلار هەمدە تەبىئەت هادىسىلىرى توغرىسىدىكى هېكايىلەردىن ئىبارەت.

رىۋايەتلەردە مەلۇم بىر ۋاقىت، ئورۇن ۋە تارىخىي ئەهۋاللار بەلگىلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنىسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ ماهىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك ئۈزلۈكسىز پىششىقلىنىپ ئەسلى مەنىسىدىن خېلى يىراقلاشقان بولىدۇ.

**زاۋىن** (فېلىيەتون) فېلىيەتون — جەمئىيەتتىكى ماهىيەتلىك ۋەقە-هادىسىلەر ياكى خاهىشلار بىۋاستە ۋە تېزلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، ئەدەبىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان سىياسىي مۇهاكىمە ماقالىسى. ئۇنىڭدا هەم سىياسىي مۇهاكىمە خاراكتېرى، هەم ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. مەزمۇن جەهەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى پاكىتلار هەقىقىي بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ تىلى هەم ئۆتكۈر، هەم ئوبرازلىق، كىنايە، هەجۋى قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولىدۇ.

**زوقلىنىش** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگىلا خاس بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت. شۇنداقلا ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى كىتابخانىلاردا قوزغايدىغان بىر خىل بەدىئىي تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەت زوقلىنىش ئارقىلىقلا بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. زوقلىنىش بولمىسا، ھەرقانچە ياخشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ ئىجتىمائىي رول ئوينىيالمايدۇ. ئېيتايلى: بىر رومان كىشىنى ئۇيقۇدىن، تاماقتىن ۋازكەچتۈرىدۇ. بىر پەردە ساز، ياكى بىر گۈزەل رەسىم كۆرگۈچىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانى ئەسەرنىڭ بىۋاستە تەسىرلەندۈرۈشىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

**ژارگون** (فرانسۇزچە) بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ ئۆزىگە خاس دىت ۋە تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ۋە ئۆزىگە خاس سۈنئىي، شەرتلىك سۆز-ئىبارىلىرى بىلەن ئومۇم خەلق تىلىدىن پەرقلىنىدىغان تىل. ژارگون-پەقەت مەلۇم بىر قاتلام كىشىلەرگىلا چۈشىنىشلىك سۆز-ئىبارە.

**ژانىر** (فرانسۇزچە genre — تۈر، خىل سۆزىدىن) ئەدەبىي ئەسەرلەرنى شەكلى جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىش. بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يا ئۇ خىلدىكى، ياكى بۇ خىلدىكى ژانىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ كونكرېت فورمىسى-ژانىر بولمايدىكەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى مەۋجۇت بولالمايدۇ.



ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئەپسانە، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، مەسەل ۋە شېئىر، داستان، ھېكايە، رومان، دراما، فېلىيەتون قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر پەيدا بولغان. مانا مۇشۇ تۈرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ژانىرلارغا ئايرىش مۇمكىن.

**ژۇرنال** پەن ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە خەۋەر، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە باشقا ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، تارقىتىدىغان قەرەللىك نەشر بۇيۇمى.

**ئەدەبىي ژۇرنال** مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى، خەۋەرلىرىنى، تەرجىمىلىرىنى ۋە باشقا ئەدەبىي تۈس ئالغان يازما ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىپ تارقىتىدىغان نەشر بۇيۇمى.

ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىنى دېگۈدەك ئېلان قىلىپ تارقىتىدۇ. مەسىلەن: «تارىم» ژۇرنىلى قاتارلىقلار. بەزى ژۇرناللار مەخسۇسلاشقان بولۇپ، مەلۇم ساھە، بىرلا ژانىر ئىجادىيىتىنى ۋە تەتقىقاتىنى ئېلان قىلىدۇ. مەسىلەن: «كۆۋرۈك» (تەرجىمە ئەدەبىياتى ژۇرنىلى) «شېئىرلار»، «ھېكايىلەر» دېگەندەك.

**ساتىرا** (گرېكچە satura — تۈرلۈك، ئارىلاش سۆزىدىن) ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى ئايرىم گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ يارىماس، سەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاچچىق كۈلۈپ ۋە ئۇنى

تەنقىدىي تەسۋىرلەپ يېزىلغان ھەجۋىي ئەسەر. ساتىرىك ئەسەرلەر تۈرلۈك ژانىرلاردا (رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە باشقا ژانىرلاردا) يېزىلىشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا مۇنداق ئەسەرلەر "ساتىرىك رومان"، "ساتىرىك پوۋېست"، "ساتىرىك ھېكايە"، "ساتىرىك شېئىر" دەپ ئاتىلىدۇ.

يازغۇچى ساتىرادا مۇبالىغىدىن، فانتازىيىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن ۋەقەنى ئەتەي كۆپتۈرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ساتىرىك ئوبرازنىڭ تاشقى قىياپىتىنى مەسخىرلا قىلغانلىقى كىشلەرنىڭ نۇقسانلىرىدىن كۈلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ھەجۋىي-تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغان كىشىنىڭ يارىماس خۇسۇسىيەتلىرىنى، مىجەز-خۇلقىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەنلىكىدۇر. چۈنكى، "ساتىرا كەمچىلىكلەرنى، كىشلەرنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى، يامان قىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىش بولماي، بەلكى ئاچچىقلانغان ھېسنىڭ كۈچى، ئالىيجاناپ غەزەپنىڭ گۈلدۈرمامىسى ۋە چاقمىقى بولۇشى كېرەك" (ۋ. گ. بېلىنسكى). مانا مۇشۇنداق ساتىرا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ۋە ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**ساقىي** (ئەسلى مەنىسى سۇغارغۇچى) كاسىگۈل؛ ئولتۇرۇش، بەزمىلەردە قەدەھكە شاراب-مەي قۇيغۇچى.

**ساقىينامە** مەي قۇيغۇچىلارنىڭ ساقىيلىق قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر كۆرسىتىلگەن رىسالە.

**سالنامە** (يىلنامە) ۋەقەلەر يىل-مۇيىل يېزىلىپ تۈرىدىغان



يىلنامە؛ تارىخ.

**ساياھەتنامە** بىرەر ساياھەتچىنىڭ كەزگەن يەرلەردە كۆرگەنلىرىنى يېزىپ ۋۇجۇتقا چىقارغان ئەسىرى.

**سەبكى** (ئەرەبچە "سبك"، ئەسلىدە ئالتۇن-كۈمۈش ئېرىتىش مەزمۇنىدىكى سۆزدىن) ئەدەبىيات-سەنئەتتە بايان ئۇسۇلى تىل ۋە بەدىئىي تەسۋىر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش يولى. شۇ مەنىدە "سەبكى" ئۇسلۇبنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئايرىم، مەشھۇر سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ، "ھافىز سەبكى"، "ناۋايى سەبكى" ياكى "بېدىل سەبكى" دېيىلىپ كەلگەن. ئىجادى بىر-بىرىگە مەلۇم جەھەتلەردىن يېقىن بولغان زاماندىش يازغۇچىلار قەلىمىگە مەنسۇپ ئۇسلۇب يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ "تۈركىستان ياكى خۇراسان سەبكى" (روداكى، دەقىقى، فىردەۋسى، ئۇنسۇرى باشقىلار)؛ "سەبكى ئىراقى" (ئەنۋەرى، زاھىرى...)؛ "ھىندى سەبكى" (ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى ۋە ئۇنىڭ ئىزداشلىرى)گە ئوخشاش تەرىپلەرمۇ قوللىنىلغان. "سەباك" مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش كلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولغانىدى.

**سەجئى** (ئەرەبچە سجع) قاپىيىلىك نەسىر. بۇ كۆپرەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر شەكىل. تارىختا بەزى كلاسسىك ئەسەرلەر مۇشۇ يول بىلەن يېزىلغان. خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلارنىڭ نەسرى يول بىلەن يېزىلغان

جايلىرىمۇ "سەجئى" دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باشلانمىسى بولۇپ كەلگەن "بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۆرە باقاۋۇل، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن"... دېگەن گەپلەر ئەينەن "سەجئى"نىڭ بىر كۆرۈنۈشى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس بۇ ئۇسۇل يازما ئەدەبىياتقىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا "سەجئى"لەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان. ئەلشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگۈسى) دېگەن ئەسىرىنىڭ ئايرىم جايلىرىنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يازغان.

"سەجئى"نىڭ بىر خىلىنى "مۇتەۋازىن سەجئى" دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى "مۇرەججەز نەسىر" دەپمۇ ئاتايدۇ. رۇس ئەدەبىياتىدا بۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنى "نەسرى شېئىر" دەيدۇ. نەسرى شېئىر لىرىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭغا ئى. س. تۇرگېنېۋنىڭ «گۈللەر قانداق ياخشى، قانداق تازا ئىدى» دېگەن ئەسىرى مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سەجئىنىڭ ئەنئەنىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرىمىز.

**سەنئەت** (ئەرەبچە صنعت سۆزىدىن) 1. سەنئەت، 2. ھۈنەر، كەسىپ، 3. ئىشلەپچىقىرىش ـ سانائەت مەنىلىرىنى بىلدۈرگۈچى سۆز. سەنئەت ئىدېئولوگىيىگە خاس ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، مىمارچىلىق،



ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، كىنو، سەھنە سەنئىتى قاتارلىق خىلمۇخىل سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماھىر ئەدىب، ئۇستا چالغۇچى، ئاجايىپ ئۇسسۇلچى ۋە باشقا سەنئەت ئەھلىلىرى "سەنئەتكار" دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى ـ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، خەلق ئاممىسىدۇر. سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋەقەلىكنى ئوبرازلار ۋە يارقىن مەنزىرىلەر ئارقىلىق بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا شەكىللىرى (سىياسەت، ئەخلاق ۋە باشقىلار)دىن پەرق قىلىدۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە سىنىپىي خاراكتېرى جەھەتتىن ئۇ ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا شەكىللىرىدەك ئۇستقۇرۇلما ھادىسىسىدۇر. ۋەھالەنكى، ھەربىر دەۋرنىڭ سەنئىتىنى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي تۈزۈمى (بازىس)دىن ھەمدە باشقا ئىدېئولوگىيىلىك ھادىسىلىرىدىن، جۈملىدىن سىنىپىي كۈرەش، پەلسەپە ۋە ئەخلاق تەلىماتلىرىدىن ئايرىغان ھالدا باھالاش مۇمكىن ئەمەس.

سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى خەلق ئاممىسىغا ئېستېتىك زوق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. سەنئەت ئىپادىلەش شەكلى ھەم ۋاستىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن تىل سەنئىتى، سەھنە سەنئىتى، سۈرەتلەش سەنئىتى ۋە ئۇنىۋېرسال سەنئەت قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت** بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر خىل ئەدەبى-

يات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى، ئۇنىڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
ئىجتىمائىي رولى، سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى
ئىنكار قىلىنىپ، سەنئەتنىڭ ھېچقانداق مەقسىتى بولمايدۇ،
دېگەن نەرسە تەرغىپ قىلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، غەرب بۇرژۇئازىيىسى
كۈندىن ـ كۈنگە چىرىپ كېتىۋاتقان چاغلىرىدا، بىر قىسىم بۇرژۇئا
ئەدىبلىرى "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" دېگەن بۇ شوئارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى بۇرژۇئازىيە ئەدەبىياتىنىڭ بۇرژۇئازد-
يىگە خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سىنىپىي ماھىيىتىنى
يېپىشىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلغانىدى. سەنئەتكارلارنى
رېئال كۆرەشتىن چەتنەپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ بەدىئىي شەكىل-
لەرنى ئىزدىنىشكە، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئىجتى-
مائىي رولى بىلەن كارى بولماسلىققا دەۋەت قىلدى. "4 ـ ماي"
ھەرىكىتىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى بەزى بۇرژۇئا ئەدىبلىرى
بۇ شوئارنى مەملىكىتىمىزگە كۆچۈرۈپ كېلىشكەن. ئۇلار قانداق-
تۇر "سەنئەتنىڭ ھېچقانداق مەقسىتى بولمايدۇ"، دەپ داۋراڭ
سېلىشقان ۋە بۇ سەپسەتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابقا قارشى
تۇرۇش، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قارشى تۇرۇش غەرىزى
ئۈچۈن دەستەك قىلىۋالغانىدى. لۇشۈن باشچىلىقىدىكى ئىلغار
ئەدىبلەر ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھىم
رولى ھەققىدە توختالغان. يۇقىرىقىدەك خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە
رەددىيە بەرگەنىدى.



**سەھنە سەنئىتى** تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇ
يەنە مەخسۇس تىياتىرلاردىكى سەھنىگە چىقىپ رول ئېلىشنىمۇ
كۆرسىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تىياتىرلارنىڭ سېنارىيىلىك ئەدەبىي
بۆلىكىنى پەرقلەندۈرىدۇ.

**شەكىل سەنئىتى** مەلۇم ماددىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ
(مەسىلەن: رەسىم سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان رەڭ ـ بوياقلار،
قەغەز، رەخ قاتارلىقلار؛ ھەيكەل تاراشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ،
تاش، لاي، گەج، مىس قاتارلىقلار) كىشىلەر سەزگۈسىگە
تەسىر قىلالايدىغان تۈز، ياكى تىك شەكىللىك ئوبرازلارنى يارد-
تىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى كونكرېت شەيئىلەرنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت. ئۇ، رەسىم سىزىش، ھەيكەل-
تىراش، مىمارچىلىق، قول ھۈنەر سەنئىتى قاتارلىقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

شەكىل سەنئىتى "سەنئەت"، "كۆرۈش سەزگۈسى سەنئە-
تى"، ياكى "بوشلۇق سەنئىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

"شەكىل سەنئىتى" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى 18 ـ ئەسىردىكى
گېرمانىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى لېسىن
دەسلەپ قوللانغان.

**ئويناش سەنئىتى** سەنئەتنىڭ بىر خىلى. ئاساسلىقى، ئاھاڭ،
رىتىم، تاكت، ياكى ئادەم ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاڭلاش،
كۆرۈش سەزگۈسىدە بىۋاسىتە رول ئوينايدىغان بەدىئىي
ئوبرازلارنى يارىتىش. مۇزىكا، ئۇسسۇل ئورۇنلاش سەنئىتىگە

كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە ئورۇنلاش ئارقىلىقلا مۇزىكىلىق ياكى ئۇسسۇللۇق ئوبرازنى ئىپادىلەپ تاماشىبىنلار ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ھەققىدە چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، تەربىيىلەش ھەم تەسىرلەندۈرۈش پەيدا قىلىدۇ.

**ئۇنىۋېرسال سەنئەت** بۇ سەنئەتنى تۈرگە ئايرىشتا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، بىرنەچچە خىل سەنئەت تەركىبلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىنى، بىرنەچچە خىل سەنئەت ماتېرىياللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئوبراز يارىتىش سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تىياتىر ئاساسەن ئەدەبىيات، ئورۇنلاش، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق ھەر تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ سەھنە ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئۇ ھەممىشە دېگۈدەك بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەم كۆرۈش، ھەم ئاڭلاش سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سەنئەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تىياتىر سەنئىتى، كىنو سەنئىتى...دېگەنلەردەك.

گەرچە يۇقىرىقىلارنىڭ ھەرقايسىسىدا ھەر تۈرلۈك بەدىئىي شەكىللەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، ئاكتيورلارنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتى ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ.

**ئىنسان ئۈچۈن سەنئەت** "4-ماي" دەۋرىدىكى رېئالىزم خاھىشىدىكى بىر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت تەشەببۇسى بولۇپ، "ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى"نىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى.



ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى، كىشىلەر قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشىنى تەكىتلىگەن. بۇ تەشەببۇس ئەينى ۋاقىتتا كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئېچىپ تاشلاپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

**"سەنئەت ئەركىنلىكى" نەزەرىيىسى** "ئۈچىنچى خىل كىشىلەر"گە قاراڭ.

**سەھنە سۆزى** تىياتىر ئەسەرلىرىگە خاس ئاتالغۇ. دراما ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىدا دراما پېرسوناژلىرىنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى ئېچىپ، ئۆز ئوبرازىنى يارىتىدىغان، ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغان قورالى. ئۇ دىئالوگ، مونولوگ، ياندىما سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ساپ، ئاددىي، تاۋلانغان، ئېنىق ۋە خاسلاشقان بولۇش سەھنە سۆزىگە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ.

**سخېماتىزم** قېلىپچىلىق. ئومۇمىي جەھەتتە يۈزەكى ۋە بىر قېلىپتا تەسۋىرلەش، ئىپادە قىلىش.

سخېماتىزم ئۇقۇمى قېلىپبازلىق دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**سونېت** (ئىتالىيانچە soneto) بەند قۇرۇلۇشى مۇرەككەپ شېئىر شەكىللىرىنىڭ بىرى. بۇ شېئىر ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىتالىيىدە شەكىللەنگەن. قائىدىگە مۇۋاپىق ئون تۆت مىسرادىن تەركىب تېپىشى كېرەك. سونېتنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىككى تۆتلۈك (катрен)؛ ئىككىنچى قىسمى ئىككى ئۈچلۈك (терцет)تىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە سونېت بەش ياكى ئالتە ستروفالىق بولىدۇ.

تۆتلۈكتىكى مىسرالار ئارىلاپ (بىرىنچى بىلەن ئۈچىنچى، ئىككى-
نچى بىلەن تۆتىنچى)قاپىيىلىنىدۇ؛ ئۈچلۈكلەردە بولسا، يا بىرد-
نچى بىلەن ئىككىنچى مىسرا قاپىيىلىنىپ، بىرىنچى ئۈچلۈك
بىلەن ئىككىنچى ئۈچلۈكنىڭ ئۈچىنچى مىسرالىرى قاپىيىلىنىدۇ
ياكى بىرىنچى ئۈچلۈكنىڭ ئۈچىنچى مىسراسى بىلەن ئىككىنچى
ئۈچلۈكنىڭ ئىككىنچى مىسراسى قاپىيىلىنىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ
بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسرالىرى قاپىيە بىلەن باغلىنىدۇ.

ئىتالىيىدە 13 — 14 - ئەسىرلەردە دانتې، پېتراركا؛ ئەنگلە-
يىدە ۋ.شېكىسپىر (16 - ئەسىر)، ۋورد سۋورت (19 - ئەسىر)لار
سونېت يازغان.

19 - ۋە 20 - ئەسىرلەردە رۇس شائىرلىرىمۇ سونېت شەكلە-
دىكى شېئىرلارنى يازغان. سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ
شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار بار. مەسىلەن:

شېئىرىم، يەنە ئۆزەڭ ياخشىسەن،
باغقا كىرسەڭ گۈللەر شەرمەندە.
بىر مەن ئەمەس ھايات شەخسسەن،
جانىم كەبى ياشايسەن تەندە
يۈرىكىمنىڭ دەردى-نەقشىسەن،
قىلالمايمەن سېنى ھېچ كەندە.
ئوت بولارمۇ، ئىشقى يوق تەندە؟!
ئىشقىمسەنكى، شېئىرىم، ياخشىسەن.



سەن ئارىدا كۆۋرۈك بولدۇڭ-دە،
گېپىنى بىلەن ئورتاق تۇتتۇندىم.
لېرمونتوۋدىن ياردەم ئۆتتۈندىم.
پۈتۈن ئۆمرۈم سېنىڭ بوينۇڭدا
سەھەردە قان تۆكۈرسەم مەيلى.
مەن-مەجنۇنمەن، شېئىرىم، سەن لەيلى.

(ئو. ناسىر)

**سۇفلېر** ئارتىسقا رولىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچى تىياتىر خادىمى.

**سۆز بېشى** ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدا پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ئاساسي مەزمۇنىنى قىسقا، ئىخچام بايان قىلىپ تونۇشتۇرۇش، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق كىتابخاننى ئەسەرنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى ئوقۇشقا يېتەكلەشكە بېغىشلانغان قىسقا ماقالە.

**سۆز ئۈزۈندىلىرى** مەلۇم شەخسلەرنىڭ سۆز، نۇتۇق خاتىرىلىرى ياكى ئاشۇلاردىن ئېلىنغان ئەھمىيەتلىك ئۈزۈندىلەر.

سۆز ئۈزۈندىلىرى، بولۇپمۇ كلاسسىك شائىر، يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەرنىڭ تەتقىقاتتا قىممىتى زور بولۇپلا قالماي، كېيىنكىلەرنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىدە بەلگىلىك يېتەكچىلىك رول ئويناش ئەھمىيىتى بار.

**سۇژېت** (فرانسۇزچە syjet — پرېدمېت، نەرسە سۆزىدىن)

ئېپىك، لىرىك ياكى دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان، ئۆزئارا باغلانغان ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى. ۋەقەلەردە ئىپادىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا تەسىرى، كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ تۈرلۈك خىسلەتلىرىنى پېرسوناژلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۇلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇژېتتا ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان توقۇنۇشلار، قارىمۇقارشىلىقلار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەكس ئېتىدۇ. ماكسىم گوركى سۇژېتنى ”ئالاقىلەر، قارىمۇقارشىلىقلار، ... ۋە ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئۇ ياكى بۇ خاراكتېرنىڭ ئۆسۈش ۋە تەشكىل تېپىش تارىخى“ دەپ چۈشەندۈرگەندى.

**ئاساسىي سۇژېت** غول سۇژېت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى ئەڭ ئاساسلىق، غول ۋەقەلىك سۇژېتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشكە ئەڭ بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان يىرىك سۇژېت.

**تاق لىنىيىلىك سۇژېت** بىر لىنىيىلىك سۇژېت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىرلا سۇژېت ۋەقەلىكىنىڭ باشلىنىشتىن ئاياغلاشقانغا قەدەر داۋام قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، كىچىك ھەجىملىك ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت ۋەقەلىكى تاق لىنىيىلىك راۋاج بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ ھەجىمدىكى ئېپىك



ئەسەرلەردىمۇ ئاساسەن تاق لىنىيىلىك سۇژېت ۋەقەلىكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

تاق لىنىيىلىك سۇژېت باشلىنىشتىن تارتىپ يېشىمگىچە بىر، مۇستەقىل ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىشى دېمەكتۇر.

**قوش لىنىيىلىك سۇژېت** يىرىك ئېپىك ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى باشلىنىشى ۋە يېشىمى بىر يەردىن چىقىپ، بىر يەردە ھەل قىلىنىدىغان، راۋاجى بولسا ئىككى لىنىيە بويىچە بايان قىلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. سۇژېت ۋەقەلىكىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قوش لىنىيىلىك سۇژېت، ياكى ئىككى لىنىيىلىك سۇژېت دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: فادېيېۋنىڭ رومانى «ياش گۋاردىيە»دە ياش كومسوموللارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى بىر لىنىيە، پېشقەدەم كوممۇنىستلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى يەنە بىر لىنىيە قىلىپ يېزىلغان.

قوش لىنىيىلىك سۇژېت قۇرۇلمىسى بىر-بىرى باغلاشمايدىغان، مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئۇ بەرىبىر بىر ئەسەر ئىچىدىكى تەشكىلىي بۆلەك بولۇپ، ھامان بىر باش تېمىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

**يوشۇرۇن سۇژېت** ئاتالغۇلارنىڭ ”يوشۇرۇن بايان“ ئىزاھىغا قاراڭ.

**سېنارىيە** 1. تىياتىردا قويۇلىدىغان دراماتىك ئەسەرنىڭ پىلانى. سۇژېت سىخېمىسى. ئوپېرادىكى دراماتىك ھەرىكەت-

نىڭ تەسۋىرى، بالىتتا سۇژىتنىڭ ھەممە ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بايان.

2. پىيېسە (سەھنە ئەسىرى)دە رول ئالغۇچىلارنىڭ سەھنىگە چىقىش پەيتى ۋە تەرتىپى كۆرسىتىلگەن يوليورۇق.

**تېلېۋىزىيە سىنارىيەسى** تېلېۋىزىيە فىلىمى ئۈچۈن مەخسۇس يېزىلغان سىنارىيە. ئاتالغۇلارنىڭ "تېلېۋىزىيە تىياتىرى" ئىزاھىغا قاراڭ.

**رېژىسسور سىنارىيىسى** بۇ كۆرۈنۈش سىنارىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەخسۇسلا سۈرەتكە تارتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. رېژىسسور سىنارىيىسىنى رېژىسسور ئەسلىدىكى كىنو سىنارىيىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ پىكرەن قۇراشتۇرۇشلىرىنى قوشۇپ، پۈتكۈل فىلىم ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى ئوپېراتورنىڭ سۈرەتكە ئېلىشىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ھەربىر بۆلەك كۆرۈنۈشنىڭ مەنزىرە ئايرىمىسىنى، سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلىنى، ئېكراندا كۆرۈنىدىغان فىگۇرىلارنىڭ يىراق-يېقىنلىقى، دىئالوگ، مۇزىكا، ئەكس سادا، كۆرۈنۈشنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ.

رېژىسسور سىنارىيىسى، رېژىسسورنىڭ ئەسلىدىكى كىنو سىنارىيىسىنى يېڭىباشتىن ئىجاد قىلغان سىنارىيىسى دېيىشتىكى سەۋەب ئاشۇ يەردە.

**كىنو سىنارىيىسى** ئاتالغۇلارنىڭ "كىنو ئەدەبىياتى" ئىزاھىغا قاراڭ.



**سېنتىمېنتالىزم** تەسىرلەنمىچىلىك. (فرانسۇزچە sentimental سەزگۈچى سۆزىدىن) 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئېقىم. دەسلەپ ئەنگلىيىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئودالىزمنىڭ كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭدا ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇزۇق ئەخلاقىغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئىپادىلەنگەن، بۇ ئېقىم نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر ۋە دېھقانلار ھاياتى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا قارىمۇقارشى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا فېئودالىزم خورلىغان كىشىلەرگە ئېچىنىش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئېقىم كلاسسىزمغا ۋە شۇ يۆنىلىشتىكى ئەسەرلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى كىشىنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئارتۇقچە تەسۋىرلەش بىلەن پەرقلىنىدۇ.

سېنتىمېنتالىزمنىڭ ئەينى زاماندا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلغارلىقى بولغان.

**سېنزور** چارروسىيە كىتاب، ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ نامى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلۇپ يانچىلىق تۈزۈمىنى قوغداش، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىياتنى تەئقىپ قىلىش، چەكلەش ۋە مەنئى قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن، ئومۇمەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چەكلەش، تەكشۈرۈش، ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈشلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىك ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالغان.

”توٚت كىشىلىك گۇرۇھ“ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن يىللاردىمۇ، ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، كېيىنكى چاغلاردا ئېلان قىلىنغان بىرمۇنچە ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورلىرىدا بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلىپ، ”توٚت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە قاراتقان مۇئامىلىسىگە شىكايەت بىلدۈرۈلدى.

**سىكىل** چاتماشېئىر (گرېكچە koklos دائىرە، ھالقا سۆزىدىن) بىرقانچە ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇنداش شېئىرلارنىڭ چېتىلىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىشىغا قارىتىلغان.

مەسىلەن: تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا» دېگەن سىكىلى «مېھنەت ۋە ئەقىل»، «ۋىجدان»، «مۇھەببەت»، «نەپرەت» قاتارلىق بىرقانچە مەزمۇنداش شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ شېئىرلار بىر-بىرىگە باغلىنىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ھەم كۈچەيتىپ، ئىنسانىي خىسلەت توغرىسىدىكى بىر پۈتۈن چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**سىمۋول** (گرېكچە symbylon قەدىمكى گرېكلاردا مەخپىي بىر تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن قوللانغان شەرتلىك بەلگىسى — رەمزى) مەجاز تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقە ياكى چۈشەنچە ھەمدە پېرېدمېتلار (نەرسىلەر) ئىپادىسى ئۈچۈن شەرتلىك ھالدا كۆچمە مەنىدە قوللىنىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى. مەسىلەن: كەپتەر — تىنچلىق سىمۋولى، تاڭ — يورۇقلۇق، ئىستىقبال سىمۋولى،



تۈن — بەختسىزلىك، ھالاكەت سىمۋولى.

مەلۇم ۋەقەنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى ۋە غايىسىنى بەلگىلىگۈچى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە يارقىن مۇجەسسەملەشتۈرگەن بەدىئىي ئوبرازغا نىسبەتەنمۇ سىمۋول سۆزى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ئاق چاچلىق قىز» كىنو فىلىمىدىكى ئاق چاچلىق قىز ئوبرازى ئۆتمۈشتىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئەمگەكچانلىقىنىڭ، جاپالىق تۇرمۇشىنىڭ ۋە پارتىيىنى سۆيىدىغان روھىنىڭ سىمۋولى. ئارمىيە بولسا خەلق ئازادلىقىنىڭ سىمۋولى.

**سىمۋولىزم** بەلگىچىلىك. (گرېكچە symbolon — شەرتلىك بەلگە سۆزىدىن) 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەيدانغا چىققان ئاساسلىق ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىغا ئومۇميۈزلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال دۇنيا قۇرۇق، جاپالىق كېلىدۇ، ”ئۇ دۇنيا“ بولسا ھەقىقىي ھەم گۈزەلدۇر، دەپ قارالغان. شېئىردىيەتتە مۇشۇ تۇترۇقسىز قۇرۇق ”ئۇ دۇنيا“ توغرىسىدا بېشارەت بېرىش مەقسەت قىلىنىپ، ئاجايىپ-غارايىپ، چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىش، كىشىلەرنى تۇتۇق سىرلار توغرۇلۇق ئويلاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم ”خىيالىي شەكىل“ يەنى ”سىمۋول“ پەيدا

قىلىش تەلەپ قىلىنغان، شېئىرىيەتتىكى سىمۋول ئىككى ئالەمنى تونۇشتۇرىدىغان كۆۋرۈك بولغان. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، سىمۋولىزم بويىچە يېزىلغان شېئىرلار چۈشكۈنلۈك ۋە قايغۇ مۇقامى بىلەن تولغان، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي شەخسىيەتچىلىك ۋە سىرلىقلاشتۇرۇش تەرغىپ قىلىنغان.

**سىنتاش يادنامىلىرى** بۇ "مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى" دېمۇ ئاتالماقتا. قەدىمكى دەۋر، باشلانغۇچ دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى تاشقا، قاتۇرۇلغان سېغىزغا، ياغاچ ھەمدە ھايۋاناتلارنىڭ سۆڭەك، تېرىلىرىگە يېزىلغان، ئويۇلغان يادىكارلىق تېپىدىكى ھۆججەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنداق يادنامىلارنىڭ بەزىلىرى ئەڭ ئىپتىدائىي يېزىق بىلەن، بەزىلىرى باشلانغۇچ ئىروگىلىفلىق يېزىقلار بىلەن مەلۇم بولماقتا. بەزىلىرى بولسا تېخى ھازىرغا قەدەر ئوقۇپ تونۇلمىغان يېزىقلىق يادنامىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلمەكتە. مىسىردىن تېپىلغان بەزى يادنامىلار، سۈرىيىدىن تېپىلغان سېغىز يادنامىلىرى بۇنىڭ مىسالى.

تاشقى موڭغۇلىيە، شەرقىي ئۇرال، سىبىرىيە دالىلىرىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئورخۇن-يېنسەي يېزىقلىرى بىلەن پۈتۈلگەن يادنامىلار بىرنەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئېتنوگرافلارنىڭ، تىلشۇناسلارنىڭ، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەتقىق تېمىسى بولۇپ كەلدى. بۇ يادنامىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ،



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ھەربىي مەشغۇلاتلىرىنىلا ئەمەس، ئەينى دەۋردىكى مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسى، بەزى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە خەلقىنىڭ ئىستېتىك نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن تونۇشۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى بىلەن تىكلەنگەن يادنامىلارنىڭ بەزىلىرى تەتقىق قىلىنىپ نەشر قىلىندى، بەزىلىرى داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا. "بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى يادنامىسى"، "تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى يادنامىسى" قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

**سىنونىم** مەنىداش سۆزلەر. تاۋۇش تۈزۈلۈشى، تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتە باشقا-باشقا، ئەمما مەنىسى بىر، ئوخشاش ياكى تولىمۇ يېقىن سۆزلەر.

**شائىر** شېئىر يازغۇچى شەخس.

**شېئىر** شېئىر — ئىجتىمائىي ھاياتنى باي تەسەۋۋۇر ھەم كۈچلۈك ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنەرلىك قىلىپ يازغان نەزم. ئۇنىڭدا سۆزلەر ئوبرازلىق، يېقىملىق، ئاھاڭدار ۋە رىتىملىق بولىدۇ. كىشىنىڭ ئېسىدە ئوڭاي قالىدۇ. بۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ.

شېئىر دېگەن سۆز — گۈزەل سېزىم، گۈزەل تۇيغۇ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**شېئىرىي پاراڭ** شېئىرىي سۆز؛ شېئىرگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەر؛ شېئىرىيەتكە، شائىرلارغا نىسبەتەن سۆزلىنىدىغان

غەيري رەسمي مۇھاكىمە سۆزلىرى. شائىرلارنىڭ ئايرىم، ياكى ئۆزئارا قىلىشقان شېئىر تۈزۈلۈشى، ئۇسلۇبى، شېئىرى ھېسسىياتقا دائىر سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئاشۇنداق يىغىندىلاردىن تۈزۈلگەن نەشىر بويۇملىرىنىڭ ئىسمى.

**شېئىرىي پىكىر** شېئىر ئويغىتىدىغان، شېئىر يېزىشقا تۈرتكە بولىدىغان ھېسسىياتلىق پىكىر.

**شېئىرىي چۆچەك** چۆچەك ۋەقەلىكلىرىنى تېما قىلغان داستان تۈرىدىكى ئېپىك شېئىر.

شېئىرىي چۆچەكلەردە بىرقەدەر مۇكەممەل ۋەقەلىك سۇژېتى بولىدۇ، تىلى ئاددىي، ئاممىباب، پۇختا ئىشلەنگەن، تەسىرلىك بولىدۇ. مەزمۇنى قىزىقارلىق، ئۆزىگە تارتىملىق بولىدۇ. ۋەزنى يەڭگىل، راۋان، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا يېزىلىدۇ.

شېئىرىي چۆچەكلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سالمىقى خېلى زور بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولماقتا. قەلەمى پىشقان شائىرلارمۇ ئۆز ئىجادىنىڭ بەلگىلىك قىسمىنى شېئىرى چۆچەكلەرگە ئاتىغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ.

**شېئىرىي رومان** ئېپىك شېئىرلارنىڭ بىر خىلى. شېئىرىيەت شەكىللىرى ئارقىلىق ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا رومانلارغا ئوخشاش پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، مۇكەممەل



سۇژېت قۇرۇلمىسى بولىدۇ.

مەسىلەن، پۇشكىن يازغان «يېۋگېنى ئونېگىن»، مەھەممەتجان سادىق يازغان «ئىلى پەرزەندلىرى» شېئىرىي رومانغا ئوبدان مىسال بولىدۇ.

**شېئىرىي مەسەل** مەسەللەرنىڭ شېئىر شەكلى بىلەن يېزىلغان تۈرى.

شېئىرى مەسەللەر نەسرى شەكىل بىلەن يېزىلغانلىرىغا قارىغاندا ئاھاڭدار بولۇشى بىلەن قەدىرلىكتۇر ۋە ئۇ شۇ سەۋەبتىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىغا ئىگە. ئېغىزغا چۈشۈپ بېرىشى راۋان، ئەپلىك بولغانلىقتىن تارقىلىشى كەڭ، ئۆزلىشىشى تېز بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرى مەسەلنىڭ سالمىقى خېلى زور. زۇنۇن قادىرى شېئىرى مەسەل يېزىشنىڭ ئوبدان ئۈلگىسى بولۇپ «قوشچى بىلەن چاشقان» ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە.

**ئاق شېئىر** (رۇسچە Белыйстих سۆزىدىن) بۇ شېئىر شەكلى ياۋروپادىكى بەزى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بولۇپ، كېيىنچە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر قىلغان، بۇ شېئىر "سىللابىك" شېئىر تۈزۈلۈشىدىكى مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەلەنمىگەن شېئىر تۈرى — قاپىيىسىز شېئىردۇر.

ئاق شېئىر تېرمىنى مىسرالارنىڭ قاپىيەلەنمەي كېلىشىدىن، يەنى ئاق قېلىشىدىن ئېلىنغان. لېكىن بۇ نەرسە ئاق شېئىرنىڭ رىتىملىق بولۇشىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى مۇكەممەل رىتىم

بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاق شېئىرنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى ئىنگلىز ئېپوسىدا ۋە رۇس، ئۆزبېك شائىرلىرى ئىجادىدا كۆرىمىز.

مەسىلەن:

لۇغىتىمدا سۆزۈم شۇنچە كۆپ،
قايسىبىرى بىلەن باشلايىن؟
شۇنچە شادمەن، شادلىقىم چەكسىز...
كۆڭلۈم شادلىقىمدىن ئۆسىدۇ!
سىنتەبىرنىڭ كېچىسى سالقىن،
ئانام كەبى يۇمشاق، بىئازار.
شوللىرى ئەرشكىچە يەتكەن،
يانار پىئونېرلار مەشئىلى.
شۇ دۇنيادا مەن گويا سۆيۈنچتىن،
قانات ياساپ ئۇچتۇم پەلەككە.
ئاشۇ بەلەند ئاسمان تۆۋىدىن
ياشلىغىمنى تەبرىك ئەيلەدىم.

(ئوسمان ناسىر)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا 20 ـ يىللار مەزگىلىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى بۇ شەكىلدە بەزى شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان:

مەسىلەن:

قۇياش چىققانغا كۆپ بولدى،
پۈتۈن دۇنيادا كۈندۈزدۇر.



ۋە لېكىن بىزنىڭ شىنجاڭنى،
قۇرۇمدەك قاپقارا كۆردۈم.

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

**ئەركىن شېئىر** چاچما شېئىرغا قاراڭ.

**باللار شېئىرى** باللار ئوقۇشلۇقى تۈرىدىكى شېئىر خىلى. ئۇ شېئىرىي چۆچەك، باللار ناخشىلىرى، شېئىرىي مەسەل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باللار شېئىرى، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە باي باش تېمىنى ئوڭاي چۈشەنگىلى ۋە قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق، ھەم تېپىزرەك، ھەم ئېنىق، ھەم قىزىقارلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

باللار شېئىرىنىڭ ۋەقەلىكى، شېئىردىكى پېرسوناژ، ئىش-ھەرىكەت، مەنزىرە، مۇھىت قاتارلىقلار باللارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان، قىزىقتۇرىدىغان، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى لازىم.

باللارنىڭ ئۆزلىرى يازغان شېئىر ۋە قوشاقلارمۇ باللار شېئىرى تۈرىگە كىرىدۇ.

**چاچما شېئىر** تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان شېئىر تۈرى. ئۇنىڭدا مىسرالاردىكى بوغۇملار سانىغا، ئۇرغۇلۇق، ياكى ئۇرغۇسىز بولۇشقا ئەمەس، بەلكى رىتىمغا، ئىنتوناتسىيىگە تولا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بۇنداق شېئىردا ۋەقەنىڭ ئىپادىلىنىشىگە قاراپ رىتىم ئۆزگىرىپ

تۇرىدۇ، قىسقىسى، بۇ خىل شېئىر شەكلىدە قاپىيە بولغان تەقدىردىمۇ، ۋەزىنلىك شېئىر شەكىللىرىدىكىدەك تەكشى بولمايدۇ.

مەسىلەن:

كۆڭلىمىز بېغىغا سۆگەت تىكىپ،
باراڭلىق ياسىدۇق.
چۆنەك چېپىپ،
چۆرىسىگە تىكەن توساپ،
گۈللەر تېرىدۇق.
گۈللەرنى، سۆگىتىمىزنى،
باراڭلىق، چىرايلىق قىلىپ
ئۆستۈرمەكچىمىز.
زاۋۇتتىن، خاڭدىن
ھېرىپ يانغان ئىشچىلارنى،
ئېتىزدىن، خاماندىن
پىشىپ يانغان دېھقانلارنى،
بېغىمىزغا ئەكىرىپ،
مەيدىسىگە گۈللەر قىسىپ،
شۇ يەردە ئوينىتىپ،
شۇ باراڭدا،
كۈلدۈرمەكچىمىز.

(ئۆمەر مۇھەممەدى)



**لىرىك شېئىر** شېئىرىيەتنىڭ بىر چوڭ تۈرى. لىرىك شېئىرلار شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن قوزغالغان ئىلھام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى يىغىنچاق ئىپادە قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

لىرىك شېئىرلار ئاساسەن شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە بايان قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇكەممەل سۇژېت ۋەقەلىكى بولمايدۇ. پېرسوناژلار ۋە مۇھىتنى تەپسىلىي، كونكرېت تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

لىرىك شېئىرلار كۆپرەك ئىنتىم لىرىكىسى ۋە پېيزاژ لىرىكىسى تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ. مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن يەنە سىياسىي لىرىكا، مۇھەببەت لىرىكىسى خىللىرىغا ئىگە. مەدھىيە، مەرسىيە، قوشاق قاتارلىق تۈرلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىرىمۇ لىرىك شېئىرلار تەۋەسىگە كىرىدۇ.

لىرىك شېئىرلار ھەممىشە دېگۈدەك دەۋرنىڭ، زاماننىڭ رىتىمى ھېسابلىنىدۇ.

**ماۋزۇسىز شېئىر** لىرىك شېئىرلارنىڭ بەزى شەكىللىرى ئۆز قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ماۋزۇسىز ئىجاد قىلىنىپ كەلگەنلىكتەك ئەنئەنىگە ئىگە. بۇنىڭغا خەلق قوشاقلىرى ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ فەردتىن تارتىپ مۇساۋىيات تەرەپەينگىچە بولغان شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىمۇ ماۋزۇ

قويۇلماي، پەقەت شەكلى ئىزاھلىنىپلا يېزىلىپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىمۇ ماۋزۇسىز لىرىك شېئىرلار كۆپلەپ يېزىلدى. بۇنداق شېئىرلارنىڭ بەزىسى شائىرنىڭ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئىلھامى بىلەن يېزىلغانلىقتىن ماۋزۇ قويۇلمىغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىنى ئېنىقلاشنى كىتابخانلارغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ماۋزۇ قويۇلمىغان. بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، ماۋزۇ تاپالمىغانلىقتىن دەپ قارىماسلىق لازىم.

**نەسرى شېئىر** لىرىك ھېسسىياتنى نەسرى يول بىلەن يېزىپ، كىتابخانغا چوڭقۇر بەدىئىي زوق ھەم ئېستېتىك تەربىيە بېرەلەيدىغان ئەسەر، بۇ خىل ئەسەر ئىموتسىئوناللىقى (ئۆزگە تارتىش، تەسىرچانلىق) ۋە مەلۇم رىتىمى بىلەن شېئىرىي ئەسەرگە تەڭ بولىدۇ، چاچما بەدىئىي نۇتۇقنىڭ ئاشۇنداق تۈرى "نەسرى شېئىر" ياكى نەسرى لىرىكا دېيىلىدۇ. ماكسىم گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى» ۋە لۇشۇننىڭ «ياۋا گىيا» دېگەن ئەسرى نەسرى شېئىرنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدۇر.

**ھەجۋىي شېئىر** قالاق نەرسىلەرنى، ناچار ئىللەتلەرنى ۋە رەزىللىكنى ھەجۋە ئاستىغا ئالىدىغان، ئاشۇنداق ھادىسە ۋە ھالەتلەرنى پاش قىلىپ سۆكىدىغان شېئىرلار. بۇنداق شېئىرلارنىڭ ئاپتورى ئۆزى ھەجۋە قىلىۋاتقان ئوبيېكتقا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ ئۆزى ھەجۋە قىلىۋاتقان ئوبيېكتنى مەنسىتمەيدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان



ھېسسىياتى بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە، ئاتالغۇلارنىڭ "ساتىرا" ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئوردا (ساراي) شېئىرلىرى** ئاساسەن، ئوردا (ساراي) تۇرمۇشىنى تېما قىلغان، پادىشاھ، ۋەزىر، خانىش ۋە ھەرەم كېنىزەكلىرىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئوردا (ساراي) شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرىيەتتە بەلگىلىك سالماقنى ئىگەللەيدۇ. گەرچە بۇ شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پادىشاھلارغا خۇشامەت قىلىش، پادىشاھلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى، چىراي-شەكىل قىياپەتلىرىنى، كىيىم-كېچەك لىباسلىرىنى ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان دەرىجىدە ماختاش، ۋەزىرلەر، خانىش-مەلىكىلەر ۋە ھەرەم كېنىزەكلىرىنى كۆپتۈرۈپ مەدھىيىلەش مەزمۇنلىرى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئوردا (ساراي)دىكى چىرىكلىكنى پاش قىلىش، سادىنپەزلىكلەرنى قامچىلاش يۈزىسىدىن مەجازىي ۋاستىلەر ئارقىلىق يېزىلغانلىرىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوردا (ساراي) شېئىرلىرىغا نىسبەتەن بىر تاياقتا ھەيدەش پوزىتسىيىسىنى تۇتماسلىق، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش، تەنقىدىي نۇقتىدىن باھالاش لازىم.

ئوردا (ساراي) شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇ دەۋردىكى ئوردا تۇرمۇشىنى ئىگەللەشتە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، زىددىيەتلەرنى چۈشىنىشتە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تىل تەرەققىياتى

تەھلىل قىلىشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

پادىشاھلار ۋە لەشكەر باشلىقلىرىغا مەدھىيە ئوقۇشقا بېغىشلانغان بەزى شېئىرلاردا جەڭ تەپسىلاتلىرى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، بۇرمىلانغان بولسىمۇ، ئۇ دەۋر جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

ئۇمۇمەن، ئوردا (ساراي) شېئىرلىرىنى بىردەك چەتكە قاقماي ۋە ئىنكار قىلماي، ماركسىزملىق ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئېپىك شېئىر** كونكرېت پېرسوناژ ياكى ۋەقەلەر ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن شېئىرىي ئەسەرلەر ئېپىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭدا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسى بىلەن غايىسى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبراز ياكى ۋەقەگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

مەسىلەن: ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق ئەسىرى ئېپىك شېئىردۇر.

ئېپىك شېئىرلار ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا ئاساسەن جەڭنامە، ئېپوپېيە (چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەر)، داستان، باللادا، ئېيتىشىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**يېڭى شېئىر** خەنزۇ شېئىرىيىتىدە كلاسسىك، ئەنئەنىۋى، قېلىپلاشقان شېئىرلاردىن پەرقلىنىدىغان، "4-ماي" يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان شېئىرلار "يېڭى شېئىر" دەپ ئاتالماقتا.



بۇ ئاتالغۇ نوقۇل شېئىرنىڭ دەۋرىيلىكى ۋە شەكلىگىلا قارىتىپ قوللىنىلغان بولماستىن (گەرچە بۇ تەرەپلىرىمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە.) بەلكى، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ئىجادىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىگىمۇ، شېئىرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىگىمۇ قارىتىلغان.

بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە "يېڭى شېئىر" ئاتالغۇسى ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلىدىن پەرقلىنىش ئۈچۈنلا قوللىنىلىۋاتىدۇ. رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە شەكىل مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى بولسىمۇ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. قانداق شەكىل قوللىنىپ يېزىش شائىرنىڭ ئىقتىدارىغا، ئۇسلۇبىغا تەۋە ئىش.

**غايە** كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە شۇ ھادىسىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن تەپەككۇردىن ئىبارەت، مۇنداق تەپەككۇر ھەممىشە كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ (غايە) ئىدىيىدىن بىخلىنىپ چىقىدىغان نوتا بولۇپ، پەرۋىش قىلىنغاندىلا باراقسان بولۇپ گۈللەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان سىنىپ كىشىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان غايە بولىدۇ، بىزنىڭ خەلق ئاممىسىنى بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش يولىدىكى مەقسىتىمىز كوممۇنىستىك غايىنى ئاساس قىلغان.

**ئەسەر غايىسى** ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن يېتەكچى پىكىردۇر. ئەسەرنىڭ غايىسى ئەسەر قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

ئىش ـ ھەرىكىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر يازغۇچىسى قەييۇم تۇردى «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» ناملىق ھېكايەسىدە ھەقىقىي چىن ئىنسان قەلبىنى تەسۋىرلىگەن. بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇئەللىمدىن ئىبارەت چىن ئىنساني خىسلەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچىدىن زوقلىنىمىز. ئەسەردىكى ئوقۇتقۇچى ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ھەرقاچان ياخشى پىكىر ۋە توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى پەرۋىشلىگەن، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئىنسان، دەپ ھېس قىلىمىز، مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى يېتەكچى ئىدىيە — غايىدىن ئىبارەت.

**غايىۋىلىك** بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ غايىسى قانچىكى ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ ئەسىرىدە ھايات شۇنچىلىك كەڭ، چوڭقۇر ھەمدە ھەققانىي ئىپادىلىنىدۇ، بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز ھالدا يۇقىرى باھالىنىدۇ.

"قۇدرەتلىك ۋە ھاياتىي غايە ئاساسىدا تۇغۇلغان، دەۋرنىڭ ئېسىل تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرگەن ئەدەبىي ئېقىملارلا يارقىن تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ." (چېرنىشېۋسكى)

**غەربىي ياۋروپاچىلار** 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 50 ـ يىللىرىغىچە روسىيىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۆتكۈنچى دەۋرىدە



مەيدانغا كەلگەن ئىدىيە ئېقىمى. 1836 ـ يىلى چائادايېۋنىڭ «پەلسەپە خەت ـ چەكلىرى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلانغان مۇنازىرىنىڭ تۈرتكىلىكىدە 1841 ـ يىلى موسكۋادا شەكىللەنگەن. ئۇلار روسىيىنىڭ غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ يولىدا مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۇلار ئەدەبىياتتا رېئالىزم پرىنسىپلىرىنى ۋە گوگول ئىجادىيىتىنى قوغداپ تەبىئىيچىلەر (ناتۇراللىستلار)نىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلانغان. غەربىي ياۋروپاچىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئەينى ۋاقىتتا بەلگىلىك ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جۇش ئۇرۇشى بىلەن، غەربىي ياۋروپاچىلار ۋە سلاۋيانچىلارنىڭ زىددىيىتى پەسىيىپ، چېرنىشېۋسكى ۋە گېرتسىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي دېموكراتلارغا قارشى تۇردى.

**غەزەل** شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان لىرىك ژانىر. غەزەل دەسلەپ ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يارىتىلغان، كېيىنكى چاغلاردا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، تەلىم ـ تەربىيە تېمىلىرىدىمۇ يېزىلىشقا باشلىدى. ناۋايى قاتارلىق شائىرلار ھەجۋىي خاراكتېردىكى غەزەللەرنىمۇ ياراتتى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىم شېھىت قاتارلىق شائىرلار مۇشۇ ژانىردا خەلقنى ئويغىتىش، بىلىم ـ مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش، كۈرەش قىلىپ يېڭى ھايات

قۇرۇش تېمىلىرىدا نۇرغۇن غەزەللەرنى يازدى ۋە يېڭى-يېڭى شەكىللەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

غەزەل ئاز بولغاندا ئۈچ بېيىتتىن، كۆپ بولغاندا ئون، ئون ئىككى بېيىتتىن (بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپ) ئىبارەت بولىدۇ. غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇپ، كېيىنكى جۈپ مىسرالار ئۇنىڭغا ماسلىشىپ كېلىدۇ. تاق مىسرالار بولسا ئوچۇق قالىدۇ. (ئا-ئا. ب-ئا، پ-ئا).

غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتى قاپىيىلەنمىسە، ئۇنى قىتئە غەزەل دەپ ئاتايدۇ.

**غەيرىي سۇژېتلىق ئېلېمېنت** ئېپىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ خاراكتېرى ۋە تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت پەيدا قىلمايدىغان ئېلېمېنت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كىرىش سۆز، ياندىما سۆز، قىستۇرما سۆز، خاتىمە، ئاپتور نۇتقى ۋە ئاپتور مۇھاكىمىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

غەيرىي سۇژېتلىق ئېلېمېنتلار گەرچە ۋەقەلىك سۇژېتىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبىدە بولمىسىمۇ، پۈتكۈل ئەسەر قۇرۇلمىسىدا يەنىلا بىر ئورگانىك تەركىب بولىدۇ. ئۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتە، مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتە ياردەمچىلىك رول ئويناپ، ئەمەلىيەتتە سۇژېتنى تولۇقلايدىغان ۋاستىچى بولىدۇ.

غەيرىي سۇژېتلىق ئېلېمېنتلار ئاساسىي سۇژېت بىلەن بىرلىكتە



ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇكەممەل كومپوزىتسىيىسىنى تەشكىللەيدۇ.

**فانتازىيە** (گرېكچە phantasia پەرەز قىلىش، تەسەۋۋۇر، خىيال سۆزىدىن) ئىجادىي تەسەۋۋۇر، خىيال، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجادىي خىيال بىلەن يارىتىلغان ئوبراز، تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە كىشىنىڭ ئېڭىدا تۇغۇلغان، لېكىن تېخى رېئاللىقتا بولمىغان، پەقەت كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىكى ئارزۇلارمۇ فانتازىيە دېيىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئىجادىدا ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدە فانتازىيە ھايات ۋە تەرەققىيات بىلەن يېقىندىن باغلانغان، ئۇ خەلق مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان پايدىلىق فانتازىيىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىدىكى «ئۇچار گىلەم»، «ئۇر توقماق» قاتارلىق چۆچەكلەر خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ئىجابىي فانتازىيىدۇر. ناۋايىنىڭ «سەئبى سەييار» دېگەن چۆچىكىدىكى ئاجايىپ خىياللارمۇ شۇنداق. دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغان فانتازىيە ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىپادىلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەر بۇنىڭغا تامامەن قارىمۇقارشىدۇر.

**فەرد** (ئەرەبچە. فرد — يەككە، يالغۇز سۆزىدىن) كلاسسىك لىرىكىنىڭ ئەڭ كىچىك ژانىرى، پەقەت بىرلا بېيىتتىن ئىبارەت مۇستەقىل شېئىر شەكلى.

مەسىلەن:

بارمىكىن ھېچنېمە ئالەمدە ھىجراندىن يامان،
ھەرنەكىم ئاندىن يامانراقتۇر بۇدۇرئاندىن يامان.
(بابۇر)

بۇنداق شېئىر شەكلى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بار. مەسىلەن:

نېچۈك ئەھۋالدىدۇر مىللەت، ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىڭ كۆزنى،
قىلىپ غەيرەت، قىلىڭ ھىممەت، قويۇڭ، تاشلاڭ قۇرۇق سۆزنى.
(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

**فورمالىزم** (شەكىلچىلىك). ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە رېئالىزمغا قارىمۇ قارشى بىر خىل خاھىش.

فورمالىزمچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى، شەكىل مەزمۇننى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ياكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. فورمالىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى، مېتافىزىكا ۋە ئىدېئالىزمدىن ئىبارەت.

**فولكلور** (ئىنگلىزچە خەلق ھېكمەتلىرى دېگەن مەنىدە) خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسەرلەر خەلق ئېغىز ئىجادى دەپ ئاتىلىدۇ. خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات "فولكلور" دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. خەلق ئېغىز ئىجادى



ئىنسانلار ھاياتىدا بىرلىشىپ ئەمگەك قىلىش باشلانغاندىن كېيىنلا پەيدا بولغان. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادى (ماقال ـ تەمسىل، بېيىت ـ قوشاق، داستان، لەتىپە، چۆچەكلەر) ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى، ھېس ـ تۇيغۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن، كېيىنرەك، بولۇپمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتە خەلق ئېغىز ئىجادى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرىشىنى ئىپادىلەپ، ئەزگۈچى زالىملارغا قارشى ئەڭ باتۇر، يېڭىلمەس كۈرەش قورالى بولۇپ كەلدى.

خەلق ئېغىز ئىجادى يېزىق ۋە يازما ئەدەبىيات پەيدا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى پەيدا بولغان ۋە يازما ئەدەبىيات ئۈچۈن ئاساس بولغان، خەلق ئېغىز ئىجادى بىلەن يازما ئەدەبىيات ھەر دائىم بىر بىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقانداق بىرەر خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس.

**فۇتۇرىزم** (كېلەچەكچىلىك). ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى بىر تۈرلۈك پىكىر ئېقىمى.

فۇتۇرىزمنىڭ ئىجادچىسى ئىتالىيە يازغۇچىسى مارىنېدى بولۇپ، ئۇ 1909 ـ يىلى «فۇتۇرىستىك مانىفېست» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ كۆز قارشى بىر ئېقىم سۈپىتىدە 1911 ـ 1915 ـ يىللاردا ئىتالىيىدە كەڭ تارقالغان.

فۇتۇرىستلار چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلدۇ، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇردۇ، بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئەنئەنىنى ئىنكار قىلدۇ. ھەتتا ئۇلار مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردىن تارتىپ يوق قىلىپ تاشلاپ، فۇتۇرىستىك (كېلەچەككە مەنسۇپ) سەنئەت يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇ.

فۇتۇرىستلار شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىشىشى، سانائەتلىشىش ۋە يۇقىرى سۈرئەت تۇرمۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئۈچ ئامىل بولىدۇ، دەپ قاراپ، كېلەچەكتىكى سەنئەت "زامانىۋى ھېس-تۇيغۇ"غا ئىگە بولۇشى لازىم، دېگەننى تەشەببۇس قىلدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت زامانىۋىلىشىش، ماشىنىلىشىش، مەدەنىيەتلىشىش سۈرئىتىنى، زورلۇقنى، شىددەتلىك ھەرىكەتلەرنى، ئەكس سادانى، تۆت پازىلىق بوشلۇقنى① ئىپادىلەشنى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئاتالمىش "قەلب مۇھىتىنىڭ بىردەك ئۇرغۇش"چانلىقىنى ئىپادىلىشىنى تەشۋىق قىلدۇ.

فۇتۇرىزمچىلار ئەدەبىياتتا ھەرقانداق مەنىگە ئىگە ئاھاڭدارلىقنى، سۆز-جۈملىلەرنى تاشلىۋېتىپ، تەقلىدىي ئاۋازلار ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنى، رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل تاراشتا ھەرىكەت سېزىمى، كۈچ سېزىمى ۋە ستېرېئولۇق ئۇسلۇب بولۇشنى تەشەببۇس قىلدۇ.

① فىزىكا، ماتېماتىكا ئاتالغۇسى، مىنكوۋسكى تەلىماتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى فۇتۇرىزم ئىتالىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيىلەردە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى فۇتۇرىزمچىلارنىڭ سىياسىي تۈسى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئىتالىيە فۇتۇرىزمچىلىرى جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، روسىيە فۇتۇرىزمى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئانارخىزمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىدىغان زىيالىلاردىن ماياكوۋسكى قاتارلىقلارمۇ بىر مەزگىل فۇتۇرىزم ئېقىمىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئارىلاشقانىدى.

فۇتۇرىزم كونستىروكتىۋىزم، دادائىزملارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

**فرازېئولوگىيە** تۇراقلىق ئىبارە. بىرەر مىللەتنىڭ تىلىدا مۇقىملاشقان، تۇراقلىشىپ كەتكەن، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز، ئىبارىلەر.

**فېلىيەتون** (فرانسۇزچە feuilleton — ۋەرەقە سۆزىدىن) بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەر ياكى ئايرىم كىشىلەردىكى نۇقسانلار ھەجۋە قىلىنىدۇ، فېلىيەتون بىرىنچى قېتىم فرانسىيىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇ يەردە دەسلەپ تىياتىر ۋە ئەدەبىيات ۋەقەلىرى ھەققىدە يېزىلغان كۈچلۈك تەنقىدىي ماقالىلەر فېلىيەتون دەپ ئاتالغان.

فېلىيەتون شېئىرىي، نەسرى شەكىلدە، بەزىدە دىرامىغا خاس دىئالوگ شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ، بىراق، فېلىيەتونلار كۆپىنچە نەسرى بولىدۇ.

فېلىيەتوندا ھاياتتىكى بىرەر ۋەقە، بىر ياكى بىرنەچچە كىشى ئېلىنىدۇ، فېلىيەتونچى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ۋەقەلىك ياكى كىشىلەردىكى يامان خىسلەت ۋە مىجەزلەرنى قاتتىقراق قامچىلاش مەقسىتىدە مۇبالىغىدىن، بەزىدە فانتاستىك تەسۋىر ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن قاچانلا بولمىسۇن، فېلىيەتون-نىڭ ئاساسىنى تۇرمۇشتىكى كونكرېت ۋەقەلەر تەشكىل قىلىشى كېرەك.

40 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ل. مۇتەل-لىپنىڭ «پادىشاھ سامورايلىرى قاتتىق ھالسىرايدۇ» ناملىق فېلىيەتونى يۇقىرىدىكى تەرىپلەرگە ياخشى دەلىلدۇر.

مۆمىن سەيپىرىنىڭ «قۇلۇپلاقلىق كابىنېت» ناملىق شېئىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ياخشى فېلىيەتون ھېسابلىنىدۇ.

**فىگۇرا ياكى ستىلىستىك فىگۇرا** (لاتىنچە figura — ئوبراز، كۆرۈنۈش سۆزىدىن) بەدىئىي سۆزنىڭ ئىپادە قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتور تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سۆز-ئىبارىلەر، ئادەتتىن تاشقىرى نۇتۇق تۈزۈلۈشى.

ئادەتتە ئىنۋېرسىيە، رىتورىك سوئال، پاراللېلىزم، بىر



تۈردىكى باشلانما، خىلمۇخىل كۆرۈنۈش، خاتىمە ۋە باشقىلار ئىستىلىستىك فىگۇرىغا كىرىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ستىلىستىك فىگۇرىنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى قوللىنىلغان. شۇلارنىڭ بىرى "مۇساۋىيات تەرەپەين" دەپ ئاتالغان شېئىر تۈرىدۇر. بۇنداق شېئىردا مىسرالارنى ئادەتتىكى ئوقۇلۇشىدىن تاشقىرى، يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن. قانداقلا ئوقۇلمىسۇن، يەنىلا شۇ شېئىرنىڭ ئۆزى كېلىپ چىقىدۇ.

تۆۋەندە «تارىم»دىن بىر مىسال ئالدۇق.

كىتاب ئىنسانغا ئالتۇندىن ئەلا،
ئىنسانغا بېرۇر بىلىم بىباھا.
ئالتۇندىن بىلىم قىممەت بىباھا،
ئەلا بىباھا دەپتىكەن دانا.

(ئەنۋەر ئىسمائىل)

بۇ شەكىل ئاپتوردىن پىكرى چوڭقۇرلۇقنى، زېھنىي ئۆتكۈر-لۈكنى تەلەپ قىلىدۇ.

**فىلولوگ** فىلولوگىيە ساھەسى بىلەن شۇغۇللانغان شەخس، مۇتەخەسسىس.

**فىلولوگىيە** تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى پەنلەر ۋە بىلىم-لەرنىڭ مەجمۇئەسى. مەسىلەن: ئۇيغۇر فىلولوگىيىسى. فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى دېگەندەك.

**قاپىيە** مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان ئاھاڭداش

سۆزلەر. قاپىيە شېئىرىي نۇتۇقنى ئاھاڭدار ۋە تەسىرچان قىلىدۇ، مىسرالارنى ئەستە ساقلاپ قېلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ماقاللىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە سەجئىلەر قاپىيىلىك قىلىپ يارىتىلغان. مەسىلەن: "يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە"، "ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات" دېگەندەك. قاپىيە — شېئىرىي ئەسەردە كۇپلېت (بەند)لارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ۋاستە. ھەر خىل ژانىردىكى شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيىلىنىش ئۇسۇلى بولىدۇ. قاپىيە توق ۋە ئاچ قاپىيە شەكىللىرىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى قوش قاپىيە (رادىف)، ئىچكى قاپىيە، ئىزچىل قاپىيە ۋە ئۆزگىرىشچان قاپىيىلەرمۇ بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپىنچە باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيتتى. زاماننىڭ ئۆتۈشى ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قاپىيە تەرەققىي قىلىپ، ھەر خىل شەكىللەرگە ئىگە بولدى.

مەسىلەن:

بىلىك بىلىڭ يا بېگىم،
بىلىك ساڭا ئەش① بولۇر.

① ئەش — ھەمراھ، يولداش.



بىلىك بىلگەن ئۇل ئەرگە،
بىر كۈن دۆلەت تۈش① بولۇر.

(تۇرپان تېكىستلىرىدىن)

بۇ مىسرالاردىكى "بىلىك" (بىلىم) سۆزى باش قاپىيە بولۇپ، بۇ خىل شەكىل بىر قىسىم خەلق قوشاقلىرىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

قارا-قارا قاشلىرىڭغا
قاتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشنىڭ بازىرىدا
ساتساڭچۇ مېنى؟

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان قوشاقلاردا ئىچكى قاپىيىمۇ، قوش قاپىيە-رادىفلارمۇ بار بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىللىرىنىڭ بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئاچ قاپىيە** قاپىيىلەشكەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇش-بوغۇملىرى ئۆزئارا تولۇق ماسلاشماستىن، ئاساسەن ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن قاپىيىنى ئاچ قاپىيە دەيمىز. مەسىلەن:

كەل يېڭى يىل، بۈگۈن سېنى ئۇتۇق بىلەن،
پۈتۈن ئېلىم قىزغىن جەڭدە تەبرىكلەيمىز.
ئۈچمەس قىلىپ، ئۇتۇقلاردىن شوئار يېزىپ،
كەلمىشىڭگە ۋەتەننى بىز زىننەتلەيمىز.

① تۈش — يار بولۇش، ئۇچراش، قونۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ شېئىردا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر ئاچ قاپىيە.

**ئالماش قاپىيە** شېئىرنىڭ مىسرالىرىدىكى قاپىيىلەر 1 ـ، 3 ـ لىرى ماس، ۋە 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ماسلىشىپ كەلگەن شېئىر تۈرىنى ئالماش قاپىيىلىك شېئىر دەپ ئېيتىمىز. مەسىلەن:

تاڭ سەھەر يېنىمدىن ئۆتكەن شوخ شامال،
ئويغاتتى ئۇيقۇدىن ئېتىز، باغلارنى.
كۆكلەمدە جانلانغان ئۈمىدلىك خىيال،
يول سالدى سۆيۈشكە ئېگىز تاغلارنى.

بۇ يەردە ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر ئالماش قاپىيە بولۇپ كەلگەن.

**باش قاپىيە** قاپىيىنىڭ بىر تۈرى. قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. كېيىنكى زامانلاردا قاپىيە شېئىرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە كۆچكەن.

بۇ هال خەلق قوشاقلىرىدا هازىرغىچە ساقلانغان.

مىسال:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاسىرىقىدەك،
گۇناھ مەندە يوق.

بۇ شېئىردا باش قاپىيىدىن بۆلەك ئاخىرقى سۆزلەرمۇ قاپىيىداش بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

**تار قاپىيە** بوغۇم تۈزۈشكە ئازراق قاتنىشىدىغان تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان قاپىيە تار قاپىيە بولىدۇ. تار قاپىيە، ئىشلىنىش دائىرىسى تارراق قاپىيە بولۇپ ئو، ئۆ، ئۇ، ئې سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە ب، ج، چ، گ، ك، ژ، ش، ھ، ۋ سۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**توق قاپىيە** شېئىر مىسرالىرىدا ئاهاڭداشلىقى تولۇق بولغان سۆز، ياكى بوغۇملارنىڭ قاپىيىلىنىپ كېلىشى ـــ توق قاپىيە بولىدۇ.

مەسىلەن:

بارچىمىز بىر تەن بولۇپ،
ماڭدۇق بەخت يولىغا.
تەر تۆكۈپ، سۇ باشلىدۇق،
قانچە چۆللەر غولىغا.

(ئا. خەلپەتوۋ)

بۇ شېئىردا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر توق قاپىيە.

**قوش قاپىيە** شېئىر مىسرالىرىدىكى قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىدىغان سۆز ياكى بوغۇملار قوش قاپىيە (رادىف) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

جاهالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ جاپا
باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى هالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە
ساپا باردۇر.

(ئا. ئۇيغۇر)

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى قاپىيە "جاپا"، "ساپا" سۆزلىرى بولۇپ، "باردۇر" رادىفتۇر.

**كەڭ قاپىيە** بوغۇم تۈزۈلۈشكە كۆپرەك قاتنىشىدىغان تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان قاپىيە كەڭ قاپىيە بولىدۇ. كەڭ قاپىيە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىنىدىغان قاپىيە بولۇپ، بوغۇم تۈزۈلۈشكە كۆپرەك قاتنىشىدىغان ئا، ئە، ئۇ، ئى سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە د، خ، ل، م، ن، پ، ر، س، ت، ز، غ، ق، ي ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**قاتلام** ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئېپىك تۈرلىرىدە مەزمۇننىڭ ئالدىن-كېيىنلىك تەرتىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بۆلەك قاتلام بولىدۇ. قاتلاملاردىن ئابزاس شەكىللىنىدۇ.

بىر ئەسەر ئومۇمەن بىرنەچچە بۆلۈم، ئابزاس ۋە قاتلاملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ رەتكە تىزىلىشىدا ئاۋال نېمىلەرنى بايان قىلىش، ئاندىن نېمىلەرنى بايان قىلىش تەرتىپى بولىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئەسەرمۇ رەتلىك، راۋان، ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ئەسەرنىڭ قاتلاملىرىنى بىر باشتىن، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى، ھەمىشە ئۇچرايدىغان مۇنداق ئۇسۇللارمۇ بار. يەنى، 1. ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن قاتلام تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. 2. تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ پەيدىنپەي ئورۇنلاشتۇرۇش. 3. ئورۇن-جاي، كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش. 4. ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ



ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش.

**ئىچكى قاپىيە** ئادەتتە شېئىر تۈزۈلۈشىدە، مەزكۇر شېئىرنىڭ تۇراقلارنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلىرىنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشىنى ئىچكى قاپىيە دەيمىز. مەسىلەن:

لەبىڭ باغرىمنى قان قىلدى، قوۋۇمدىن قان راۋان قىلدى،
نىگە ھالىم يامان قىلدى، مەن ئاندىن بىر سورارىم بار.
جاھاندىن ماڭا غەم بولسا، ئۇلۇستىن گەر ئەلەم بولسا،
نە غەم يۈز مۇنچە ھەم بولسا، سىنىڭدەك غەمگۇزارىم بار.

(بابىر)

بۇ غەزەلدە ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر ئىچكى قاپىيە بولۇپ كەلگەن. ئىچكى قاپىيە خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ: موللا ئوقۇپ يەر، قارغا چوقۇپ يەر. ئۆزى بىمالالنىڭ سۆزى بىمالال... قاتارلىقلار

**قارا يۇمورچىلار** 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئامېرىكىدا شەكىللەنگەن ئاساسلىق ئەدەبىي ئېقىم.

يەنە "قارا يۇمور ھېكايىلىرى"نىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

**قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش**

بۇ — پارتىيىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى كونكرېت يۆنىلىشى. 1942-يىلى «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»تا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: "بىز بارلىق ئېسىل

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي يوسۇندا
قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق
تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن
ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەينەكنىڭ
بولۇشى بىلەن بولماسلىقىنىڭ پەرقى بار، بۇ پەرق بەدىئىيلىك
بىلەن بەدىئىي ئەمەسلىكىنىڭ پەرقى، نەپىسلىك بىلەن قوپاللىق-
نىڭ پەرقى، ئۇستۇنلۈك بىلەن تۆۋەنلىكنىڭ پەرقى، چاپسان-
لىق بىلەن ئاستىلىقنىڭ پەرقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن
قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ نەرسىلىرى، مەيلى
فېئوداللار سىنىپىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، بىز
ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ئەينەك قىلىشنى ھەرگىز
رەت قىلمايمىز. لېكىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنى
ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ،
بۇنداق قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە
قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ھېچقاند-
داق تەنقىدسىز كۆچۈرۈۋېلىش ۋە دوراش ئەڭ يارامسىز، ئەڭ
زىيانلىق ئەدەبىيات دوگمىچىلىقى ۋە سەنئەت دوگمىچىلىقىدۇر.“
بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزنىڭ قەدىمكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش
ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا
ھازىرمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەسىدە لىرىك ژانىرلارنىڭ بىر خىلى، بۇ خىل ژانىر



مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە
تەنتەنىلىك ئۇسلۇبتا يېزىلىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا تەبىئەت
مەنزىرىلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە باشقىلار ھەققىدىمۇ قەسى-
دىلەر يېزىلغان. مەلۇمكى، رۇداكى (10 ـ ئەسىر)نىڭ قەسىدى-
لىرى شۇنىڭ ئوبدان نەمۇنىسىدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەسىدە
ژانىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا بىرنەچچە
قەسىدىسىنى كىرگۈزۈپ مىراس قالدۇرغان. ئۇنى قەسىدە ژا-
نىرى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە دېيىشكە بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە
ناۋايىي ھەم سەككاكى قاتارلىق شائىرلارمۇ قەسىدە ژانىرىدا
كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلار ئۆز قەسىدىلە-
رىدە خەلق ۋە ئەل ـ يۇرت ھەققىدىكى پىكىر ۋە ئەندىشىلىرىنى
ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا
پەلسەپىۋى قەسىدىلەرمۇ بارلىققا كەلگەن. ناۋايىنىڭ «تۆھپەتۇل
ئەفكار» (پىكىرلەر سوۋغىسى)ناملىق قەسىدىسى پەلسەپىلىك
قەسىدىدۇر.

قەسىدە شەرق ئەدەبىياتىدا — تاجىك، ئىران، ئەزەر-
بەيجان ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ژانىر.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەسىدىلەرمۇ رېئالىستىك
تۈس ئېلىشقا يۈزلەندى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ياخشى قەسىدىلەر مەيدانغا كەلدى. ت. ئېلىيېۋنىڭ «گۈگچەنداك
ھەققىدە قەسىدە» (1951 ـ يىل) ۋە ئابدۇشۈكۈر مەتمىننىڭ

«قەشقەر ھەققىدە قەسىدە» ناملىق ئەسەرلىرى بۇ ئەنئەنىنى زامانغا تەتبىق قىلغان ياخشى قەسىدىلەر ھېسابلىنىدۇ.

**قوشاق** لىرىك شېئىرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكىللىرىدىن بىرى، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا مۆلچەرلەنگەن بىرنەچچە بەند (كۇپلېت)لىك شېئىر. قەدىمكى زامانلاردا قوشاقنىڭ سۆزلىرى (تېكستى) ئۇنىڭ كۈيى بىلەن بىرگە ۋۇجۇدقا كېلەتتى، مۇزىكا ۋە ھەرىكەت بىلەن ھەمراھ ئىدى.

قوشاق ئەمگەك قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، توي، ئەللەي ۋە مۇھەببەت قوشاقلىرى، قەھرىمانلىق قوشاقلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

قىسقىسى، قوشاقلاردىن خىلمۇخىل شېئىرلار، لىرىك شېئىرلاردىن ئەدەبىي نەسىرلەر؛ داستانلاردىن رومان-ھېكايىلەر؛ ئېيتىشلاردىن دراما ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە قەدىمكى زاماننىڭ ۋە كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ قوشاقلىرىنى خاتىرىلەپ دەۋرىمىزگە يەتكۈزدى. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەللەي قوشىقى** ئانىنىڭ پەرزەندىگە بېغىشلاپ ئېيتقان بۆشۈك قوشىقى. بۇ خىل قوشاقلار دائانىلارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى، بالىنىڭ ئىقبالى، ياخشى ئادەم بولۇش ھەققىدىكى تىلەكلىرى ئەكس ئەتكەن.

**ئەمگەك قوشاقلىرى** خەلق تەرىپىدىن ئەمگەكنى سۆيۈش



ۋە ئەمگەك پائالىيىتى، ئەمگەك كۆز قارىشى توغرىسىدىكى قوشاقلار. ئەمگەك قوشاقلىرى ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردىلا ئىجاد قىلىنغان. ئۇ بارلىق قوشاقلارنىڭ باشلىنىشى بولغان. 11-ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر قىسىم ئەمگەك قوشاقلىرى بېرىلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەمگەك ھەققىدە كۆپلىگەن قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان. مەسىلەن:

قىزىل گۈلۈم قات-قات ئاچىل،
ياڭزاڭنى كۆرسەت.
يىگىت بولساڭ كەتمەن تۇتۇپ،
بىڭىسىڭنى كۆرسەت.

كەلمەستە ساي تاشقىنى،
چىڭداپ ئېتەيلى توسمىنى.
تاشقىن ئەكەتسە توسمىنى،
نەگە قويارسىز ئوسمىنى؟

ئورما ئورىسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلەرىڭ؟
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ؟

**باللار قوشاقلىرى** ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن بالىلارنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، پسىخىك خۇسۇسىيىتى،

ھەۋەس ـ ئىشتىياقىغا ئاساسەن ئاددىي ۋە جانلىق ھەم چۈشىنىش‌لىك قىلىپ ئىجاد قىلىنغان قوشاقلاردۇر. مۇنداق قوشاقلار باللار ئويۇنلىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

«قارا ـ قارا قۇشلارىم» ۋە «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» دېگەن ئويۇنلار ھەممىگە مەلۇم باللارغا خاس مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**بايرام قوشاقلىرى** ھېيت ـ ئايەم، بايرام كۈنلىرىگە ئاتالغان، ياكى مەخسۇس بايرام كۈنلىرىلا ئوقۇلىدىغان قوشاقلار.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە نورۇز بايرىمىغا ئاتالغان ۋە نورۇز بايرىمىدا ئوقۇلىدىغان قوشاقلار ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يانا ھازىرقى ۋاقىتقىچە "بارات ئايىمى" قوشاقلىرى ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
ماڭا قۇيماق قويدۇڭلارمۇ؟

قاتارلىقلار بۇنىڭ بىر مىسالى.

يېڭى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ ھەرقايسى بايرام كۈنلىرىگە ئاتالغان قوشاقلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن:

يۇرتۇم كۈلۈپ يۈز ئاچتى،
ئۆكتەبىرنىڭ نۇرىدا.
ئەمدى ئەلنىڭ تىزگىنى،
ئېزىلگەنلەر قولىدا.



بۇ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بىرىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇشى بايرىمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**پادىچى قوشاقلىرى** خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ بىر قىسمى، تارىختا پادىچىلار ئۆز تۇرمۇشلىرىنى قوشاق قىلىپ، مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن تەڭسىزلىكنى پاش قىلغان. مەسىلەن:

قويلارنى خىللاپ يەيدۇ
ئاچكۆز بۆرە باللىرى.
كېپەك بىلەن لويىلكەن
پادىچىنىڭ نانلىرى.

پادا بېقىپ جاڭگالدا
ئۈستىبېشىم قالمىدى.
زالىملارنىڭ دەردىدە
ئەقلى ـ ھوشۇم قالمىدى.

**تارىخىي قوشاقلار** تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان خەلق قوشاقلىرى.

مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»، «نوزۇگۇم قوشاقلىرى» شۇ تىپتىكى قوشاقلارغا كىرىدۇ.

**توي قوشاقلىرى** توي قوشاقلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق، نەپىس بولۇپ، ئۇلاردا خەلقنىڭ چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ خىل قوشاقلارمۇ ناھايىتى ئۇزاق

تارىخقا ئىگە. چۈنكى، ئازادلىققىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا نىكاھ ئەركىنلىكى يوق ئىدى، قىزلار مەجبۇرىي ئەرگە بېرىلەتتى. مۇشتۇمزورلار كىمنىڭ قىزىنى ئالىمەن دېسە، زامان شۇنىڭكىنى راست قىلاتتى. شۇڭا توي ھەققىدىكى قوشاقلاردا قىزنىڭ مۇڭ-زارى، ئانىنىڭ ئەلەمى ۋە يىگىتلەرنىڭ ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى.

مەسىلەن:

ھاي-ھاي يۆلەن، ھاي يۆلەن، گۈل قايدا بار.
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار.

. . . . . . . . . . . .

ھاي-ھاي يۆلەن، ھاي يۆلەن مەن نە قىلاي.
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي.
بەرگى خازان تۈنىنىڭ بەرگى تولا،
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ دەردى تولا.

. . . . . . . . . . . .

بۇ قوشاقلاردا ياخشىلارنىڭ يامانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈرەكنى پارە-پارە قىلىۋەتكۈسى كەلگەنلىكى، ئۆزى سۆيگەن قىزنى ئالالمىغان يىگىتنىڭ ئارماندا قېلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار گەۋدىلەنگەن.

توي قوشاقلىرى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ھال ئۇنىڭ خەلق ياخشى كۆرگەن ئاھاڭ بولغانلىقىدىن، ئۆتمۈشنى ئەسلىتىش ۋە ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىشىدىن بولسا كېرەك.



**خامان قوشاقلىرى** خامان ۋاقتىدا ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ھەققىدە ئېيتقان قوشاقلار. مەسىلەن:

دەسسەڭلار، يەنچىڭلار جانىۋارلىرىم،
مەيدان تولسۇن.
دان ئايرىلىپ چەش بولۇپ،
خامان تولسۇن.
لاي-لاي-لاي ئايەي...

(خامان قوشىقى)

**مەشرەپ قوشاقلىرى** مەشرەپلەردە ئوقۇلىدىغان قوشاقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشىدۇر. مەشرەپتە ئاممە ئېتىراپ قىلغان بىر يۈرۈش قائىدە، نىزام ۋە يوسۇنلار ئويۇن ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. بۇ مەلۇم مەنىدە ياشلارغا جامائەت ئەخلاقىنى، ئادەمگەرچىلىكتىكى قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىتىدۇ. مەشرەپ-سەنئەت مەكتىپى. ئۇنىڭدا ھەر خىل ساز، ناخشا-قوشاقلار، ھەتتا مۇقاملارمۇ ئېيتىلىدۇ.

**مەۋسۇم قوشاقلىرى** يىل پەسىللىرىنى تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قوشاقلار. مەۋسۇم قوشاقلىرى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ژانىرلىرىدىن بىرىدۇر. مۇنداق قوشاقلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە

كۆپلەپ مسال كەلتۈرۈلگەن.

هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بۇ ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «نورۇز كەلدى» ۋە «قارلىق تاشلاش» قوشاقلىرى شۇنىڭ بىر تۈرىدۇر.

**مۇراسىم قوشاقلىرى** توي-تۆكۈن، هازا (مۇسىبەت) ۋە باشقا مۇراسىملاردا ئېيتىلىدىغان مەخسۇس قوشاقلار.

**مۇهەببەت قوشاقلىرى** بۇ تۈردىكى قوشاقلار خەلق ئاممىسىنىڭ مۇهەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ هەقىقىي تەسۋىرى. بۇنداق قوشاقلاردا ساپ مۇهەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئەركىن مۇهەببەتنى قەدىرلەيدىغان مەزمۇنلار گەۋدىلەنگەن. ئۆتمۈش تارىختا نىكاه ئەركىنلىكىدىن مەهرۇم ياشلار فېئوداللىق نىكاه تۈزۈمىگە قارشىلىقىنى بىلدۈرۈپ ناخشا-قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان: مەسىلەن:

بەگلىرىم بەگلىك قىلادۇر،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن.
ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلادۇر،
راستى يوق يالغان بىلەن.

بۇ قوشاقتا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە كەتمەن چاپىدىغان بەگ، دورغا ۋە ئاخۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

ياغلىقىمنى يۇدۇردۇم،
باغ ئىچىگە يايدۇردۇم.
ئاران تاپقان يارىمنى
قاراقچىغا ئالدۇردۇم.



بۇ قوشاقتا ئېغىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كۆڭۈل سۆيگەن مۇهەببىتىدىن مەجبۇرىي ئايرىلغانلىقىنى، چىرىك جەمئىيەت ئەركىن مۇهەببەتكە يول بەرمىگەنلىكىنى پاش قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن نىكاه ئەركىنلىكى يولغا قويۇلدى. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىمۇ يېڭىلاندى. دەردلىك، هەسرەتلىك تۇرمۇش كەينىدە قالمىسكە كەتتى. مۇهەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلاردا ئىناق ئائىلە، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى بەختلىك ياشلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچ، ئەمگەك جەريانىدىكى قەهرىمانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەزمۇنلار كۈيلەنمەكتە.

**هازا قوشاقلىرى** خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر تۈرى. بۇنداق قوشاقلار ئاتا-ئانا ۋە جامائەت ئىچىدە ياخشى ئىش قىلغان مەشهۇر كىشىلەر ۋاپات بولغاندا ئۇنى ياد قىلىپ ئېيتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندىن تارتىپ بۇ خىل قوشاقلار بولغان. «دىۋان» دىكى بىر قىسىم قوشاقلار بۇنىڭ مىسالى بولىدۇ. مەسىلەن: ئالىپ ئەرتۇڭا هەققىدىكى قوشاقلار. هازىرمۇ بۇنداق قوشاقلار ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاتام سەكراتتا چۈشكەندە
خورەك تاتتى دەپتىمەن.
كۆزلىرى يومۇلغاندا
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.

ئېڭىكى تىڭىلغاندا
رومال ياپتى دەپتىمەن.

پوتلىرى چېتىلغاندا
ئارام ئالدى دەپتىمەن.

جىنازىغا سالغاندا
مەڭگە چۈشتى دەپتىمەن.
خەلقى ئالەم توپلانسا
توي بولدىمۇ دەپتىمەن.

يېتىپ باردۇق مازارغا
كىرىپ كەتتى سارايغا.
قاراپ قالدۇق كامارغا
يېتىم قالدۇق تالادا.

**ئوۋ قوشاقلىرى** خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر تۈرى. ئوۋ قوشاقلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە دۇنيا قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن.

مەسىلەن:

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتو
يىغاچ يىمىش ئىرغاتو
قۇلان، كىيىك ئاۋلاتو
بازرام قىلىپ ئاۋنالىم.

يەشمىسى: يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋە دەرەخلىرىنى ئىرغىتىپ، قۇلان-كېيىكلەرنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.



**قىتئە** (ئەرەبچە "پارچە" سۆزىدىن) لىرىك شېئىرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر تۈرى، قىتئە كۆپىنچە ئىككى بېيتتىن تەركىب تاپىدۇ. قىتئەدە جۈپ مىسرالار (ئىككىنچى، تۆتىنچى، ئالتىنچى مىسرالار قاپىيىلىنىپ، تاق مىسرالار ئوچۇق قالىدۇ. ئۇ ھەجىم جەھەتتىن قىسقا، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەسىلەن:

كىبىر نېمە قومۇشتىن سوراڭ،
پۆپۈكىنى مېۋە دەر ئىمىش.
پۆپۈك ئەگەر مېۋە ئاتالسا،
نېمە ئاتىلار شاخ ئەككەن يېمىش!؟

(بوغدا ئابدۇللا)

قىتئەلەردە مىسرالار تۆتتىن 12 گە قەدەر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**قىسسە** رىۋايەت ئۇسۇلىدا يارىتىلغان تارىخىي، ئەپسانىۋى بەدىئىي ئەسەرلەر (ھېكايە، رىۋايەت، ئەپسانە، ۋە باشقىلار). ئېپىك ژانىرلاردىن بولغان پوۋېستىمۇ بەزىدە قىسسە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: رۇس يازغۇچىسى بورىس پولىۋوينىڭ «چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستىغا ئوخشاش. خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە»، سەمەت دۇگايىلىنىڭ «كىچىك لەقۋا» ئەسەرلىرى ياخشى پوۋېستلاردۇر.

**كاتالوگ** رويخەت. بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ، مەسىلەن: كىتاب، قول يازما، مۇزېيغا قويۇلغان ئاسارىئەتىقە ياكى يادىكارلىقلار، ھۆججەتلەر...نىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە تۈزۈپ چىقىلغان رويخېتى، مۇندەرىجىسى.

**كارتىنا** (رۇسچە) كىنو-فىلىم. كىنو كارتىنىسى؛ مۇستەقىل بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان تەسۋىرىي سەنئەت ئەسىرى. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدىكى مەلۇم كۆرۈنۈشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**كارىكاتورا** (ئىتالىيانچە karikatura كۈلكىلىك، مەسخىرە قىلىپ تەسۋىرلەش سۆزىدىن) نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى، شۇنداقلا كىشىنىڭ كۈلكىلىك، سەلبىي تەرەپلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتەي سەتلەشتۈرۈپ سىزىلغان رەسىم، يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر ياكى سەھنىدە ھەم ئېكرانىدا كۆرسىتىلگەن پېرسوناژلار، ئوبرازىدۇر.

كارىكاتورانى يولداشلار ئارا ھەزىل قىلىش تەرىقىسىدە قوللىنىشقىمۇ، گېزىت-ژۇرناللار سەھىپىسىدە ئايرىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدىكى ئەھۋاللىرىنى ياكى نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىش يۈزىسىدىن قوللىنىشقىمۇ، دۈشمەنگە قارىتا ئۆتكۈر كۈرەش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**كلاسسىك** (لاتىنچە kilassisus بىرىنچى دەرىجىلىك سۆزىدىن) ئەڭ ياخشى، ئۈلگە بولىدىغان، تەقلىد قىلىشقا ئەرزىيدىغان يۈكسەك بەدىئىي ئەسەر، تىل سەنئەتكارى.



**كلاسسىك ئەدەبىيات** ئۆتمۈشنىڭ ۋە ھازىرقى زاماننىڭ غايىۋى ھەم بەدىئىي جەھەتلەردىن يۈكسەك، نەمۇنە بولارلىق ئەدەبىياتى. كلاسسىك يازغۇچى دېيىلگەندە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى يۇقىرى سەنئەت دەرىجىسىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئومۇم خەلق تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئەسەرلىرى خەلق مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسىلەن: لى بەي، دۇ فۇ، لۇشۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، گوركى قاتارلىق يازغۇچىلار كلاسسىك يازغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

**كلاسسىزم** ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، تەسىرى چوڭ بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم. ئۇ 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، رومانتىزم ئاساس قىلىنغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا يوقىلىپ بارغان. كلاسسىزمدا رېئالىزمنىڭ ئامىللىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھالىتى، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىش روھى ئىپادىلەنگەن.

كلاسسىزم خاھىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى بۇرۇنلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ناۋايى، نازارى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خاھىش خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن.

**ساختا كلاسسىزم** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا بىر خىل بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىققان، بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى كلاسسىك يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ياكى مەلۇم ئەنئەنىلەرنى تەرغىپ قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىن يەنە بەزى يازغۇچىلار كلاسسىزمنى داڭلىغان بولۇپ، كلاسسىزملىق ئەنئەنىلەرنى بۇرمىلىغان. كونىنى تىرىلدۈرۈشنى تەرغىپ قىلغان ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلغان. بۇ "ساختا كلاسسىزم" دەپ ئاتىلىدۇ.

**يېڭى كلاسسىزم** 1-بەزى ئالىملار 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە داۋاملاشقان ياۋروپادىكى كلاسسىزم ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىمى قەدىمكى يۇنان، رىم ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەقلىد قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، دەپ قارىغانلىقتىن، پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كېيىنكىسى ئاۋۋالقىسىغا نىسبەتەن يېڭى كلاسسىزم دەپ ئاتالغان.

2-، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىمى. بەزى ئەدەبىياتچىلار ياكى سەنئەتچىلەر كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ، ياكى بەزى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنىڭ مەلۇم نۇقتىلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى باھانە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەشەببۇسلىرىنى بازارغا سالغان.



يەنە بەزى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر مەلۇم كلاسسىك يازغۇچىنىڭ ياكى مەلۇم ئەسەرلەرنىڭ روھىنى، ئالاھىدىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنغان.

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە بەزى يازغۇچىلار كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆلگە قىلىش نامى بىلەن كلاسسىك ئەنئەنىلەرنى بۇرمىلاپ، قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىپ، ئەكسىيەتچى ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلغان. بۇ ئېقىملارمۇ يېڭى كلاسسىزم ياكى ساختا كلاسسىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

(ئاتالغۇلارنىڭ "ساختا كلاسسىزم" ئىزاھىغا قاراڭ.)

**كوسموپولىتىزم** جاھانچىلىق. ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن كارى بولمايدىغان، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ۋە مىللەتنىڭ ھەممە نېمىسىدىن ۋازكېچىشنى تەشۋىق قىلىدىغان بۇرژۇئازىيىچە ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيە.

كوسموپولىتىزمچىلار پۈتكۈل دۇنيا ھەممە ئادەمگە تەۋە، ھەربىر شەخس مۇشۇ دۇنيانىڭ ئەزاسى دېگەن نام بىلەن ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىپ قىلىدۇ. مۇشۇ تەشەببۇسنى ئۆز ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرگەن بۇرژۇئا ئەدىبلىرى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ماھىيەتتە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ كانىيى بولۇپ بەرگەن.

ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئەدىبلىرىمۇ ئاشۇ تەشەببۇسنى نىقاب

قىلىپ ئۆز مىللىي كاپىتالىنىڭ مونوپول ھوقۇقى ئۈچۈن كەتمەن چاپماقتا.

**كومپوزىتسىيە** (لاتىنچە kompositio — تۈزۈپ چىقىش، تەرتىپكە سېلىش سۆزىدىن) ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، بۆلەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ۋەقەلەر بايانىنىڭ تەرتىپى كومپوزىتسىيە دېيىلىدۇ. ئۇ كومپوزىتسىيە ئاساسلىق بەدىئىي ۋاستىلەردىن بىرى. ئۇ كىشىلەر ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يازغۇچىنىڭ غايىۋى مەقسىتىگە ئاساسەن تەرتىپلەش ۋە سۈپەتلەشكە خىزمەت قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، كومپوزىتسىيە — بەدىئىي ئەسەر تەركىبىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

**سەكرەتمە كومپوزىتسىيە** لىرىك شېئىر ۋە لىرىك نەسىرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كومپوزىتسىيە. سەكرەتمە كومپوزىتسىيە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بۆلەكلىرىدىكى ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەرمەي، مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى باشقىچە ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەپ قۇرۇلمىنى ئاتلىتىدۇ، ئەمما، ئومۇمىي قۇرۇلمىغا چۇۋالچاقلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ "ئىچكى كومپوزىتسىيە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تاغقا قاراپ ئەسكە ئالدىم بويۇڭنى،
ئۇندا قىيا، ئۇندا تىكلىك كۆرۈندى.
قىيا بىلەن تىكلىك مىسال قەددىڭگە.
مەن يېنىڭدا تۇرغاندەكلا تۇيۇلدى.



تاغقا قاراپ ئەسكە ئالدىم كۆزۈڭنى،
ئۇندا سۈزۈك، پاكىز بۇلاق كۆرۈندى.
ئاشۇ بۇلاق مىسال سېنىڭ كۆزۈڭگە،
ماڭا ئوخشۇپ باققاندەكلا تۇيۇلدى.

تاغقا قاراپ ئەسكە ئالدىم قەلبىڭنى،
ئۇ مەردانە، جەسۇر بولۇپ كۆرۈندى.
تاغدىكى ۋەزىن پاكىت مەردان قەلبىڭگە
ماڭىمۇ زور كۈچ بەرگەندەك تۇيۇلدى.

(س. دۇگايلى)

يۇقىرىقى ئۈچ كۇپلېتتىكى "تاغ" ئۈچ خىل ھالەتكە ئوخشىتىلىپ، تاغنىڭ بىر خىللىقىدەك پاكىتنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرى كومپوزىتسىيىنى ئاتلاپ ئۈچ خىل ئىچكى قۇرۇلما ھاسىل قىلغان.

**كومېدىيە** (گرېكچە komodia — قۇۋناق، تاماشا، قوشاق سۆزىدىن) دراماتىك ئەسەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى كۈلكىلىك ھادىسىلەر تەسۋىرلىنىدۇ، ئىجتىمائىي ياكى ئائىلىۋى ماجرالار، ئادەملەر خاراكتېرىدىكى ناچار، يامان خۇسۇسىيەتلەر مەسخىرە قىلىنىدۇ. كومېدىيە دەسلەپتە قەدىمكى گرېتسىيەدە مەيدانغا كەلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، كومېدىيە جەمئىيەتتە ئۆمرى تۈگەپ بېرىۋاتقان كونىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىۋاتقان يېڭىلىقنىڭ غالىبانە مەسخىرىلەپ كۈلۈشىدۇر). تەبىئىيكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ

قانۇنلىرى بويىچە كونا نەرسىلەر يوقلىشقا تېگىشلىك، لېكىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يېڭى نەرسىلەرگە ئورۇن بەرمەيدۇ، كومېدىيە بۇ جەھەتتە كىشىلەرگە روشەن ئوبرازلارنى كۆرسىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. كومېدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى "كۈلكە" بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قورالى كۈلكىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ بارلىق ۋەقەلىكى (سۇژېتى) ۋە قاتناشقۇچىلىرى كۈلكىلىك بولۇشى شەرت. ئەكسىچە بولغاندا، كومېدىيىدىن گەپ ئېچىشقا بولمايدۇ.

**كونستىرۇكتىۋىزم** قۇرۇلمىچىلىق. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ شەكىلۋازلىق سەنئەت ئېقىملىرىدىن بىرى. كۇبىزم (立体主义 تىك تۆتقىرچىلىق) ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. تىك تۆتقىرچىلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى گېئومېترىك شەكىللەر (يۇملاق تۈۋرۈكسىمان، يۇملاق بىگىزسىمان، بۇرجەكلىك بىگىزسىمان، تىك تۆتقىر شەكىل، يۇملاق شەكىل) بىلەن تەسۋىرلەپ سۈرەتلەشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى قۇرۇلمىچىلىق بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان. ئۇلار سەنئەتتە ئوبرازنىڭ گۈزەللىك ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. سەنئەتنىڭ بىلىش رولى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىلەش رولىنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەرقانداق سەنئەت مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرلا تەلىپى شۇكى، شەكىل جەھەتتىكى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقنى ئوبرازلىقلىق ئورنىغا دەسسىتىش. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخنىكىنى گۈزەللەشتۈرۈش،



ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى مەزمۇننى يوقاتقان قۇرۇلمىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئېلېمېنتلارغا سەل قاراش، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئابستراكت سەنئەتكە چېكىنىپ، قىلچە ئەھمىيەتسىز "تېخنىكا" شەكىللىرىنى دۆۋىلەشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات ۋە تىياتىر سەنئىتىدىكى قۇرۇلمىچىلىقنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئادەمنى سېزىمنى يوقاتقان، ھەرىكەتنى تاشلىغان، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يوق ئەركىن ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ، رول ئالغۇچىلارنى گىمناستىكا ھەرىكىتىنى قىلىدىغان تەنھەرىكەتچى قىلىش.

**كونفلىكت** (لاتىنچە. ئىختىلاپ، توقۇنۇشۇش سۆزىدىن) بەدىئىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ئىشتىراكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەم ئىختىلاپلاردىن ئىبارەت. كونفلىكت ئۆز ماھىيىتى بىلەن ھەر خىل خاراكتېردە بولۇشى مۇمكىن.

**كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش** بۇ فاڭجېن 50-يىللاردا جۇڭگو دراما سەنئىتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنىڭدا پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىش ھەم ئىجاد قىلىشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى نۇقتىئىنەزىرى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىلگەن، ئومۇمەن، بۇ فاڭجېن قەدىمكىلەرگە قانداق ۋارىسلىق قىلىپ، كونىلىرى ئاساسىدا قانداق قىلىپ يېڭىلىرىنى يارىتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا

قويغان. بۇ فاكچېندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھەر خىل سەھنە ئەسەرلىرى تۈرلىرى، شەكىل، ئۇسلۇبلارنى ئەركىن مۇسابىقە ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش، فېئوداللىق، كاپىتالىستىك شاكاللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغىز ۋە جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك دەۋر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، پرولېتارىياتلىق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن، سوتسىيالىستىك دەۋر قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن ئەسەرلەرنى يارىتىش كۆرسىتىلگەن؛ مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئىدىيىۋى ھەم بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان.

**كۇلمىناتسىيە** (لاتىنچە kolmen چوققا سۆزىدىن) بەدىئىي ئەسەردىكى ۋەقەلەر راۋاجىنىڭ ئەۋج ئالغان نۇقتىسى، ئىش - ھەرىكەت ۋە كۈرەشنىڭ كەسكىنلەشكەن ئورنى. بۇ نۇقتىدا ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلىنىدۇ.

مەسىلەن: «مارجان» ھېكايىسىدە لاۋازىل ئائىلىسىنىڭ بىر دانە مارجان ئۈچۈن ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇشى، ئون يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ بارلىق ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ،



مىڭبىر مۇشەققەتتە قەرزلىرىنى پۈتۈنلەي تۆلەپ بولۇشى بۇ ھېكايىنىڭ كۇلمىناتسىيە نۇقتىسى بولىدۇ. مانا بۇ نۇقتا ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ كەسكىنلەشكەن چوققىسى بولۇپ، باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

«ئاق چاچلىق قىز»نىڭ ئەۋجىگە چىققان نۇقتىسى بەشىنچى پەردىسىدە، يەنى زومىگەر پومېشچىك خۇاڭ شىرىننى كۈرەش قىلغان ئاممىۋى چوڭ يىغىن كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەنگەن. پۈتكۈل ئوپېرا ۋەقەلىكى راۋاجلىنىپ بۇ باسقۇچقا يەتكەندە، باش قەھرىمان شىئېرنىڭ خاراكتېرى ئەڭ تولۇق نامايان بولۇپ، تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچىدۇ. "كونا جەمئىيەتنىڭ ئادەمنى جىنغا، يېڭى جەمئىيەتنىڭ جىننى ئادەمگە ئايلاندۇرۇش"تەك مەركىزىي ئىدىيىسى بۇ يەرگە كەلگەندە مۇكەممەل ئىپادىلىنىدۇ. («ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، تۈزىتىلگەن نۇسخا، يى چۈن باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى. 571 - بەتتىن ئېلىندى)

**كۇبىزم** (تىك تۆتقىرچىلىق). ئاتالغۇلارنىڭ "كونستروكتىۋىزم (قۇرۇلمىچىلىق") ئىزاھىغا قاراڭ.

**كۇپلېت** (فرانسۇزچە. باغلىغۇچى دېگەن سۆزدىن) قوشاق ياكى شېئىرنىڭ ئىككى ياكى تۆت مىسرادىن تەشكىل تېپىپ، مەلۇم قاپىيىلىنىش تەرتىپىگە ئىگە بولغان شەكلى. ئۇ ئۆتمۈشتە "بەند" دەپمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۇپلېتلار ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى مىسرادىن، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە مىسرادىن تەركىب

تاپىدۇ.

**كۆپتۈرۈش** ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىپادىلەش ۋاسىتى-
لىرىنىڭ بىرى. پېرسوناژلار ۋە مۇھىتنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكىنى
گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان كۈچەيتىش، تەكرارلاش
قاتارلىق تەسۋىرى ئوخشىتىش.

كۆپتۈرۈش ئادەتتە كۆپرەك مۇھىت، پېزاژ، پېرسوناژلارنىڭ
پىسخىك ھالىتى، ھەرىكىتى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەسۋىرلەشتە
سۈپەتلەش ھەم جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئوبرازنى
گەۋدىلەندۈرۈش، بەدىئىي ئۈنۈمنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە
قوللىنىلىدۇ.

**كۆرۈنۈش** تىياتىر ئەدەبىياتى ژانىرىدا كومپوزىتسىيە
قۇرۇلمىسىدىكى بىر بۆلەك، بىر ئابزاس. تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ
كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنۈش پرىنسىپلىرى ئاساسەن "پەردە"بىلەن
ئوخشاش بولىدۇ. بەزى دراما ئەسەرلىرى مۇنچە پەردىلىك دەپ
يېزىلسا، بەزىلىرى مۇنچە كۆرۈنۈشلۈك دەپ يېزىلىدۇ. بەزى
ئەسەرلەردە پەردە ۋە پەردە ئىچىدە بىرنەچچە كۆرۈنۈشلەر
بولىدۇ. بۇنى، پەردە كومپوزىتسىيىدىكى چوڭ بۆلەك، كۆرۈ-
نۈش كىچىك بۆلەك دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. يەنى چوڭ
بۆلەكتىكى ئاساسىي (غول) سۈژېتنى راۋاج راۋانلىقىنىڭ ئېھتى-
ياجى ئۈچۈن تارماقلارغا بۆلۈش، كۆرۈنۈشلەرگە پارچىلاپ
كۆرسىتىش "كۆرۈنۈش" بولىدۇ.

كۆرۈنۈش پەردە ئىچىدىن ۋاقىت، ئورۇن-جاي ۋە ۋەقەلىك



يۆتكىلىش (ئالمىشىش) تۈپەيلىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ.

**كۆلەڭگۈچىلىك** 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 30-يىل-
لىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھىندىستاندا ھىند تىلى بىلەن شېئىر
يازىدىغانلار دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئېقىم.

بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي خاھىشى، خاراكتېر ئازادلىقىنى تەلەپ
قىلىدىغان رومانتىزم، دېموكراتىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك
تۈسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە سىرلىقچىلىق (مىستىتىزم)، گۈزەل-
چىلىك (ئېستېتىزم)، تەسىرلەنمىچىلىك (سېنتىمېنتالىزم)قاتارلىق
ئىدىيىۋى خاھىشلارنى كۆپلەپ قوللىنىشتىن ئىبارەت. ئۇلار
غەرب رومانتىزمى ۋە تاگور ئەسەرلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئەنئە-
نىۋى شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئىچىدىن ھىند تىلى شېئىرىيىتىنى
يېڭىلىماقچى ۋە قۇتۇلدۇرماقچى بولغان، تەبىئەت مەنزىرىلىرى،
ئەركىن مۇھەببەت قاتارلىق تېمىلاردا يېزىشنى تەلەپ قىلغان.
ۋەزىن ۋە تۇراق قۇرۇلمىلىرىنىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكىدىن
باشقىچە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خاھىشى رومانتىك شېئىرىيەت-
نىڭ كۆلەڭگىسى بولۇشتىن باشقا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان
يېڭىلىقى يوق.

**كۇللىيات** (ئەرەبچە. كلىيات — ھەممىسى سۆزىدىن) شائىر ئەسەر-
لىرىنىڭ مۇكەممەل توپلىمى. مەسىلەن: «كۇللىيات جامى»،
«كۇللىيات بېدىل» دېسەك جامى ۋە بېدىل ئەسەرلىرىنىڭ
تولۇق توپلىمى، دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. «خازائىنۇل مەئانى»
ناۋائىينىڭ بارلىق لىرىك شېئىرلىرىنىڭ جەملەنگەن تۆت

دىۋاندىن ئىبارەت كۇللىياتتۇر. كۇللىيات ئەنئەنىلىك مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ بىر تۈرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**كىنو فىلىم** ئېكراندا كۆرسىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان كىنوماتوگرافىك ئەسەر.

**كىنو ستۇدىيە** كىنو ئارتىسلىرىنى تەييارلايدىغان مەخسۇس مەكتەپ؛ كىنو فىلىملىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانا. مەسىلەن: "تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى" دېگەندەك.

**گارمونىك** ھەمئاھاڭ. ئاھاڭداشلىق تەلەپلىرىگە ماسلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش: ئۆزئارا مۇۋاپىقلىشىش.

**گارمونىيە** شەيئى ۋە ھادىسىلەردىكى كۆپ خىللىق ئىچىدىكى بىردەكلىك، كۆپ جەھەتلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىششچانلىقى.

مۇزىكا نەزەرىيىسىدە ئاۋازلارنىڭ ئۆزئارا ئاھاڭداشلىقى ۋە تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى بىلىم.

**گەۋدىلەندۈرۈش** پېرسوناژلارنى يان تەرەپتىن تەسۋىرلەيدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى. بۇ خىل ئۇسۇل شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى قىلىدۇ. مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ بىر شەيئى ئارقىلىق يەنە بىر شەيئىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە باشقا پېرسوناژلارنى، ياكى مەنزىرە، مۇھىت قاتارلىقلارنى سۈرەتلەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەسلىدىكى تەسۋىر ئوبيېكتىنى ئىپادىلەپ بېرىش، "ئا"نى يېزىش



ئارقىلىق "ب"نى گەۋدىلەندۈرۈش ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. ئۇ تەسۋىر ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچىنى كېڭەيتىش ۋە بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**گراژدانلىق پوئېزىيىسى** غايىسى، تېمىسى ۋە ئوبرازلىرى ئىجتىمائىي ھايات ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرىشى بىلەن بىۋاستە باغلىق بولغان شېئىرىي ئەسەرلەر. گراژدانلىق شېئىرىيىتى رۇس ئەدەبىياتىدا دېكابرىست شائىرلار ئا. ن. رادىششېۋ، ئا. س. پۇشكىننىڭ ئىنقىلابىي شېئىرلىرىدىن تارتىپ م. گوركىي شېئىرلىرىغىچە بولغان ئىلغار شائىرلار ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا چۈي يۈەندىن باشلاپ گومورۇغىچە كۆپلىگەن شائىرلار بۇ ساھەدە ئۇلۇغ نەمۇنىلەر ياراتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناۋايىدىن باشلاپ ئابدۇرەھىم نىزارىغىچە بۇ ساھەدە ئاجايىپ نەمۇنىلەر بار. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، نىم شېھىت، ل. مۇتەللىپ ... قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز گراژدانلىق شېئىرىيىتىدە ئۈلگىلەر ياراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «مەنچىك غۇلاپ ھەممە خۇش»، نىم شېھىتنىڭ «ئالدىدا»، ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق ئەسەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

**گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) كىشىلىكچىلىك** (لاتىنچە humanus ئىنسانىي) ئىنسانغا مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك، كىشىگە

غەمخورلۇق قىلىش ۋە ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر. گۇمانىزم ئويغىنىش دەۋرى (14 ـ 16 ـ ئەسىرلەر)دىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرنى ئىپادىلىگەن ئېقىم، ئىلغار بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەر بولغان گۇمانىزم كىشىنىڭ كىشى تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ۋە خورلىنىشىغا قارشى نارازىلىق، خورلانغانلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر خەيرىخاھلىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى گۇمانىزمنىڭ ئۇلۇغۋار نەمۇنىلىرىدۇر.

سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى گۇمانىزم پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش، ئۈمىدۋار قىلىش روھى بىلەن سۇغىرىلغان بولىدۇ. بىزدىكى گۇمانىزم ئىلمىي ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرىدۇر.

**گىمىن** (گرېكچە humnos—تەنتەنىلىك قوشاق) قەدىمكى گرېتسىيىدە ئەپسانىۋى خەلق قەھرىمانلىرى ياكى تەڭرىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان تەنتەنىلىك قوشاق گىمىن دەپ ئاتالغان. كېيىنكى زامانلاردا بىرەر ھادىسە، شەخس ياكى ۋەقەلىكنى كۈيلىگۈچى تەنتەنىلىك ناخشىمۇ (مەدھىيىلەر) گىمىن دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مىللەت، دۆلەت



ياكى سىنىپنىڭ بىرلىكى ئۇلۇغلاپ كۈيلەنگەن تەنتەنىلىك ناخشىلار گىمىن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

مەسىلەن: «ئىنتېرناتسىئونال» (شېئىرى) كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭمۇ گىمنىدۇر. ئۇنىڭدا پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرىشىدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسى تەنتەنە بىلەن كۈيلىنىدۇ.

**گىپېربولا** مۇبالىغە دېگەن سۆز.

**لائۇرېئات** (لاتىنچە laoreatus دەپنە دەرىخى بەرگىدىن ياسالغان گۈلچەمبەر) ئالىم، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارغا بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان، يۈكسەك مۇكاپات.

ئانتىك ئەدەبىياتتا پوئېتىك مۇسابىقە غەلىبىلىرى لائۇرېئات دەپ ئاتالغان. ھازىرقى دۇنيادا "لېنىن مۇكاپاتى لائۇرېئاتى" ۋە "نوبېل مۇكاپاتى" قاتارلىق مۇكاپات لائۇرېئاتلىرى بولۇپ، مەشھۇر يازغۇچى، شائىر ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلىرى بولغان كىشىلەر بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە گومورو (50 ـ يىللاردا تەسىس قىلىنغان) "خەلقارا لېنىن مۇكاپاتى لائۇرېئاتى" ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئېلىمىزدىن، جۇلىبو قاتارلىق يازغۇچىلار لېنىن مۇكاپاتى لائۇرېئاتىغا ئېرىشكەنىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگودا "لۇشۈن مۇكاپاتى" لائۇرېئاتى تەسىس قىلىندى. بىر قىسىم

ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرى "لۇشۈن مۇكاپاتى" لائۇرېئاتىغا ئىگە بولدى.

**لەپەر** خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن: «يار-يار» (ياكى يار سەنەم) لەپەر نامى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. تويلاردا ئېيتىلىدىغان «يارى-يار» قوشاقلىرى ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا بار ئىدى. ناۋايى دەۋرىدە مۇنداق قوشاقلار "چەنگى" دەپ ئاتالغان. ناۋايى «مىزانۇل ئەۋزان» دېگەن ئەسىرىدە "چەنگى" نى تەرىپلەپ:

"قايسى چەمەندىن ئەسىپ كەلدى سەبا، يار-يار،
كىم، دامىدىن چۈشتى ئوت جانىم ئارا، يار-يار"

دېگەن بېيىتنى مىسال كەلتۈرىدۇ.

يېقىنقى زامانلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرىدا «يار-يار»، «يار سەنەم» ياكى «ھاي-ھاي يۆلەن» نامىدىكى لەپەرلەرنىڭ ئېيتىلىپ كەلگەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم.

**لەتىپە** (ئەرەبچە. گۈزەل، يېقىملىق سۆزىدىن) — كۈلكىلىك كىچىك ھېكايە. لەتىپە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباپ ژانىرلىرىدىن بىرى. نەسىردىن ئەپەندى، موللازەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرىدە جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان قىلىق ۋە خىيانەتچى، پارىخور، جازانىخور، پەسكەش كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ، خەلقنىڭ دانالىقى، سەزگۈرلۈكى ۋە تەدبىرچانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**لىتوتا** (گرېكچە litotes — ساددىلىق سۆزىدىن) مەجازى ئىبارى-



لەردىن بىرى، بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنى ئەتەي كىچىكلىتىپ ياكى زەئىپلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش. (تىفرىد - ئەرەبچە. مۆتىدىللىكتىن پەس ھالەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.)

يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسەن بىرەر نەرسە، كىشى ياكى ھادىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، گەۋدىلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن، باشقا نەرسىنى ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ناۋايى پەرھات تېشەسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش نىيىتىدە تاغۇ تاشلارنى كىچىكلىتىپ، يۇمشىتىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قولىدا تېشە، يوق تېشەكىم گۈرز،
بولۇپ تۇپراق ئۇنىڭ زەربىدىن ئەلبۇرز.
ئۇنىڭ تېشەسى ئالدىدا قاراتاغ،
ئانىڭدەك كىم پىچاق ئالدىدا سارى ياغ.

بۇ ئۇسۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ جەڭنامە-داستانلاردا كۆپ قوللىنىلغان، ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**لىرو ئېپىك تۈر** تۇرمۇشنى ئېپىك بايان ۋە لىرىك ئىپادە بىلەن تەسۋىرلىگەن شېئىرىي شەكىلدىكى بەدىئىي ئەسەر، ھېكايە قىلىنغان مۇنداق كەچۈرمىشلەر ئادەتتە لىرىك-ئېپىك ئەسەرلەردىكى ۋەقە بىلەن بىۋاستە باغلانغان لىرىك چېكىنىشلەردە ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەسىلەن: تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قىز ۋە شامال» باللادىسى، ت

ئېلىيېۋنىڭ «ئىگىلىك سۇ» باللادىسى لىرو-ئېپىك ئەسەرلەردۇر.

**لىرىزم** كەيپىيات، لىرىك خۇسۇسىيەت. بەدىئىي ئەسەرلەردىكى لىرىكىلىق ھېس-ھاياجان، تۇيغۇ ئېلېمېنتلىرى، لىرىك خۇسۇسىيەتلەر؛ لىرىك روھىي ھالەت، لىرىك كەيپىيات.

**لىرىكا** (گرېكچە lyra) قەدىمكى گرېكلاردا راۋاپقا ئوخشاش مۇزىكا ئەسۋابى بولۇپ، ئۇلار شۇ ئەسۋابىنى چېلىپ شېئىر-قوشاق ئېيتىشقان؛ ئەنە شۇنداق شېئىر — قوشاقلار لىرىكا دېيىلگەن. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئېپوس، لىرىكا، دراما دەپ ئاتالغان ئۈچ ئاساسىي تۈرىدىن بىرى.

لىرىكا بىرەر ۋەقە، ھادىسە تەسىرىدىن ئىنساندا تۇغۇلغان روھىي ھالەتنى، پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئېپوس ھەم درامىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لىرىكا يازغۇچى-شائىرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى كۈزىتىش جەريانىدا ئۇرغۇپ چىققان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىشتىكى بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ئۇ لىرىك شېئىر ياكى لىرىك نەسرى ئەسەرلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

**پېيزاژ لىرىكىسى** تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر شەكلى.

پېيزاژ لىرىكىسىدا شائىر ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى، باغ، ئورمانلىرى قاتارلىقلارنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مېھرى مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل ۋاستە ئارقىلىق ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە-



لەرگە قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**سىياسىي لىرىكا** شائىرنىڭ ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئالغان تەسىراتى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىدىيىسى ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى. بۇنداق شېئىرلاردا چوڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنىپ، شائىر ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا لىرىكچانلىق ئىنتايىن كۈچلۈك، مەزمۇن ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ خەلقنى ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىققا، قەھرىمانلىققا، ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرىدۇ ۋە شۇ روھتا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاچىل» تېمىسىدىكى شېئىرىدا ئەينى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ شېئىرىدا خەلقنى ئۈمىدۋار بولۇشقا چاقىرىدۇ.

**مۇھەببەت لىرىكىسى** مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلار. مۇھەببەت لىرىكىسىدا كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى قارىشى، ھېس-تۇيغۇلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ، بۇ خىل شېئىرلار ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىنلا بار.

مۇھەببەت لىرىكىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى بۇ ساھەدە كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. «پەرھاد-شېرىن»، «تاھىر-زوھرا» «رابىئە-سەئىدىن» قاتارلىق داستانلاردا ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەتلىك ھەر

تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

زامانىمىزدىمۇ مۇھەببەت لىرىكىسى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىماقتا.

**ۋاستىلىك لىرىكا** بىۋاستە (ئىنتىم) لىرىكىنىڭ ئەكسى، يەنى ئاپتور ئۆز ھاياجىنىنى، ھېسسىياتىنى، تەسىراتىنى بىۋاستە، تۈپتۈزلا ئىپادە قىلماي تەسۋىرلەش ئوبيېكتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى بىرقەدەر يېقىن مۇناسىۋەتلىك باشقا شەيئىنى ۋاستە قىلىپ ئىپادە قىلىدۇ.

ۋاستىلىك لىرىكا لىرىك شېئىرلاردا ۋە لىرىك نەسىرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئىنتىم لىرىكا** يۈرەكتىن ئېيتىلغان سەممىي دوستلۇق ۋە مۇھەببەت سۆزلىرى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ سۆيگۈ ھەققىدىكى لىرىكىلىرى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولىدۇ.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئېستېتىك غايىلىرى مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئىنتىم لىرىكا ئەسىرى ياراتسا، بۇنداق ئەسەرلەرمۇ خەلق ئاممىسىنى بەدىئىي تەرەپتىن تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەشتە غايەت چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. سەممىي سۆيگۈ، ۋاپا ھەم ساداقەت تۇيغۇلىرىنى تەرەننۇم قىلىش كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ ۋە ھوزۇرلاندۇرىدۇ، مۇھەببەت، ئائىلە، بەخت ۋە باشقا ھايات، تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى توغرا تونۇۋېلىشقا ۋە ئىنسانىيەتچىلىك پەزىلىتىنى ئىگەللەشكە ئۆگىتىدۇ، شائىر



ئېيتقاندەك:

سۆيگۈ نېمىلىكىنى ئاڭلىماق بولساڭ،
پاكىزە ساقلىماق بولساڭ ھەر نەپەس.
مەنسەپ ۋە ھۆسنىنىڭ كەينىدىن يۈرمە،
سۆيگۈنى ۋاپا دەپ تىڭلىيالىساڭ بەس.

(شۈكرۈللا)

ئىنتىم لىرىكىدا شائىرنىڭ ئۆتكەن ياشلىقىنى سېغىنىش ۋە ئۆسكەن يۇرتىنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى ۋە دوستلۇق مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك لەززىتىمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. تۆۋەندە ئېلىمىزنىڭ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى»دىن بىرنەچچە مىسالنى كۆرىمىز.

كونا دوست تەييارلاپ ماڭا زىياپەت،
چىللىدى ئۆيىگە مېنى بىر زامان.
باراقسان دەرەخلەر قاپلىغان يېزا،
ياپېشىل تاغ بىلەن قات-قات ئورالغان.

روجەكتىن كۆرۈندى خامان، ئوتياشلىق،
مەي ئىچىپ مۇڭداشتۇق شۇلار ھەققىدە.
كېلىمەن بۇ يەرگە يەنە باشقىدىن،
چىنەگۈل ئېچىلغان مۇشۇنداق پەيتتە.

ئاسمانغا تاقاشقان راۋاق ئۈستىدە،
مەي ئىچىپ ئولتۇردۇم پەقەت شۇ كېچە.

ئۆيۈمنى ئېسىمگە ئالماسلىق ئۈچۈن،
مەي ئىچتىم شىركەيىپ بولۇپ قانغىچە.
(لى بەي.ت. ئالماس تەرجىمىسى)

**لىرىك چېكىنىش** ئاپتور نۇتقىنىڭ بىر تۈرى — بەدىئىي ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر خىلى. ئاپتور تىلى ياكى نۇتقى بەزىدە ۋەقەلىك بايانى بىلەن بىۋاستە باغلانماي قالىدۇ. ئاپتور ۋەقە ۋە ئادەملەر خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتىن چېكىنىپ، ئۆزىدە تۇغۇلغان ھېس-تۇيغۇ ۋە ھاياجانىنى لىرىك ئىپادە قىلىشقا ئۆتكەن ئورۇنلار لىرىك چېكىنىش دېيىلىدۇ. ناۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىكى داستانلاردا؛ ئا. س. پۇشكىننىڭ «يېۋگېنى-ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانىدا، لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە چېكىنىشنىڭ ناھايىتى ئوبدان نەمۇنىلىرى بار.

**لىرىك شېئىر** كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھېس-تۇيغۇ، خىيالنى تەسىرلىك ۋە جۇشقۇنلۇق قىلىپ ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي تۈر. ئۇ پەقەت شائىرنىڭ ھېسسىياتىنىلا ئاساس قىلىدۇ. لىرىك شېئىردىكى "مەن" ياكى شائىرنىڭ ئۆزى شېئىرنىڭ باش قەھرىمانى بولىدۇ.

**لىرىك قەھرىمان** لىرىك شېئىردا ئوي-پىكرى، ھېس-تۇيغۇسى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلەنگەن شەخس ئوبرازى. لىرىك شېئىردا كۆپىنچە شائىرنىڭ ئۆزى باش قەھرىمان بولىدۇ، لېكىن لىرىك شېئىرلاردىكى "مەن" بەزىدە كەڭ خەلق ئامما-



سىغا ۋەكىللىك قىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ناۋايى لىرىكىلىرىدىكى باش قەھرىمان كۆپىنچە شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا "يار"، "ئەغيار" قاتارلىقلارمۇ لىرىك قەھرىمان بولۇپ كېلىدۇ.

**ماتىۋ** (فرانسۇزچە matif — ئاھاڭ، كۈي، مۇقام سۆزىدىن) مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتى. ئەدەبىي ئەسەردە "ماتىۋ" ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن پەرقلىق ھالدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تېمىسى بولۇپ، ئاساسىي تېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى** ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى دېگىنىمىز ئىنسانىيەت ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتى تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، شۇنداقلا ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىنقىلابىي پەن.

دۇنيادىكى بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىمۇ شۇنداق، ئۇ پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىدىكى ھادىسىلەرنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ توپ خۇسۇسىيەتلىرى، ئىجتىمائىي رولى، تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەزمۇنى ۋە شەكلى،

ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئىجادىيەت جەريانى...، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلاش، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇ نەزەرىيە مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىزاھلاش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ماقال** تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان ۋە خەلق دانالىقىنى ئىپادىلەيدىغان قىسقا، كۆپىنچە شېئىرىي شەكىلدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارىلەر. ماقاللار خىلمۇخىل تېمىلاردا بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، ئۇ كۆپىنچە نەسىھەت خاراكتېرىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
يالغان سۆزلەپ ياشىغىچە، راست سۆزلەپ ئۆلگەن ياخشى.
ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.
ھۇرۇنلۇق — خارلىقنىڭ ئىشىكى.
ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.

ماقاللار خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شېئىرىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا خىلمۇخىل بەدىئىي



ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

بىر قىسىم ماقاللاردا خەلقنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى نەپرەت ۋە غەزەپلىرى، ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى ئاۋازى جاراڭلايدۇ: ئادالەتسىز كىشى قىلسا شاھلىق، مۇنداق شاھتىن ياخشى گادايلىق؛ ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر؛ كەتمەن چاپقان جىگدە يەر، ئوڭدا ياتقان گىردە يەر، دېگەندەك ماقاللار يۇقىرىدىكى سۆزىمىز ئۈچۈن ئىسپاتتۇر.

ئۇلۇغ ئەدىب، شائىر، پەيلاسوپلار خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئاجايىپ ھېكمەتلىك ئىبارىلەرنى ياراتقان. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

تولا سۆزلىمە سۆز بىرەر سۆزلە، ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگۈنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.
كېتەر دۇنيا بۇ ياخشى قىلىق كەتمىگەي،
بۇ ياخشى قىلىقنىڭ ئىزى ئۆچمىگەي.
يىغىلسا مال، دۇنيا تۈگەر، يوقىلۇر،
پۈتۈلسە قالۇر سۆز، جاھان ئايلىنۇر، دەيدۇ.

ناۋايى: ئاز-ئاز ئۆگرەنىپ دانا بولۇر،
قەترە-قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر.
ئۆگرە نۇردىن قاچقان زالىم بولۇر،
ئەجىر قىلىپ ئىلىم ئۆرگەنگەن ئالىم بولۇر، دەيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىنكى چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن

بۇيان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى زامانغا بېقىپ بېيىدى ۋە يېڭى-يېڭى ماقال-تەمسىللەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن:

بىلىم نۇر، نادانلىق زۇلمەت؛ ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى؛ گەپنىڭ قايمىقى تەنقىد، ياخشىغا قىلىمىز تەقلىد؛ دەريا سۈيىنى باھار ئاشۇرىدۇ، كىشى قەدرىنى ئەمگەك... دېگەندەك ماقاللار كىشىلەر ئارىسىدا سان-ساناقسىز.

**ماقالە** (ئەرەبچە مقال-نۇتۇق، باب سۆزىدىن، كۆپلۈكى ماقالات) سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ياكى ئەدەبىي ھايات توغرىسىدا يېزىلغان پۇبلىتسىستىك ئەسەر. مەتبۇئات ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە ماقالىنى تېمىسى، مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىگە قاراپ سىياسىي ماقالە، ئىلمىي ماقالە، پۇبلىتسىستىك ماقالە دېگەن خىللارغا ئايرىش كېلىپ چىقتى.

ئەلشىر ناۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانى 20 ماقالات (باب)تىن ئىبارەت.

**ماۋزۇ ياكى سەرلەۋھە** بۇ يەردە يازما ئەدەبىياتنىڭ نامىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ماۋزۇ ياكى سەرلەۋھە خۇددى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسمى بولىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ماۋزۇسى ياكى سەرلەۋھەسى مەزمۇنىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى ماۋزۇلار بىۋاسىتە ھالدا باش تېمىنى، بەزىلىرى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، بەزىلىرى ئەسەر



باش قەھرىمانىنى، يەنە بەزىلىرى ئەسەردىكى ۋەقەلىك يۈز بەرگەن ئورۇن-جايىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ماۋزۇنى ئوبدان تاللاش، ئەھمىيىتى بار، قىممىتى بار، ئېستېتىك زوق قوزغاش كۈچى بار ماۋزۇلارنى قويۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە رەڭدارلىق بېغىشلايدۇ ۋە كىتابخانلارنى دەرھال جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى** بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بۇرۇندىن تارتىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە تەنقىدىي يەكۈنلەش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، ھازىرقى زامان پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىدىكى زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە جاۋاب بېرىش بىلەن شەكىللەنگەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلمىي سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى، پارتىيىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى. يەنى: يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب دەۋرى ۋە سوتسىيالىستىك

ئىنقىلاب ھەم سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرى.

يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب باسقۇچىدا يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە قوشقان ئۇلۇق تۆھپىسى: 1) ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرگە قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ھەل قىلدى. بۇ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مېغىزى، لېنىننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت "مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى" لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مول تەرەققىياتى ۋە كونكرېتلىشىشى. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىپ قالماي، بەلكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. يەنە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدىكى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆستۈرۈش يېتەكچىلىكىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. 2) ئەدەبىيات بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەل قىلدى. يەنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى "بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ



پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى" ئىكەنلىكىنى، "ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن يەنىمۇ يۈكسەك، يەنىمۇ كۈچلۈك، يەنىمۇ يىغىنچاق، يەنىمۇ تىپىك، يەنىمۇ غايىۋى، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ ئومۇمۇيۈزلۈك بولۇشى ۋە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك" ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. "ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك پېرسونازلارنى ئىجاد قىلىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئىلگىرىلىتىشىگە ياردەم بېرىشى" كېرەكلىكىنى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ "ئۇزاق مۇددەت، شەرتسىز، پۈتۈن دىل، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئىچىگە بېرىشى" كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 3) ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا قارىتا تەنقىد ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەل قىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش لازىملىقىنى، "دېموكراتىك جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، فېئوداللىق داشقاللىرىنى چىقىرىپ تاشلاش" كېرەكلىكىنى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلاش، ئىجاد قىلىش، "قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىسىنى يارىتىش" يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدىنىڭ ۋەزىپىسى، رولى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئۆلچىمى،

ھەمدە خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مىللىي شەكىل ئىجاد قىلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بىرلىك سەپ قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان بايانلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش باسقۇچىدا ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى: 1) ئۇ ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئوخشىمىغان ئىككى خىل خاراكتېردىكى زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېگەن تەلىماتىغا ئاساسەن، ”ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش“تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىنى گۈللەندۈرۈش يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2) جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا قارىتىلغان پرىنسىپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ”ھەممە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرۇش، كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىسىنى يارىتىش“، ”قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش“ يۆنىلىشىنى مۇقىملاشتۇردى. 3) ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت مېتودىنى ئوتتۇرىغا



قويدى. ئۇندىن باشقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى، جۇڭگونىڭ كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرىيىتى، خەلق قوشاقلىرى ۋە يېڭى شېئىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى، جۇڭگوچە رەسىم مەسىلىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر قاتارلىق مەسىلىلەردە چوڭقۇر بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرقانچە ئون يىللاردىن بۇيان، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا چوڭقۇر يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**مەتەل** كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان خەلق مەجازى ئىبارىلىرىنىڭ بىرى. مەتەل ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە كۆچۈرۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئوخشىتىش، كىنايە ۋە باشقا تىل ۋاسىتىلىرى قوللىنىلىدۇ. شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مەتەل پىكىرنى بىۋاستە ۋە ساددا ئىپادىلىگۈچى ”ماقال“دىن پەرق قىلىدۇ، مەتەللەردە مەجازى ئىبارىنىڭ ئۆز ئەسلى مەنىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن مەنىسى ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت، مەنتىقىي باغلىنىش بولۇشى شەرت. مەسىلەن: ئورۇنسىز ئېيتىلغان گەپ ”تۆلۈمدىن توقماق

چىقىلداندەك"، ھەربىر ئىشنى ئۆز ئۈستىگە قىلسا "قرىپى قاساپ سويسۇن"، ھەربىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش "تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق" دېيىلىدۇ، بۇلار مەتەللەر ھېسابلىنىدۇ.

**مەتەل** (ئەرەبچە چىقىش جايى، باشلانما سۆزىدىن) شېئىرىي ئەسەرنىڭ بىرىنچى بېيىتى، مەسىلەن: ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس»دا ئاتايى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق يازغان: "تۈركىي گويى ئەردى، ئۆز زامانىدە شېئىرىي ئەتراك (تۈركلەر — ئاپتور) ئاراسىدا كۆپ شۆھرەت تۇتتى. بۇ مەتەل ئانىڭدۇركىم:

ئول سەنەمكىم سۇ ياقاسىندا پەرىستەگ ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلۇكىدىن سۇ بىلەن يۇتسا بولۇر."

بابىر «بابىرنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

"...بۇ مەتەلنى ئۇشۇل ئەييامدا ئايتىپ ئىدىم:

تەكەللۇف ھەر كىچە سۇرەت تۇتۇلسا ئاندىن ئارتۇق سەن،
سېنى جان دەرلەر، ئەمما بى تەكەللۇف جاندىن ئارتۇق سەن!"

**مەجاز** سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى. مەسىلەن: يازغۇچىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئەسىرىنى بىلدۈرىدۇ. لۇشۇننى سۆيۈپ ئوقۇيمىز، دېگەندە لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، لۇتپۇللانى ئوقۇدۇڭمۇ، دېسەك، بۇ يەردىكى ئاپتور ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە جاي ناملىرىمۇ شۇ يەردىكى كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بېيجىڭ پوزىتسىيە بىلدۈردى. مەجلىسكە پۈتۈن يېزا كەلدى، دېگەنگە



ئوخشاش.

**مەجمۇئە** جەملەنگەن؛ توپلانغان؛ يىغىلغان؛ ھەممىسى؛ جەمىسى.

مەسىلەن: «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە بىردىنبىر مەجمۇئەدۇر.

**مەجمۇئەششۇئارا** (ئەرەبچە) شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى ياكى تەزكىرىسىمۇ بۇرۇنقى ئەدەبىياتلاردا شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ.

**مەدەنىيەتتىكى قورشاپ يوقىتىش** گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 1927-يىلىدىن 1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنقىلابىي مەدەنىيەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان "قورشاپ يوقىتىشى".

**مەدەنىيەتتىكى "قورشاپ يوقىتىش"قا قارشى تۇرۇش** ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىل-ئىنقىلابىي مەدەنىيەت "قورشاپ يوقىتىشى"غا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاھانگىرلارنىڭ قۇتراتتىشى بىلەن ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەرگە قارىتا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار "قورشاپ يوقىتىشى" ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قورشاپ

يوقتشى ئېلىپ بېرىپ، ئىلغار يازغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە سول قانات مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ج ك پ رەھبەرلىكىدە لۇشۇن ۋە كەڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ "قورشاپ يوقىتىشى"غا قارشى قەھرىمانلىق بىلەن كۆرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى.

**مەدھىيە** (ئەرەبچە ماختاش سۆزىدىن) بىرەر كىشى، ھادىسە ياكى قەدىرلىك نەرسىگە ئاتاپ، ئۇنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان شېئىر.

**مەرسىيە** بىرەر مەشھۇر كىشىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن غەم ـ ئەلەم ۋە ھەسرەت ئىپادىلەنگەن لىرىك شېئىر ياكى قوشاقلار. بۇ خىل مەرسىيەلەرنى رۇس ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئېلگىيە دەپ ئاتايدۇ.

بۇنداق لىرىك شېئىرلاردىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (11 ـ ئەسىر) ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مەرسىيەلەر، ئورخون ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدىكى مەرسىيەلەر ھەممەيلەنگە مەلۇم. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەرسىيەلەر يېزىش ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن: ناۋايى ئابدۇراخمان جامىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا مەرسىيە يازغان. ناۋايىنىڭ ۋاپاتىغا خاندەمىر، مەۋلانە ساھىپ دارالار مەرسىيە يازغانىدى.



خاندەمىر ناۋايىنىڭ ۋاپاتى كۈنىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى پۈتكەنىدى:

ئۆلۈمدەن ھەربىر ئۆيگە تۈشتى ماتەم،
فەۋتى ئۈچۈن ھەر بۇرجەكدەن چىقتى پىغان.
تېمىر بولسە، تاش بولسە ھەم باغرىياندى،
بۇ دەھشەتلى مۇسىبەتنى بىلگەن ھامان.

(مۆمىن زادە تەرجىمىسى)

مەرسىيە ژانىرى ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى مەرسىيەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنى مەيۈسلەندۈرمەستىن، بەلكى ئۆلگەنلەرنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ، قايغۇدىن كۈچ ھاسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: جۇ ئېنلەي ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلار بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

**مەرىپەتچىلىك** كىشىلىكچىلىك. 1. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. 2. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك بۇرژۇئا مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ بىرسى. بۇنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار بولۇپ، بىرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مىستىك (ئىلاھ) ئەدەبىياتىغا ئوخشمايدۇ. بۇ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنى ئوبيېكت قىلغان دىنىدىن خالى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى بىر خىل ئاساسىي روھ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ھەم

ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەزمۇن بىلەن شەكىل** ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى شۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ تېمىسىنى بەلگىلەيدۇ. يازغۇچى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى مەلۇم نۇقتىئىنەزەردىن چۈشىنىدۇ ۋە شۇ نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا تەسۋىرلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىك-لەرگە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنى تەسۋىرلەشتىكى نۇقتىئىنەزىرى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ غايىسىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلىگۈچى غايە يازغۇچى تەرىپىدىن تەسۋىرلەنگەن هايات مەنزىرىلىرى، پېرسوناژلارنىڭ هەرىكىتى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ۋە خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسەر سۇژېتىنى تەشكىل قىلغان ۋەقەلىكلەر مەركىزىدە كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ. بۇ ئوبراز ئەتراپىدا تەسۋىرلەنگەن مۇهىت ۋە خاراكتېرلارنىڭ خۇسۇسى-يەتلىرى ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇژېت ۋەقەلىرى، ئەسەر كومپوزىتسىيىسى ئۇنىڭ تىلىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىككى تەرىپىدۇر. "شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بىر ئەسەرنىڭ شەكلى شۇ ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان مېتوددۇر، يەنى بىر ئەسەردىكى مەزمۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان



ئوبرازدۇر. كونكرېت ئەسەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسەر قەهرىمانلىرى، سۇژېتى ۋە باشقىلار شۇ ئەسەرنى تەشكىل قىلغان ئوبرازلارنىڭ تەشكىلىي ئاساسىدۇر."①

ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل مەسىلىسى ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇهىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

**مەسەل** ئەخلاقىي، تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە هەجۋىي تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرى ئەسەر.

ئىنسان خاراكتېرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر مەسەلدە كىنايىلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەقەلەر هايۋانات، جانىۋار ياكى ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئوبرازلار كىنايىلىك خاراكتېردە بولۇشتىن تاشقىرى، كۆلكىلىك هەم سوئال-جاۋاب شەكلىدە بولىدۇ. مەسەللەردە مۇبالىغە قىلىش، كۆپتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار خاهىشلار تەنقىد قىلىنىدۇ. مەسەل — سۆز سەنئىتىنىڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىدىن بىرى. ئانتىك ئەدەبىياتتا ئىزوپ مەسەللىرى مەشهۇر. هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مەسەلچىلىك ئۆز رولىنى كۆرسەتمەكتە.

**مەسنەۋى** (ئەرەبچە ئىككىلىك سۆزىدىن) قاپىيىلىنىش

---

① «ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى»، 1962-يىل شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسى باستۇرغان، 331-بەتكە قاراڭ.

تەرتىپگە قاراپ شەكىللەنگەن شېئىرىي شەكىللەردىن بىرى. ھەربىر بېيىتى مۇستەقىل ھالدا ئايرىم-ئايرىم قاپىيىلىنىدىغان بەند (ئىككى مىسرادىن تۈزۈلىدىغان) شەكىل مەسنەۋى (ئىككىلىك) دەپ ئاتىلىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتتا پەقەت سۆزىلىق كىچىك شېئىرلارلا ئەمەس، بەلكى چوڭ-چوڭ داستانلارمۇ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ناۋايىنىڭ «خەمسە»سىنىڭ داستانلىرى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، نىم شېھىت، ئەلقەم ئەختەم ۋە تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلار مەسنەۋى شەكلىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

مەسىلەن، ئۇنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

a............

a............

b............

b............

c............

c............

**مەلىكۇششۇئارا** (ئەرەبچە شائىرلارنىڭ شاھى سۆزىدىن) فېئوداللىق دەۋردىكى يازغۇچىلىق كەسپى بىلەن كۈن كەچۈرەلمىگەن قەلەم ئىگىلىرى سارايغا بېرىشقا مەجبۇر ئىدى. شاھلارغا بېغىشلاپ قەسىدىلەرمۇ يازاتتى. ساراي دائىرىسىدىكى ئەدەبىي



ئۇلتۇرۇشلاردا بەزى ئايرىم زەبەردەس شائىرلارغا "مەلىكۇششۇئارا" ئۇنۋانى بېرىلەتتى ۋە شۇ يول بىلەن قەلەم ئىگىلىرى سەلتەنەت خىزمىتىگە ئۈندىلەتتى.

قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلۇغبەگ زامانىدە كامال بەدەخشى "مەلىكۇششۇئارا" لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەلىشىر ناۋايى بۇ شائىر ھەققىدە «مەجالىسۇن نەفائىس»تا "فازىل كىشى ئەرمىش، ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىدە سەمەرقەندتە شۇئەرا ئانى خۇش خۇيلۇقتا مۇسەللەم تۇتۇبدۇرلەر ۋە مىرزانىڭ دائى كۆپ ئىلتىپاتى بار ئەرمىش" دەپ يازغانىدى.

**مەلىكۇلكالام** (ئەرەبچە سۆز پادىشاھى سۆزىدىن) ئۇلۇغ ئەدەب-سەنئەتكارلارغا بېرىلگەن يۇقىرى ئۇنۋان، ئالىي دەرىجە. ئەلىشىر ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا ئۆزىنىڭ پېشقەدەم زامانىدىشى ۋە ئۇستازى مەۋلانە لۇتفى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆز زامانىنىڭ مەلىكۇلكالامى ئەردى، دەپ يېزىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

**مەنىۋى مۇھىت** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بىرلىشىپ شەكىللىنىدىغان بىر خىل بەدىئىي دائىرە مەنىۋى مۇھىت بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئوبرازلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەكس ئېتىلىشى بىلەن سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ يارىتىلىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ قىسقارتىلىپ ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە،

ياكى مەنئۋىيەت بىلەن مۇھىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەنئۋى مۇھىت ئوبيېكتىپ مەنزىرە بىلەن سۇبيېكتىپ ھېسسىي ھەۋەسلىنىشنىڭ بىردەكلىكىدۇر. ئۇ، سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى دائىرىسىنىڭ ئەكسلىنىشىنى تىپىكلەشتۈرۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شېئىرلار ۋە رەسىملەردىكى "مەنئۋى مۇھىت" بىلەن ھېكايە، تىياتىرلاردىكى تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېر پاراللېل تەڭلىكتە تۇرىدىغان ئىككى خىل بەدىئىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئاشۇنداق ھېسسىيات بىلەن مەنزىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىدىن يېپيېڭى بىر خىل بەدىئىي مۇھىت شەكىللىنىپ چىقىدۇ. ئۇ، كىتابخانىنىڭ ئەسەر تەمىنلىگەن چەكلىك، كونكرېت كارتىنا ئارقىلىق تەسىرلىنىدىغان ئوبرازدىن تاشقىرى، يەنىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ مول بولغان نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشىغا، ئۆزىنى ئۆزگىچە بىر ھېسسىي ئالەمگە بارغاندەك سېزىپ، گۈزەللىك تەسىراتىغا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

مەنئۋى مۇھىت دەۋرلىككە ۋە يازغۇچىنىڭ خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. تۇرمۇش ھادىسىلىرى خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ، مول بولغانلىقتىن بەدىئىي مۇھىت دائىرىسىمۇ چەكسىز، ھەر خىللىقلىقا ئىگە بولىدۇ. مەنئۋىيەت بىلەن مۇھىت دائىرىسىنىڭ بىرلىشىشىدە مەنئۋىيەتكە (سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا) ئېغىشمۇ، ھەمدە مۇھىتقا (ئوبيېكتىپ مەنزىرىگە) ئېغىشمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.



**مودېرنىزم** (فرانسوزچە moderni زامانىۋى سۆزىدىن) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە بۇرژۇئا ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ئېقىم. بۇ ئېقىم مەزمۇنسىز سەنئەتنى تەرغىب قىلىدۇ.

مودېرنىزم ئەدەبىياتى خېلى ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە ئوخشىمىغان مەملىكەتلەردە، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەردە شەكىللەنگەن خىلمۇخىل ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئورتاق نامى.

بىز غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە، جۈملىدىن مودېرنىزم ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە تامامەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمايمىز، بۇ ساھەدە ئوۋنېر①، كاۋكا②، پاۋلو بىيكاسو③ قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزمنىڭ قاراڭغۇچىلىقىنى، ئۇنىڭ قۇتۇلغۇسىز كېسەللىكلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە پاش قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ئارزۇسى، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوپېراتسىيە قىلىشتەك ئىپادە

① ئوۋنېر ـــ ئامېرىكىلىق دراماتۇرگ، "ئىپادىچىلىك" ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. 1936 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى ئالغان.

② كاۋكا ـــ فرانسىيە يازغۇچىسى، "ئىپادىچىلىك" ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى.

③ پاۋلو بىيكاسو ـــ ئىسپانىيىلىك مەشھۇر رەسسام، مودېرنىزم رەسىمچىلىكىگە ئاساس سالغۇچى.

قىلىش، شەكىل، ماھارەت قاتارلىق تەرەپلىرىدىن تەنقىدىي پايدىلىنىشنى رەت قىلمايمىز.

**مودېل** كىيىم پىچىش، تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ياكى رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەلتىراشتا شەكىل ئوبيېكتى قىلىنغان ھەيكەل، يالىڭاچ ئادەملەر مودېل دېيىلىدۇ. ئۇ رەسىم سىزىش، ھەيكەلتىراش ماھارىتىنى مەشق قىلىش ھەمدە ئادەم بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىنىدىغان نىشان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، مودېل پروتوتىپمۇ دېيىلىدۇ. پروتوتىپ، يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئاساسلانغان رېئال تۇرمۇشتىكى ھەققىي ئادەم بولۇپ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىقتىكى مودېلغا ئوخشىتىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى پروتوتىپ مودېلغا پۈتۈنلەي ئوخشىشىپمۇ كەتمەيدۇ. مودېل مەيلى ھەيكەل ياكى يالىڭاچ ئادەم بولسۇن. ئۇ بەرىبىر ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. پروتوتىپ بولسا ھەرىكەتچان، جانلىق بولىدۇ. (ئاتالغۇلارنىڭ "پروتوتىپ" ئىزاھىغا قاراڭ.)

**مونتاژ** (فرانسۇزچە montage — يىغىش، جەمغۇرۇش سۆزىدىن)

1. بىر ياكى بىرنەچچە بەدىئىي ئەسەردىن ئېلىنغان ئايرىم ئېپىزوت ۋە كۆرۈنۈشلەردىن تەشكىل تاپقان بەدىئىي ئەسەر.

2. كىنو، رادىئو-تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە ئايرىم بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلارنىڭ بۆلەك-



چىلىرىنى ئومۇمىي ماۋزۇ ھەم سۇژېتقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر-بىرىگە ئۇلاش.

**مونورىم** (فرانسۇزچە monorime سۆزىدىن) ھەممىلا مىسرالىرى بىر خىل قاپىيە بىلەن يېزىلغان شېئىر. مۇنداق شېئىرلارنى قەدىمكى شەرق شائىرلىرى جىق يازغان. رۇس پوئېزىيىسىدە مۇنداق شېئىرىي شەكىل ئادەتتە ساتىرىك ۋە يۇمورىستىك پوئېزىيىگىلا خاس.

**مونولوگ** (گرېكچە monos — بىر؛ logos — سۆز سۆزلىرىدىن ياسالغان) ئەسەر ھەققىدە، بەزىدە سۆھبەتداشلارغا، تاماشىبىنغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز، نۇتۇق. مونولوگ سەھنە ئەسىرىنىڭ بېشىدا تاماشىبىننى ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن بىلەن تونۇشتۇرىدۇ، ۋەقە ئىشتىراكچىسىنىڭ سەھنىدە پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ ۋە ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ. مونولوگ قەھرىمانىنىڭ پىكىر ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئوبرازنىڭ ماھىيىتىنى ئاچىدۇ.

**مۇئەللىپ** (ئەرەبچە تالىپ، تۈزۈش، يېزىش سۆزىدىن) ئەسەر يازغان كىشى، ئاپتور.

**مۇئەممە** (ئەرەبچە مۆكتۈرۈلگەن، يوشۇرۇنغان سۆزىدىن) ئەدەبىياتتا كىشىنىڭ پىكىر قىلىش ماھارىتىنى سىناش ۋە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان تېپىشماق. ئۇ كۆپىنچە ئاتاقلىق كىشىلەر ئىسىملىرىنىڭ ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. كىشىلەر تەپەككۇر جەريانىدا ئۇنى يېشىدۇ ھەم

ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

مۇئەممە شەكلىدە شېئىر يېزىش 15 ـ ئەسىردە كەڭ تارقال-غان، ناۋايى، جامى قاتارلىق ئەدىبلەر مۇئەممە يېزىش ۋە ئۇنى يېشىش جەھەتلەردە شۆھرەت قازانغان. خەلق ئېغىز ئەدەبى-ياتىدىمۇ بۇ شەكىلنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا بۇ شەكىل ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن شېئىرىيەتنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بۇ ئەنئەنە چوقۇم جانلىنىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا يېقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل-لىرىنىڭ بىرى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنى ئەسلىتىدىغان مۇنداق بىر مۇئەممە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

مولللىنىڭ باشىنى كەس مامات بولسۇن،
دەپنە قىل قەبر ئارا ھايات بولسۇن.

مولللىنىڭ "م" ھەرپىنى "قەبر" سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويساڭ "قەمبەر" (كونا ئىملادا "قەبر" شەكلىدە يېزىلاتتى) سۆزى كېلىپ چىقىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

**مۇبالىغە** نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ئاشۇرۇپ، چوڭايتىپ تەسۋىرلەش. مۇبالىغە گەرچە ئەسلىدىكى پاكىتتىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن پاكىت بىلەن ئىچكى باغلىنىشتا بولۇپ، نەرسە ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەسەر ياكى نۇتۇقنى



جەزىبىلىك كۆچكە ئىگە قىلىدۇ. مۇبالىغە قىلىش ئەسەر خاراك-تېرىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. مۇبالىغە كلاسسىك ئەدەبىياتتا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، ئېپوسلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: "ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى."

(«ئوغۇزنامە»)

ئاھ ئۇرسا ئالەمنى بۇزار تاۋۇشى،
توقسان مالنىڭ تېرىسىدىن كاۋۇشى.
تىكىلسەم قۇرۇيدۇ دەريانىڭ گۈمى،
نەرە تارتسام، غۇلار قورغانىنىڭ تېمى.

(«ئالپامىش»تىن)

**مۇتەسسە** ھەربىر كۇپلېتى توققۇز مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى. قاپىيىلىنىش تەرتىپى مۇنداق:

ئائائائائائائائائا؛ بببببببب ئا؛ دددددددد ب ئا؛ ت تتتتتتت ئا؛

**مۇتەقارىب** ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىدىن بىرى. مۇتەقارىب-نىڭ لۇغەت مەنىسى "ئەپلىك"، "ئاسان" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ بىرقانچە تارماق بەھرىلىرى بار. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئاساسەن مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان. تۆۋەندىكى مىساللاردىن بۇ شەكىلنىڭ ھەقىقەتەن "ئەپلىك" ۋە "ئاسان" ئەستە قالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز:

كىشىگە كەرەك تەگمە① يەردە بىلىش،
بىلىش بىرلە ئېتىلۇر قامۇغ② تۇرلۇك ئىش.
بەگ ئاتى بىلىك③ بىرلە باغلىغ تۇرۇر،
بىلىك لامى كېتسە بەگ ئاتى قالۇر.
بىلىكسىز④ كىشى ئول يەمىشسىز يىغاچ⑤،
يەمىشسىز يىغاچىغ⑥ نەگۇ قىلسۇن ئاچ.

**مۇخەممەس** (ئەرەبچە بەشلىك سۆزىدىن) كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى قاپىيىلىنىش تەرتىپىگە مۇۋاپىق تۈزۈلگەن شېئىر شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بەش مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قاپىيىداش بولىدۇ، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسى ئۆز ئالدىغا باشقىچە قاپىيىلىنىدۇ، بەشىنچى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيىداش بولىدۇ.

مۇخەممەسنىڭ قاپىيىلىنىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .

---

① تەگمە — ھەممە.
② قامۇغ — تۇرلۇك، ھەر خىل.
③ بىلىك — ئىلىم.
④ بىلىكسىز — بىلىمسىز.
⑤ يەمىشسىز يىغاچ — مېۋىسىز دەرەخ.
⑥ يىغاچىغ — يىغاچ، مېۋىسىز دەرەخ مەنىسىدە.



ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ب. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ب. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ب. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ب. . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئا. . . . . . . . . . . . . . . . . .

**مۇختەممەلات** ئاتالغۇلارنىڭ "تۇيۇق" ئىزاھىغا قاراڭ.

**مۇرەببە** (ئەرەبچە تۆت بۇرجەك سۆزىدىن) كلاسسىك شېئىرىيەتتە كۆپ قوللىنىلغان تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىل ھازىرقى شېئىرىيەتتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. "مۇرەببە"دە ھەربىر بەند (كۇپلېت) تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. دەسلەپكى كۇپلېتنىڭ تۆت مىسراسى بىر خىلدا قاپىيىلىنىپ كېلىدۇ-دە، قاپىيە سخېمىسى "ئا. ئا. ئا. ئا" شەكلىدە، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئۈچ مىسراسى بىر خىلدا قاپىيىلىنىپ، پەقەت تۆتىنچى مىسراسىلا بىرىنچى كۇپلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيىداش بولىدۇ. مۇنداق شەكىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بار. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەلتۈرۈلگەن تۆتلۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇرەببە شەكلىگە ئىگە. بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھەربىر كۇپلېتى بىرلا خىل ئا. ئا. ئا. ئا؛ ب. ب. ب. ب؛ د. د. د. د قاپىيە شەكلىدە

تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ن. بوساقوۋ «ئالغا باس» ناملىق شېئىرىنى مۇنداق شەكىلدە يازغان:

ئانا ۋەتەن زېمىنىنى تازىلاشقا ماڭ،
چىقسۇن بىزدىن جەسۇرانە غەيرەتلىك داڭ.
گۈزەل ۋەتەن ئۈستىنى قاپلىمسۇن چاڭ،
ھەممىزدە كۈچلەنسۇن ئىنقىلابىي ئاڭ!

قوللارغا قورال ئېلىپ ئۇدۇل چىنەپ ئات،
ئالغا بېسىپ قورقماستىن دۈشمەننى يوقات.
دوست بولمايدۇ بىزلەرگە زالىم، قانخور، يات،
دائىم يوللا، ئۇلارغا زەربىدىن سوغات.

(«گۈدۈك» شېئىرلار توپلىمىدىن)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇرەببەنىڭ كۆپلىگەن خىللىرى بارلىققا كەلدى. تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ شېئىر شەكلىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالىرى بىلەن تۆتىنچى مىسراسى قاپىيىداش (ئۈچىنچى مىسراسى ئوچۇق)، ياكى ئىككىنچى مىسراسى بىلەن تۆتىنچى مىسراسى قاپىيىداش كېلىدۇ. مۇنداق شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى يەتتە بوغۇمدىن تاكى 14 — 16 بوغۇمغىچە تۈزۈلسىمۇ بولۋېرىدۇ. مەسىلەن:

سەيلە قىلدىم باغ ئارا،
ئىشتىن يېنىپ ئاخشامدا.
خۇشاللىقىم جاراڭلار،
جۇشقۇنلىغان ناخشامدا.



**مۇساۋىيات تەرەپەين** تۆت تەرەپلىك، تۆت تەرىپى ئوخشاش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇنى يەنە سەدرى، تىكسىر دەپمۇ ئاتايدۇ. سەدرى ئەرەبچە "كىرىشتۈرمەك" دېگەن مەنىنى، تىكسىر "توقۇلغان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ شەكىل شائىرنىڭ زېھنىنى سىنايدىغان، ماھارىتىنى ئىمتىھان قىلىدىغان مۇئەممالىق شېئىر شەكلى بولۇپ، ئەسلىدە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ جايلىشىشى، يۇلتۇزلارنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشلىرىنى ھېساب قىلىشتا، كالىندارلىق ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلىدىغان شەكىل بولغان.

بۇرۇنقى چاغلاردا قەلەمى پىشقان، پىكرى كامالەتكە يەتكەن سۆز ئۇستىلىرى يەنە تىبابەت، ئىلمىي نۇجۇم ۋە باشقا ئىلىملارنىمۇ خەۋەردار ئىدى. ئۇلار "مۇساۋىيات تەرەپەين"نى تەبىئىي پەن ساھەسىدىن بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى شېئىرىيەت بىلەن تەبىئىي پەننى يېقىنلاشتۇرۇش ئورۇنۇشى بولۇپ، شۇ چاغلاردا بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، بارا-بارا ئومۇملىشىشتىن چەتتە قالدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەمۇنىلەرنىڭ ئازلىقى ۋە ھازىرمۇ بۇ شەكىلدىن پايدىلىنىشنىڭ يوق دېيەرلىك ھالىتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، شېئىر پەقەت بىرلا كۇپلېت، بىر كۇپلېتتىكى ھەربىر مىسرادا تۆتتىن تۇراق بولىدۇ. ھەربىر تۇراق مۇقىم مەنىلىك سۆز گۇرۇپپىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ھەربىر مىسرادىكى ھەربىر بۆلەكنى

ئۆگـدىن سولـغا، سولـدىن ئوڭـغا، ئېـگىزدىن پەسـكە، ياكى پەستىن ئېگىزگە ئوقۇغانـدىمۇ، ھەتـتا قايـچا شەكلـگە سىلىپ ئۆتۈشـتۈرۈپ ئوقۇسىمۇ مەنە پۈتۈنلۈكىنى، رىتىمىنى، ئاھاڭىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

مـسالى ئۈچۈن ”فـگۇرا ياكى ئىستىلـستىك فـگۇرا“ ئىزاھىدىن پايدىلىنىڭ.

**مۇسەببە** ھەربىر كۇپلېـتى يەتـتە مـسرادىـن تۈزۈلـگەن شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ قاپىيىلىنىشىمۇ مۇسەددەس ياكى مۇخەمـمەسكە ئوخشايدۇ. لېكىن مۇسەببە تۈركىي شېئىر ئەدەبىياتـمىزدا كەم ئۇچرايدۇ.

**مۇسەددەس** (ئەرەبچە مسدس ــ ئالتىلىك سۆزىدىن) ھەربىر كۇپلېـتى ئالتە مىسرادىـن تەركىب تاپـقان كلاسسـك شېـئىر شەكلى، باشـتا ئالتە مـسرا بىر خىلدا قاپىيىلىنـىدۇ. كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ تۆت مىسراسى باشقىچە قاپـيە بىلەن كەلسىمۇ، كېيىنكى ئىككى مىسراسى باشتـكى كۇپلېتقا قاپىيـداش بولۇپ كېلىدۇ. ناۋايىنىڭ مۇسەددەسلىرى ئەنە شۇنداق قاپىيىلەنگەن. بەزىدە بىرىنچى كۇپلېتـتىن كېيـىن كېلىدىـغان كۇپلېتـلارنىڭ تۆت مىسراسى بىر خىلدا قاپىيىلىنىپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئاخـىرقى بېيتـنىڭ نەقراتـىدىن ئىبارەت بولـىدۇ. مەسـلەن: فۇرقەتـنىڭ «سەيـدىڭ قويابەر سەيياد» ناملىق مەشھۇر مۇسەددىسى شۇ تەرىقىدە قاپىيىلەنگەن.

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ خـىل شېئـىر شەكلىگە



ۋارىسلىق قىلىنغان. بىلال ئەزىزى «نىمە بولدى» ۋە «ئۆمۈر ــ ئاتقان ئوق» ناملىق مۇسەددەسلەر يازغان.

**مۇسەللەس** (ئەرەبچە ئۈچ سۆزىدىن) بەند (كۇپلېت) لىرى ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر. شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بۇ خىلدىكى شېئىرلار باشقا تۈردىكى شېئىرلارغا قارىغاندا ئاز ئۇچرايدۇ. رۇس ۋە غەرب ئەدەبىـياتىدىـمۇ مۇنداق شېئىـرىي شەكىل بولغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلگەن كۇپلېتلارنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى بىر خىل قاپىيـدە بولىدۇ، كېيىنـكى كۇپلېتـلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى بېيىت شەكلىدە قاپىيىلىنىپ، پەقەت ئۈچىنـچى مـسراسىلا دەسلەپـكى كۇپلېتىغا قاپىيـداش بولـىدۇ. ئۇنىڭ سخېمـسى ئا. ئا. ئا؛ ب. ب. ئا؛ د. د. ئا شەكلىدە بولىدۇ.

**مۇسەممەن** ھەربىر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى. ئۇنىڭ قاپىيىلىنىش تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئا.ئا.ئا.ئا.ئا.ئا.ئا.ئا؛ب.ب.ب.ب.ب.ب.ئا.ئا؛ د.د.د.د.د.د.ئا.ئا.

**مۇستەھزاد** كلاسسـك شېئىرىيىتىمىزدە كۆپ قوللىنىلغان شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى كۆپ ھاللاردا 16 بوغۇمدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇستەھزاد (ئادەتـتىـن تاشقىـرى) دېـگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ كۇپلېـتلىـرى ئۇزۇن-قىسـقا تۆت مـسرادىن تۈزۈلـىدۇ. يەنى بىرىـنچـى،

ئۇچىنچى مىسرالىرى ئۇزۇن، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالىرى قىسقا، جۇملىدىن ئۇزۇن مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا، قىسقا مىسرالىرىمۇ ئۆز ئالدىغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ.

مۇستەھزادتا قىسقا مىسرالار ئۇزۇن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كۈچەيتىپ بېرىدۇ ۋە شېئىر ئاخىرلاشقىچە شۇ خىلدا داۋام قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزۇن مىسرالىرىنى قىسقا مىسرالىرىدىن ئايرىپ قارىغاندا، ئۇ مەسنەۋى ياكى غەزەل شەكلىنى ئېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرالايدۇ.

مۇستەھزاد شەكلىدە يېزىلغان شېئىرغا مىسال:

ئەۋسافى نىگارىمنى دەيىن شەمسۇ قەمەردۇر،
ھەم قامىتى زىبا،
ھەم غۇنچا ئاغىز، تىلى شېرىن، لەئلى شەكەردۇر،
مانەندى زۇلەيخا.
ھەم مۇرچەمىيان، قاشى قارا، قامەتى مەۋزۇن،
ھەم ساچلەرى سۇمبۇل،
بۇ سەرۋى دۇرۇ ئەمما لەبى غۇنچەئى تاردۇر،
ھەم يۈزلەرى رەنا.
ھەم نازۇ كەرەشمە قىلىبان چىقسا ئىشىكتىن
قاشلەرىنى قاقىپ،
ۋالە بولادۇر ھەرنە ئانى كۆرسە بەشەردۇر، چۇن
مەپتۇنۇ شەيدا.



قەھرى غەمىدىن بولسە تۈمەن زىندە بولۇر مۇرغ،
مەشۇقى زامانىنىڭ،
ھەجرى غەمىدىن مەردۇ ئايال دىدەسى تاردۇر،
بەلكى ھەمە ئەشيا.
مەجنۇن بولادۇر لەيلى ۋەشى يۈزىنى كۆرگەچ،
ھەركىمسە تۇساتتىن،
خاھ ياشۇ قېرى، خاھ ئايال، بەلدە كەمەردۇر،
خاھ ئاسى گۇمراھ.
بۇ نەۋ پەرۋەشكە ئەسىر بولدى بىلىڭلار، ئەييامى
ئەزەلدە،
بۇ خەستە بىلال گەرچە ئۆزى بەندە بەتەردۇر، غەم
بابىدا تەنھا.

(بىلال نازىمى)

**مۇشائىرە** (ئەرەبچە شېئىر ئېيتىشىش سۆزىدىن) شائىرلار مۇسابىقىسى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا شېئىر ئېيتىششى ياكى يېزىششى. مۇشائىرە ئارقىلىق شائىرلارنىڭ ھازىر جاۋابلىق ماھارىتى سىنىلىدۇ. بۇ شەكىلمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتىمىزغا كىرگەن. كۆپتىن بېرى ”ئاخۇن“ بىلەن ”ئىشان“ ھەققىدىكى ئۆزئارا ئېيتىشىش ئاما ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، كۆرۈپ باقايلى:

ئاخۇن:

نەفسى ئەگەر سۇرەتكە كەلسە
سۇرىتى ئىشان كېلۇر.
قوللىرى ئارا مىسالى
چىشلەرى تىشاڭ كېلۇر.

ئىشان:

نەفسى ئەگەر سۇرەتكە كەلسە
سۇرىتى ئاخۇن كېلۇر.
گەر "ئېلىپ"نى① تارتىۋەتسەڭ
ئارقىسىدىن خۇن كېلۇر.

بۇ شېئىرلاردا كونا جەمئىيەتتىكى ئاخۇن، موللا ۋە سۇپى-ئىشانلارنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئاچكۆزلۈكى كونكرېت ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن.

**مۇغەننى** سازەندە، نەغمە چېلىپ قوشاق ئېيتقۇچى سەنئەتكار.

**مۇقام** 1. سەنئەتچىلەرنىڭ كۈيى، ئۇسسۇلى، رىتىمگە ماس قول، مۇسكۇل، بەدەن، ئاياغ ۋە باش (يۈز) ھەرىكىتى...2. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىكى 12 سىكىل، يەنى راك، چەببيات، مۇشاۋرەك،

① "ئېلىپ" كونا ئىملادىكى "ا"نى بىلدۈرىدۇ. "ئاخۇن" سۆزىنىڭ ئاشۇ "ئېلىپ" بىلەن يېزىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشۇ ھەرپنى ئېلىۋەتكەندە "خۇن"سۆزى كېلىشتىن پايدىلىنىپ سۆز ئويۇنى قىلىنغان.



چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۇزال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، ناۋا، سىگاھ، ئىراقلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسى ژانىرى.

**مۇقەددىمە** ئىلمىي، ئەدەبىي، مۇزىكا ۋە شۇ قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ كىرىش قىسمى.

**مۇقەددىمە ۋە خاتىمە** مۇقەددىمە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى چۈشەندۈرۈش دىباچىسى. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى.

خاتىمە ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن خاراكتېرلىك قىسمى، تۈگەنچىسى.

كلاسسىكلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى مەخسۇس ئۇ ئۆزى يېزىپ ئۆتكەن مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلەردىنلا تۈزۈلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر "مۇقەددىمە ۋە خاتىمە توپلىمى" دېيىلىدۇ.

**مۇناجات** (ئەرەبچە يېلىنىش، يالۋۇرۇش سۆزىدىن)

قەدىمكى زامانلاردا قوللىنىلغان شېئىرى ژانىر. بۇنىڭدا "گۇناھكار بەندە"نىڭ نىجاتلىق تېپىش ئۈمىدى بىلەن قىلغان لىرىك مۇراجىئىتى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن. پادىشاھلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە شائىرلار ئۆز قەسىدىلىرىنىڭ بېشىدا خۇداغا سېغىنىش "ھەمدۇسانا"لىرىنى ئىپادىلەش بىر ئادەتكە ئايلانغان. ئۆز زامانىسىدە ناۋايى قاتارلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلارمۇ «خەمسە»گە ئوخشاش داستانلىرىدا يۇقىرىقىدەك شەكىلدە يېزىشتىن خالى بولالمىغان.

**مۇندەرىجە** كىتاب ياكى قول يازمىنىڭ بېشىدا ياكى

ئاخىردا ئۇنىڭ پەسىل ۋە بۆلۈملىرىنى، ئادەتتە بەتلىرى بىلەن كۆرسەتكۈچى رويخەت. كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى.

**مۇھاكىمە** (ئەرەبچە) پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇلاھىزە قىلىش؛ بىرەر خۇلاسىگە كېلىش يۈزىسىدىن كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىش. مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش.

**مۇھەررىر** 1.نەشرىيات ۋە گېزىت-ژۇرنال رىداكسىيىلىرىدە ماقالە، تېكىستلارنى ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە تېخنىك جەھەتلەردىن تەھرىرلەپ باسمىغا تەييارلىغۇچى خادىم. 2.مەتبۇئات ئورگانلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى شەخس.

**مۇۋەششەھ** (ئەرەبچە زىننەتلەنگەن، بېزەنگەن سۆزىدىن)

ھەربىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسرالىدىكى بىرىنچى ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن شائىر قەلەمگە ئالغان شەخس نامى ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنلار كېلىپ چىقىدىغان لىرىك شېئىر. مەسىلەن: ل. مۇتەللىپنىڭ «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» ناملىق شېئىرىدىن "ياشاش ئۈچۈن كۈرەش" دېگەن خىتاب چىقىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

چىرايلىق بىر قىز كۆردۈم،
بەختىيارلەر باغىدا.
ئەترە گۈللەر ساچىدۇ،
ھەربىر كۈلگەن چاغىدا.
رەنا قىز شۇنچە گۈزەل،
بىر كۆرگەن ئاڭا شەيدا.



ئاي يۈزىدىن نۇر تامار،
قارا كۆزلىرى شەھلا.
سورىدىم: ئىتىڭ نەدۇر؟
دېدى: ھەربىر بېيىتتەدۇر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مۇۋەششەھتىن "چەراس" دېگەن ئىسىم كېلىپ چىقىدۇ. نام بەزىدە ھەممىلا مىسرالارنىڭ باش ھەرپلىرىدىنمۇ ھاسىل بولىدۇ.

خىلمۇخىل ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللەر (غەزەل، رۇبائىي...) گە ئوخشاش مۇۋەششەھمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارىدا يېڭىچە مەزمۇن بىلەن مەيدانغا كەلمەكتە.

**مېتافورا** (گرېكچە metaphora — ئىستىئارە سۆزىدىن) بەدىئىي ئەدەبىياتتا سۆزلەر ئەسلى مەنىلىرىدىن سىرت كۆچمە مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىز بىرەر ئادەم ھەققىدە "ئاق كۆڭۈل ئادەم" دېسەك، بۇ"ئاق كۆڭۈل" سۆز بىرىكمىسىدىكى "ئاق"سۆزى ئادەم كۆڭلىنىڭ رەڭگىنى ئەمەس، بەلكى خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇ ئادەمنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق كۆچمە مەنىدىكى سۆز "مەجاز"(خەلقئارا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا "تراپ")دەپ ئاتىلىدۇ. ئاق كۆڭۈل دېگەن سۆز بىرىكمىسى مەجازنىڭ بىر تۈرى بولغان "مېتافورا"دۇر. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بۇ سۆز "ئىستىئارە" دېيىلىپ كەلگەن. مېتافورا ئۇقۇمىدا ئوخشىغان نەرسە چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ-دە، ئوخشىتىلغان نەرسە ۋە ئوخشىغان نەرسىنىڭ سۈپىتىلا ساقلىنىدۇ. "ئاق

كۆكۆل"مېتافورىسىدىكى "ئاق" ناھايىتى كۆپ ئاق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما ئۇلار تىلغا ئېلىنماي، ئۇلارغا خاس ساپلىق ساقلانغان ھەمدە كۆكۈلگە نىسبەتلەشتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبلىك، "مېتافورا"نى قىسقارتىلغان، ئىخچام ئوخشىتىش دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

مەجازى مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز، سۈپەتلىگۈچى ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، بۇ "مېتافورىك سۈپەتلەش" دېيىلىدۇ، شۇم خەۋەر، قارا نىيەت مېتافورىلىرىدىكى "شۇم"، "قارا" سۆزلىرى مېتافورىك سۈپەتلەشتۇر.

**مېتونىمىيە** (گرېكچە metonymia — مەجاز سۆزىدىن) بىرنەرسىنى ئۆز نامىدىن باشقا نام بىلەن ئىپادىلەش مېتونىمىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مېتونىمىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش تىلغا ئېلىنمىغان نام بىلەن **تىلغا** ئېلىنغان نام ئارىسىدا مەنىۋى ماسلىق ۋە ئۇيغۇنلۇق **بولۇشنى** تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن كىتابخانىنىڭ **كۆز ئالدىدا** ئوبرازلىق مەنزىرە ۋە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ:

ئەنە ئالدىمدا كۆكلۈمدەكلا كەڭ،
يېيىلىپ ياتار ئالتۇن يەر — ئېتىز.
يۇمشاق يەلپۈنگەن شۇ ئېتىز خۇددى،
يۇمشاق دولقۇنلانغان پايانسىز دېڭىز.
شۇ دېڭىزدا، كۆز يېتىم يەردە،
پەيدا بولۇپ قالدى ئەنە بىر يەلكەن.



پايانسىز دېڭىزدا گويا بىر لاچىن،
ئۈزۈپ يۈرەتتى دولقۇنلار بىلەن.

(ئابلىز نازىرى)

شائىر ئاشلىق دالىسىنى ئالتۇنغا، كېيىن دېڭىزغا ئوخشىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىتابخاندا ئېتىز توغرىسىدا گۈزەل ئېستېتىك زوق ھاسىل قىلىدۇ.

**مىستىتسىزم** سىرلىقچىلىق. سىرلىق، تېررورلۇق. سىرلىق دىنىي مەزھەپ. "مىستىتسىك ئەدەبىيات"قا قاراڭ.

**مىستېرىيە** (گرېكچە mysterion — يوشۇرۇن دىنىي مۇراسىم سۆزىدىن) دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېركوۋلاردا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە لاتىن تىلىدا ئوينالغان ئوتتۇرا ئەسىر دراممىسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى بىرەر دىنىي ئەپسانىنى سەھنىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**مىسرا** شېئىرنىڭ ھەربىر سەتىرى، قۇرى، شېئىردا مەلۇم مەنىنى ئىپادىلىگەن بىر قۇر. مەسىلەن:

ئەلنى ئويغاتماق تىلەك تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

ئەدەبىيات تارىخىمىزدا "قوشما مىسرا"، "شاھ سەترە" دېگەن تەرىپلەر ئۇچرايدۇ. "ئېمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق، نىزامى پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق" دېگەن مىسرالار ئەينى زاماندا ناۋايىنىڭ «پەرھاد-شېرىن» داستانىنى قانداق

يازغانـلىقىدىـكى ئالاھىـدە ماھارىـتىنى چۈشەنـدۈرىدىغان شاھ
مىسـرالاردۇر.

**مىللىي شەكىل** شەكىل جەھەتتىن شۇ مىللەتنىڭ تىل يېزى-
قى، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆر-
سىتىدۇ. مەلۇمـكى، ھەرقايـسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى
ئۆز خەلقىنىڭ ئىجتىمائىـي تۇرمۇشنى ئىپادىلەيـدىـغان ئۇزۇن
يىلـلىق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي
شەكـلدىن ئىبارەت، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيـتىنىڭ
مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك، "تىل —
ئەدەبىياتنىڭ بىرىـنچى ئامىـلى (ئېلېمېنتى)، ئۇنىڭ ئاساسـي
ماتېرىيالى. شۇڭا ھەربىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز ئانا تىـلى
بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ"①. تىل-مىللەتنىڭ خاراكتېرلىك بەلگى-
لىرىـدىن بىرى بولغاچقا، مىللىيلـىك ئەڭ ئالدى بىلەن تىلـدا
ئايرىـلىپ تۇرىـدۇ. تىل-ئاساسـي ئامىـل، ئۇ ئەدەبىـياتـقا
كونكرېت، روشەن مىللىي تۈس بېرىدۇ.

مىللىيلاشتۇرۇش دېگەن سۆز ئەدەبىيات-سەنئـەت ئىجادى-
يىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكلى ۋە بەدىئىي
ئىپادىـلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەت-

① «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك.
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىـياتىـنىڭ 1984يـىل نەشـرى، 405 –
بەت.



تۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنـئەت ئەسەرلىـرىـنى ئالاھىدە مىللىي
پۇراق ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. مىللىيلاشتۇ-
رۇش مىللىي ئەدەبىيات-سەنـئەتنى تەرەققىي قىلـدۇرۇشنىڭ
مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بىرەر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەن-
ئىتـىنىڭ يېتىلىشى ياكى يېتىلمەسلـىكى شۇ مىلـلەتـنىڭ ئەدە-
بىيات-سەنئىتىنىڭ مىللىيلىشىش ياكى مىللىيلاشماسلىقىغا باغلىق.
پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى مىللىيلاشتۇ-
رۇشتا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۆز مىللتى ئىچىدىـكى
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش، ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئارزۇ-
ھەۋەس ھەم قىـزىـقىشلـىرى بىلەن پىششىـق تونۇشۇشى، ئۆز
مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنـئىتىـدىكى مۇنەۋۋەر ئەنـئـەنىلەرگە
ھەرقايسى جەھەتلەردىن (ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىـش،
تەسۋىرلەش ئۇسۇلى، ئەسەر ئۇسلۇبى ۋە باشقىـلار) تەنـقىدىي
ۋارىسلىق قىلىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنـئىتىـدىـكى
مىراسلار ئىچىدىكى ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا
قوللىنىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان
مىللىيلاشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

(بۇ ئىزاھلار قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى مەمتـىلى قادىر
تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيـىسـىدىكى ئاتالغـۇلارغا ئىزاھ»تىن
ئېلىندى.)

**مىللىيلاشتۇرۇش** بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستە-
قىل بەدىئىي شەكلى ۋە بەدىئىي ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ رېئال

تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەسەرلەرنى مىللىي روھ ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مىللىيلاشتۇرۇش بىر مىللەتنىڭ، بىر سىنىپنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى. پرولېتارىيات ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مىللىيلاشتۇرۇشتا يېتىشىشتە يازغۇچىلار چوقۇم ئۆز مىللىتىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، غايىسىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلىشى، ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىشى ھەمدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھەرىكەتچان ماسلاشتۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ.

**مىنىئاتيۇرا** (لاتىنچە minium — بوياق سۆزىدىن) قەدىمكى قول يازمىلار ۋە تاش باسما كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىنى بېزىگەن رەڭدار لەۋھە، سۈرەت ۋە باشقا تەسۋىرى نەقىشلەر.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىنىئاتيۇرا سەنئىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ناۋايى، جامى قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئەينى دەۋردە كۆچۈرۈلگەن ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن مىنىئاتيۇرىلار بىلەن زىننەتلەنگەن.

قەدىمكى مىنىئاتيۇرا سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا ۋە يېڭى سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشمەكتە.



ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رەسساملىرى ۋە خەتتاتلىرى ئىشلىگەن نەمۇنىلىك رەسىم ھەم مۇقاۋا نەقىشلىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يېڭى نەشرىگە ئىشلەنگەن رەسىم ۋە نەقىشلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مىنىئاتيۇرا دېگەن سۆز يەنە ئوچېرك، ھېكايە، كىچىك دراممىلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بىرلا پەردىلىك كىچىك تىياتىرمۇ "مىنىئاتيۇرا" دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر يازغۇچىسى ت. سامساقنىڭ «ئۆي ئىشىمۇ ئىش» دېگەن ئەسىرىنى مىنىئاتيۇرا دېيىشكە بولىدۇ.

**مىف** (گرېكچە mythos — ئەپسانە، رىۋايەت سۆزىدىن) قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ كائىنات ۋە ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، خۇدالار ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەقىدە ھەم خىياللىرىنى بايان قىلىدىغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر. "مىف" ئەرەبچە "ئەساتىر" دەپ ئاتالغان.

**مىفولوگىك ئوبرازلار** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە مىفولوگىيە نېگىزىدە يارىتىلغان ئوبرازلاردۇر. بۇنى بىز گومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» ئېپوسلىرىدا، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە، ناۋايىنىڭ «پەرھاد-شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىدا ۋە «چاستانى ئىلىكبەگ»دە ئاشۇنداق ئوبرازلار بار. شۇنداقلا چۆچەك، ئەپسانىلەردىكى خۇدا، دىۋە، پەرى ھەم ئالۋاستىلارمۇ مىفولوگىك ئوبرازلاردۇر. ئۇلار ۋەقەلىكنىڭ فانتاستىك تەسۋىرى ۋە خەلق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. مىفولوگىك ئوبرازلار "كىشىلىكنىڭ باللىق دەۋ-

رىنى"(كارل ماركس) ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرمۇ قىزىقارلىقتۇر.

**ناتۇرا** (رۇسچە)رەسىمگە ئېلىش ياكى كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن ئوبيېكت بولغان تەبىئىي مەنزىرە، نەرسە، ئادەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

**ناتۇرالىزم** (لاتىنچە، تەبىئىي سۆزىدىن) ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىجادىيەت مېتودلىرىدىن بىرى. ئۇ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيىدە مەشھۇر يازغۇچى ئېمىل زولا باشچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم.

ئېمىل زولا ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلىرىدە يازغۇچى تەسۋىرلىگەن ۋەقەلىككە تەنقىدىي قاراشنى ئىنكار قىلغان. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى خاھىشنى (تۇرمۇش چىنلىقىنى) ئىنكار قىلغان. لېكىن ئېمىل زولا ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ يۇقۇرىقىدەك كۆز قاراشلىرىغا قارشى ئىش قىلىپ، ناتۇرالىزم؛ نەزەرىيىسىگە خىلاپ ھالدىكى تۇرمۇشنى يېزىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ خىلمۇخىل جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان رومان يازغان.

ناتۇرالىزم ئەدەبىيات تارىخىدا دەسلەپ ئاز-تولا ئىلغار رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنى رېئالىزمنىڭ باشلانمىسى دېيىش توغرا ئەمەس، ناتۇرالىزم — ساختا رېئالىزمدۇر. ناتۇرالىزم ھاياتنى سۈرەت تارتقاندەك، نېمە بولسا شۇنى پاكىت تەرىقىسىدە ئىپادە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەتراپلىق ۋە چوڭ-



قۇر ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. تەپسىلاتلار دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دېمەك، ناتۇرالىزم — تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش پرىنسىپىغا قارشى تۇرىدۇ. تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدۇ.

**نەزم، نەزمە** 1. تۈزۈم، تەرتىپ؛ 2. تەرتىپكە كەلتۈرۈش؛ تېرىش، تىزىش. (دۇر ۋە مەرۋايىت قاتارلىق نەرسىلەرنى يىپقا تىزىش)؛ 3.ۋەزىن ياكى قاپىيىگە سېلىنغان سۆز، تىزما شېئىر؛ مەسىلەن: نەزم قىلماق، تىزما شېئىر ھالىغا كەلتۈرمەك.

**نەزمىي ئەسەرلەر** شېئىرىي ئەسەرلەر. ھەر خىل ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرىيەت. پوئېزىيە.

**نەزىرە** ئۆتكەن، ياكى زاماندash شائىرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان ياكى جاۋاب تەرىقىسىدە ئىجاد قىلىنغان يېڭى شېئىر. نەزىرە — شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە. بۇ شەكىلدە تىل سەنئەتكارىنىڭ ئىجادىيەت ئىستېداتى روشەن بولىدۇ، ناۋايىنىڭ «خەمسە»سى مۇشۇنداق ئىجادىيەتنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسى ئىدى.

«نەزىرە»گە يېڭى زامان خەنزۇ شېئىرىيىتىدىن بىر مىسال كەلتۈرەيلى؛

ئۆتتى تاك ۋەسلىنى كۆرمەي بۇ ئىلىم تۈن ئىلكىدە،
جىن ۋە شەيتانلار ئەسىرلەپ ئۆتتى ئىشرەت بەزمىدە.

باش قوشۇپ بەش يى خەلق جەم بولمغان بىر مەركىدە.

(ماۋ زېدۇڭ)

جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ۋە شائىرى لىۇ يازى ئەپەندىگە قىلىنغان بۇ نەزىرە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ قەلىمى ئاستىدا يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولغان.

نەزىرە تەقلىدچىلىك ئەمەس. تەقلىدچىلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرى جەريانىدىكى سەلبىي ھادىسىدۇر. تەقلىدچىلىك فېئودال سارايى ئەدەبىياتى چۈشكۈنلەشكەن دەۋردە ئەۋج ئالغان دورامچىلىق ھادىسىسى ئىدى.

**نەسر** پروزا دېگەن مەنىدە. مۇشۇ كىتابنىڭ "پ" قىسمىغا قاراڭ.

**لىرىك نەسر** لىرىك ھېسسىيات ئىپادە قىلىنغان نەسرلەر لىرىك نەسردەپ ئاتىلىدۇ. لىرىك نەسرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى لىرىكا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالغان ئىدىيۋى تەسىراتىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: م. گوركىنىڭ «بورانقۇش قوشىقى»، تاۋ جۇنىڭ «قارىغاينىڭ خىسلىتى»، ماۋدۇننىڭ «سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە» قاتارلىقلار لىرىك نەسرنىڭ نەمۇنىلىرىدۇر.

**ئېپىك نەسر** بايانىي، ۋەقەلىك نەسر. ئېپىك نەسردە ئاپتور تۇرمۇشتىكى بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى قويۇق لىرىكا ھەم ۋەقە ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. بۇ



خىل نەسرنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلى كۆپىنچە بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن بولىدۇ. بەزىدە "مەن" ئوتتۇرىغا چىقماستىن، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئېپىك نەسرنىڭ ۋەقەسى ھېكايىدەك مۇكەممەللىك تەلەپ قىلمايدۇ. پېرسوناژنىڭ تىپىك بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. لېكىن مۇئەييەن پېرسوناژ ئوبرازى، بەلگىلىك ئىدىيە بولۇش كېرەك.

**نەشر** (ئەرەبچە) باسما ئەسەرچاپ ئېتىش، چىقىرىش. كىتاب نەشر قىلىش؛ باسما ئەسەر. مەسىلەن: مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان.

**نەشرىيات** (ئەرەبچە) باسما ئەسەرلەر تەييارلاش ۋە نەشر قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇئەسسە، تەشكىلات، ئىدارە. مەسىلەن: "شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى"، "مائارىپ نەشرىياتى" دېگەندەك.

**نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى** ئالفرېد بېرنىخارد نوبېل شۋېتسىيىلىك ئاتاقلىق ئىختىراچى ۋە خىمىك بولۇپ، 1833 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ستوكھولمدا تۇغۇلغان، 1896 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئىتالىيىدە ۋاپات بولغان. ئۇ 1895 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ 31 مىليون 220 مىڭ شۋېتسىيە كرانىلىق مۈلكىنى فوند قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر يىللىق ئۆسۈمىنى "بىر يىلدىن بۇيان ئىنسانىيەتكە ئەڭ زور تۆھپە قوشقانلار"غا مۇكاپات قىلىپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى شۇ يىلى

"نوبېل فوند جەمئىيىتى" قۇرۇپ، ئۇنى، فوندنىڭ يىللىق ئۆسۈمىنى بەش ئۇلۇش ئايرىپ، 1. فىزىكىدا ئەڭ مۇھىم كەشپىيات ياراتقان ياكى ئىختىرا قىلغان كىشىگە، 2. خىمىيىدە ئەڭ مۇھىم كەشپىيات ياراتقان، ئىختىرا قىلغان كىشىگە، 3. فىزىئولوگىيە ياكى مېدىتسىنادا ئەڭ مۇھىم كەشپىيات ياراتقان كىشىگە، 4. ئەدەبىياتتا غايە خاھىشلىق ئەڭ نادىر ئەسەر ئىجاد قىلغان كىشىگە، 5. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق، يېقىنلىق ئۈچۈن دائىمىيلىق ھەربىي چەكلەش ياكى قىسقارتىش ئېلىپ بارغان ھەمدە تىنچلىق يىغىنلىرى ئۈچۈن تەشكىللەش ۋە تەرغىبات ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ياكى ئەڭ زور تۆھپە كۆرسەتكەن كىشىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىشكە مەسئۇل قىلغان. شۇندىن بۇيان فىزىكا ۋە خىمىيە مۇكاپاتىنى شۋېتسىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيىسى، فىزىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنا مۇكاپاتىنى كارولىن تاشقى كېسەللىكلەر مېدىتسىنا تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى، تىنچلىق مۇكاپاتىنى نورۋېگىيە پارلامېنتى سايلاپ بەرگەن بەش كىشىلىك ھەيئەت تارقىتىپ كەلمەكتە.

1969-يىلى شۋېتسىيە دۆلەت بانكىسى نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ ھەر يىلى بىر قېتىم تارقىتىۋاتىدۇ.

ھەر يىلى نوبېل ۋاپات بولغان 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى خاتىرە كۈنىدە مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇكاپاتلانغۇچىلار بىر پارچە تەقدىر قەغىزى گۇۋاھنامىسى،



نوبېلنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھەم يېزىق ئويۇلغان ئالتۇن مېدال بىلەن مەلۇم ساندىكى پۇل ئالىدۇ. بۇ پۇل يىللىق ئۆسۈمنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن سانى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. 1980-يىلى تارقاتقىنى 880 مىڭ شۋېتسىيە كرانى (جۇڭگونىڭ خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 235 مىڭ يۈەن) بولغان.

مۇكاپات ئالغۇچىلار ئالتەئاي ئىچىدە ستوكھولمغا (تىنچلىق مۇكاپاتى ئالغۇچى ئوسلوغا) بېرىپ ئۆزى مۇكاپات ئالغان تۈر بويىچە بىر قېتىم ئۇچۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

ۋەسىيەتكە ئاساسەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى "يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان" "ئەدەبىياتتا غايە خاھىشلىق ئەڭ نادىر ئەسەر ئىجاد قىلغۇچى"غا بېرىلىشى كېرەك. 1900-يىلى پادىشاھ تەستىقلىغان ئاساسىي نىزامنامىدە يۇقىرىقى سۆز "يېقىنقى يىلاردىن بۇيان"، ياكى "يېقىنقى يىللاردا ئاندىن ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىۋاتقان ئەسەرلەر"گە دەپ ئۆزگەرتىلدى. "ئەدەبىي ئەسەر" دېگەن ئۇقۇممۇ "ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر"گە كېڭەيتىلىپ، تارىخ ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ستوكھولم نوبېل فوند جەمئىيىتى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، لائۇرېيات نامزاتلىرىنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى باھالايدۇ ۋە بېكىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىيىدە مەخسۇس ئورگانلار تەسىس قىلىنغان، نوبېل كۇتۇپخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىي

ئەسەرلىرىنى، قامۇسلىرىنى ۋە گېزىت، ژۇرنال ماقالىلىرىنى يىغىدۇ.

نىزامنامىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئاكادېمىيەلىرىنىڭ ئاكادېمىكلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات پروفېسسورلىرى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېياتلىرى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يازغۇچىلار جەمئىيەتىنىڭ رەئىسلىرىلا نامزات كۆرسىتىشكە ھوقۇقلۇق، ئۆزىنى كۆرسىتىپ سۇنغان ئىلتىماس ئويلىشىلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. نامزات كۆرسەتكۈچىلەر ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى كۆرسىتىش خېتىنى شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىگە يوللايدۇ، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى ياكى سەل كېيىنرەك تاللاش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

مۇكاپات ئادەتتە مەلۇم يازغۇچىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي نەتىجىسى ئۈچۈن بېرىلىدۇ، بەزىدە مەلۇم بىر ئەسىرى ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ.

80 نەچچە يىلدىن بۇيان 1914، 1918، 1935، ۋە 1940 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىلمىغان. 1904، 1917، 1966، 1974 ـ يىللىرى ئىككى ئادەمگە تەڭ بېرىلگەن. 1958 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى پاستېرناك، 1964 ـ يىلى فرانسىيە يازغۇچىسى سارتىرې مۇكاپات ئېلىشنى رەت قىلغان.

تۆۋەندە، مۇكاپات ئالغۇچىلارنىڭ رويخېتى بېرىلدى:



1901 ـ يىلى، فرانسىيىلىك سۇل پرۇدھوم.
1902 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك تارىخشۇناس ت. مومسېن.
1903 ـ يىلى، نورۋېگىيىلىك ب. بىئارنسون.
1904 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ف. مىسترال ۋە ئىسپانىيىلىك ج. دې **ئېچگاراي ئېزا گوررىي.**
1905 ـ يىلى، پولشىلىق خ. شىنكېۋىچ.
1906 ـ يىلى، ئىتالىيىلىك گ. كاردۇچچى.
1907 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ر. كىپلىڭ.
1908 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ر. ئېۋكېن.
1909 ـ يىلى، شىۋېتسىيىلىك س. لاگېرلوۋ (ئايال).
1910 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك پ. ھەيزې.
1911 ـ يىلى، بېلگىيىلىك م. مەتېرلىنك.
1912 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك گ. ھاۋپتمان.
1913 ـ يىلى، ھىندىستانلىق ر. تاگور.
1914 ـ يىلى، تارقىتىلمىغان.
1915 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ر. روللان.
1916 ـ يىلى، شىۋېتسىيىلىك گ. ۋون ھېيدېنستام.
1917 ـ يىلى، دانىيىلىك ك. جېللېرۇپ ۋە دانىيىلىك ھ. **پونتوپپىدان.**
1918 ـ يىلى، تارقىتىلمىغان.
1919 ـ يىلى، شىۋېتسارىيىلىك ك. سپىتتېلېر.
1920 ـ يىلى، نورۋېگىيىلىك ك. ھامسۇن.

1921 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ئا. فرانسې.
1922 ـ يىلى، ئىسپانىيىلىك بىناۋېنتى. ئى. مارتىنېس.
1923 ـ يىلى، ئېرلاندىيىلىك ۋە. ب. يېئاتېز.
1924 ـ يىلى، پولشىلىق ۋ. رېيمونت.
1925 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ج. ب. شاۋ.
1926 ـ يىلى، ئىتالىيىلىك ج. دېلېددا (ئايال)،
1927 ـ يىلى، فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ھ. بېرگسون.
1928 ـ يىلى، نورۋېگىيىلىك س. ئۇندسېت (ئايال).
1929 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك توماس مان.
1930 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق س. لېۋىس.
1931 ـ يىلى، شۋېتسىيىلىك ئې. ئا. كارلفېلد.
1932 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ج. گالسۋارسى.
1933 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئى. ئا. بۇنىن.
1934 ـ يىلى، ئىتالىيىلىك ل. پىراندېللو.
1935 ـ يىلى، تارقىتىلمىغان.
1936 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق ئې. ئونېل
1937 ـ يىلى، فرانسىيىلىك مارتىن دوگارد.
1938 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق پ. بۇك (ئايال).
1939 ـ يىلى، فىنلاندىيىلىك ف. ئې. سىللانپا.
1940 ـ يىلدىن 1943 ـ يىللىرىغىچە تارقىتىلمىغان.
1944 ـ يىلى، دانىيىلىك ج. ۋ. يېنسېن.
1945 ـ يىلى، چىلىلىق گ. مىسترال (ئايال).



1946 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك ھ. ھېسسې.
1947 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ئا. گىدې.
1948 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ت. س. ئېلىئوت.
1949 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق ۋ. فولكنېر.
1950 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ب. ئا. ۋ. رۇسسېل.
1951 ـ يىلى، شۋېتسىيىلىك پ. ف. لاگېركۋىست.
1952 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ف. ماۋرىئاك.
1953 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك سىياسىئون، تارىخشۇناس ۋ. ل. س چېرچىلل.
1954 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق ئې. ھېمىڭۋاي.
1955 ـ يىلى، ئىسلاندىيىلىك ھ. ك. لاكسنېس.
1956 ـ يىلى، ئىسپانىيىلىك ج. ر. جىمېنېز.
1957 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ئا. كامۇس.
1958 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ب. ل. پاستېرناك (رەت قىلغان)
1959 ـ يىلى، ئىتالىيىلىك س. كۋاسىمودو.
1960 ـ يىلى، فرانسىيىلىك سەنت ـ جون پېرسې.
1961 ـ يىلى، يۇگوسلاۋىيىلىك ئى. ئاندرىچ.
1962 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق س. ستېيىنبېك.
1963 ـ يىلى، گرېتسىيىلىك گ. سېفېرىس.
1964 ـ يىلى، فرانسىيىلىك ج. پ. سارترې (رەت قىلغان).
1965 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق م. ئا. شولوخوۋ.

1966 ـ يىلى، ئىسرائىلىيىلىك س. ي. ئاگنون ۋە گېرمانىيىلىك ن. ساچس (ئايال).

1967 ـ يىلى، گۋاتېمالالىق م. ئا. ئاستۇرىئاس.

1968 ـ يىلى، ياپونىيىلىك چۋەن دۋەن كاڭچىڭ.

1969 ـ يىلى، ئىرلاندىيىلىك س. بېكېت.

1970 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئا. ئى. سولژېنىتسىن.

1971 ـ يىلى، چىلىلىق پابلو نېرودا.

1972 ـ يىلى، گېرمانىيىلىك ھ. بول.

1973 ـ يىلى، ئاۋستىرالىيىلىك پ. ۋ. م. ۋىت.

1974 ـ يىلى، شۋېتسىيىلىك ئې، جونسون بىلەن ھ. مارتىنسون.

1975 ـ يىلى، ئىتالىيىلىك ئې مونتالې.

1976 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق س. بېلۋو.

1977 ـ يىلى، ئىسپانىيىلىك ۋ. ئالېكساندرې مېرلو.

1978 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق ئى. ب. سىنگېر.

1979 ـ يىلى، گرېتسىيىلىك ئو. ئېلىتىس.

1980 ـ يىلى، پولشىلىق ك. مىۋوش.

1981 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىك ئې. كانېتتى.

**نوۋاتورلۇق** (لاتىنچە novator ـــ يېڭىلىغۇچى سۆزىدىن) ئىلغار سەنئەتكارلار تەرىپىدىن خەلقنىڭ كونىدىن كونىگە ئېشىپ بېرىۋاتقان يېڭى تەلەپلىرىگە جاۋابەن بەدىئىي ئەدەبىياتقا، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھەم شەكلىگە ئېلىپ كىرىلگەن



يېڭى، غايىۋى، بەدىئىي پەزىلەتلەر.

ھەقىقىي نوۋاتورلۇق ئىلغار ئەدەبىي ئەنئەنىلەرنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا تايىنىدۇ ۋە ئىجادىي پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: بۈيۈك يازغۇچىلار ئىجادىي بۇنى روشەن كۆرسىتىدۇ، نىزامى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ناۋايى نوۋاتور ئۇستاز شائىر سۈپىتىدە يېڭى «خەمسە» ئىجاد قىلغانىدى.

ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىي غەلىبىسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن سوتسىيالىستىك رېئالىزىملىق سوۋېت ئەدەبىياتى نوۋاتورلۇقنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسىنى كۆرسەتتى. ماكسىم گوركى نامى بىلەن چىڭ باغلانغان سوتسىيالىستىك رېئالىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئېلىمىزنىڭ يېڭى زامان ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى، لۇشۈن بىلەن گو مورو قاتارلىق ئىلغار يازغۇچىلار جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نوۋاتورلۇق جەھەتتە نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيەت ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ۋە ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئەسەرلىرىدە نوۋاتورلۇقنىڭ نەمۇنىلىرىنى ياراتقان ئىدى.

**نوۋېللا** (ئىتالىيانچە novella ـــ ھېكايە سۆزىدىن) بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىخچام نەسرى ژانىر، يەنى قىسقا، كىچىك ھېكايە. فولكلورشۇناسلار بەزى قىسقا، ھېكمەتلىك رېئالىستىك چۆچەكلەرنىمۇ "نوۋېللا" ياكى نوۋېللىستىك چۆچەكلەر دەپ ئاتايدۇ.

**نېئولوگىزم** (يېڭى سۆزلەر) (گرېكچە neos—يېڭى، logos—سۆز سۆزلەردىن) جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىپادە قىلغۇچى يېڭى سۆزلەر، مۇنداق سۆزلەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە دائىم ئۇچرايدۇ، يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ يېڭى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەش، يېڭى سۆز، ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرى بۇ ساھەگە سەل قارىمىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىم شېھىت ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاپتوموبىل، ئىنژېنېر، پاراخوت، ئاپتونومىيە، ئايروپىلان ...دېگەندەك سۆزلەرنى قوللىنىپ يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش ۋە تەرەققىياتنى تونۇش جەھەتتىكى رولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

نېئولوگىزم تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسىلەن: كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، تۆمۈريول، بەشيىللىق پىلان، ئىسلاھات، ئاپتونومىيە ۋەھاكازا.

**نىگىلىزم** (ئىنكارچىلىق) (لاتىنچە nihil — ھېچنىمە سۆزىدىن) ھايات ۋە ئەدەبىياتتىكى ئورتاق قائىدە، تەرتىپ، ئەنئەنە ۋە قاراشلارنى ئىنكار قىلىش؛ ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ھەر خىل نىگىلىزم ياكى ئىنكارچىلىق ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. جۈملىدىن 1966-يىلىدىن 76-يىلىغىچە بولغان



مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان ھەرىكەت جەريانىدا "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىكى بارلىق ئېسىل مىللىي مىراسلارنى يوققا چىقاردى. يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلارنى فاشىستلارچە نابۇت قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ھالدىكى "سول"چىللىق شاملى، ئىنكارچىلىق بورىنى ئەۋج ئېلىپ 12 مۇقام ۋە خەلق ئېپوسلىرى ئىنكار قىلىندى. شائىر، يازغۇچىلار ھاقارەت قىلىندى، ھەتتا زىيانكەشلىك بىلەن نابۇت قىلىندى. ئارۇز ۋەزنىنى تامامەن چەتتىن كىرگەن شېئىر شەكلى دەيدىغان نىگىلىستىك ھادىسىلەر بولغانىدى.

1978-يىلى 12-ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە مەركىزى كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يۇقىرىقىدەك نىگىلىستىك ۋە مىللىي ئىنكارچىلىق ئەھۋاللىرىغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە گۈللەپ-ياشناش دەۋرى باشلاندى.

**ھازىرقى زامانچىلار** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئا ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئەڭ ئاۋۋال مەيدانغا كەلگىنى سىمۋولچىلار شېئىرىيىتى بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فرانسىيىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، كېيىنچە ياۋروپا، ئامېرىكىلارغا تارقالغان. ھازىرقى زامانچىلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ھەرقايسى تارماق ئېقىملىرىنىڭ

ھەممىسىدە ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا سىمۋولچىلار ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن: دېبياۋش ۋەكىللىكىدىكى تەسىراتچىلار مۇزىكىسى، كاندىنسكى ۋەكىللىكىدىكى ئابستراكتچىلار رەسىملىرى، پىكاسو ۋەكىللىكىدىكى كۇبىمىستىك (تىك تۆتقىرچىلىق) سەنئىتى قاتارلىقلاردا سىمۋولچىلارنىڭ تەسىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەدەبىيات ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقانغا قەدەر ئۆتكەن نەچچە ئون يىللىق ۋاقىت جەريانىدا، ئالدىن كېيىن بولۇپ ئىپادىچىلىك (ئېكسپېرسسىئونىزم)، كېلەچەكچىلىك (فۇتۇرىزم)، ئاڭ ئېقىمى ھېكايىچىلىقى، بىمەنىچىلەر تىياتىرچىلىقى، "ھالقىپ كەتكەن بىر دەۋر"چىلىك، بارلىقچىلىق (ئېكزىستېنتسىئالىزم)، "قارا يۇمور"چىلىق، يېڭى ھېكايىچىلىق قاتارلىق ئېقىملار مەيدانغا كەلدى.

ھازىرقى زامانچىلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ھەممە نۇقتىلاردىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ياتلىشىش ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت مۇناسىۋىتىدە ئادەمنىڭ توڭلۇقى ۋە رەھىمسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ھەممە ئادەم ئۆزىنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار جەمئىيەت بىلەن ئادەم ئارىسىدا ئۆزئارا ھېسسىي ئالمىشىش بولۇشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئادەم بىلەن ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۇلار، ماددىي دۇنياغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، ماددىي مەدەنىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئادەم



بىلەن "مەن" ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇلار قابىلىيەت بىلەن تۆۋەن ئاڭنى تەكىتلەپ، ماددىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئادەم ئەسلى ماھىيىتىنى يوقىتىپ ياتلاشقان "غەيرىي ئادەم"گە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھازىرقى زامانچىلار بەدىئىيلىك جەھەتتە سۇبيېكتنى ئىپادىلەشنى، بەدىئىي تەپەككۇرنى، شەكىل يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئۇلار ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق تەسۋىرلەشنى بۇزۇپ تاشلاپ، بېشارەت بېرىش ۋە خىيالنى ئاساس قىلىش، سەزگۈ ئەزالىرىنى بىۋاسىتە سۆزلىتىشتەك سىمۋوللۇق ئۇسۇلنى، ھەتتا بىمەنە ئۇسۇللار بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى ئەگرى-توقاي، چىگىش قىلىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھازىرقى زامانچىلار ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرىنى پاش قىلىش تەرىپىگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ يەنە چۈشكۈنچىلىك (دېكادېنتىزم)، ئىنكارچىلىق (نىگىلىزم)، ھۆكۈمەتسىزچىلىك (ئانارخىزم)، سىرلىقچىلىق (مىستىتىزم)لارنى تەرغىپ قىلىش تەرىپىگىمۇ ئىگە. بەدىئىيلىك جەھەتتە ئوبرازغا ئېتىبار بېرىش، يېڭى شەكىل يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش تەرىپى بار، ئەمما يەنە، مەزمۇنغا سەل قاراش، يېڭى، ئاجايىپ-غارايىپلىقنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قوغلىشىدىغان تەرىپىمۇ بار.

**هاشىيە** (ئەرەبچە) كىتاب، دەپتەر ياكى قەغەزنىڭ چېتى، ئەتراپىغا يېزىلغان خەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەدىمكى زامانىدا كىتابلار ھاشىيەسىگە ناھايىتى مۇھىم تەكىتلەش، پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر، ئىزاھلار ھەتتا پۈتۈن ئەسەر يېزىلاتتى. مەسىلەن: فۇزۇلىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى شائىر دىۋانىنىڭ ھاشىيەسىگە يېزىلغان.

**ھەجۋ ـ ھەجۋىيە** ساتىرا بىلەن ئوخشاش.

**"ھەقىقىي سوتسىيالىزم"** 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا گېرمانىيىدە تارقالغان ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى. ئۇنىڭ ئىجادچىسى موزىس ھىس، ئاساسلىق ۋەكىللىرى كارل گىلىپىئىن، كارل بىك، گېرمان كىرگېي قاتارلىقلار. 1844 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىس «ئالغا» گېزىتىدە: «سوئال ۋە جاۋاب: ئەمگەك ۋە خۇشاللىق. سوئال ۋە جاۋاب: پۇلدار قۇللۇق جەمئىيىتى توغرىسىدا. مۇلۇك توغرىسىدا ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدا» دېگەن ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئىدىيە ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىپ "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" پىكىر ئېقىمى تېزلىكتە شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇ بايراق ئاستىغا يىغىلغان بەزى ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدىبلىرى بىرمەزگىل چۇقان سېلىشتى. ئۇلار بەزى ژۇرناللارنى نەشر قىلىش، ياكى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ھە دەپ تەشۋىق، تەرغىبات ئېلىپ باردى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ تارقىلىشى، ھەمدە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ



تەرەققىياتىغا يامان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار "سوتسىيالىزم" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇش ۋە بۇزغۇنچىلىق رولى خېلى كۈچلۈك بولدى.

"ھەقىقىي سوتسىيالىزم"چىلار مۇتەئەسسىپ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ، فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمىنى گېگىلنىڭ ئىدېئالىزمى ۋە فېيېرباخنىڭ ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"نىڭ ئۈلگىسى دەۋالدى. "ھەقىقىي سوتسىيالىزم"چىلارنىڭ نەزەرىيىۋى يادروسى ۋە ئىدىيە ئاساسىي ئىنتايىن ئەكسىيەتچى، ساختا ۋە ئابستراكت "ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى"دىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ نەزەرىيىسىنى سىياسىي، ئىجتىمائىيات، ئىقتىساد ساھەلىرىگىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، سەنئەت ۋە ئېستېتىكا (گۈزەللىك) ساھەسىگىمۇ قوللاندى. ئۇلار شېئىر، ھېكايە قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق "مۇكەممەل تەبىئەتلىك ئىنسان"نى تەشۋىرلەشكە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ساخاۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلارغا تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇندى. ئۇلار گىيوتى قاتارلىق ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئاشۇ خىل گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىنسان، بىئولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە ئىنسان، سۇبيېكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە ئىنسان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ناتۇرالىزم، پاسسىپ رومانتىزم ھەمدە ۋەزخانلىقنى بەدىئىي تەسۋىر ئورنىغا

دەسسىتىدىغان ئىللەتلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ يەنە ئۇلارنىڭ گۈزەلچىلىكنىڭ (ئېستېتىكىسىنىڭ) ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. ماركس، ئېنگېلسلار ئەسەر يېزىپ ئۇلارنى سىستېمىلىق تەنقىد قىلدى. ئاران تۆت يىل (1844 ـ 1848) ھايات كەچۈرگەن "ھەقىقىي سوتسىيالىزم" پۈتۈنلەي گۇمران بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

**ھېسسىيات** تۇيغۇ تەسىرى؛ روھىي تەسىرلىنىش؛ سەزگۈ. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلگەندە رېئاللىقتىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە نىسبەتەن تۈرلۈك پوزىتسىيىدە بولىدۇ. پوزىتسىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن كىشىلەر بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا رازىلىق، ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلسا، بەزى شەيئى، ھادىسىلەرگە نىسبەتەن نارازىلىق، ئازاپلىنىش ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ھېسسىياتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ھېسسىياتىنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرى. ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى قانائەتلىنىشى ياكى قانائەتلەنمىگەنلىكىگە ئاساسەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئىچكى چۈشەنچىدىن ئىبارەت.

**ھېسسىياتچىلىق** ئەدەبىياتتا مۇكەممەل كومپوزىتسىيە، ئىنچىكە سۇژېت، روشەن پېرسوناژ ئوبرازى بولۇشقا سەل قاراپ، ئاپتور ھېسسىياتىنى پۈتكۈل ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل خاھىش. بۇ خىل خاھىشتىكىلەر ھېسسىياتچىلىقنى رېئالىزم مېتودى ئورنىدا دەسسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. يەنە ئاتالغۇلارنىڭ



"سېنتىمېنتالىزم (تەسىرلەنمىچىلىك)" ئىزاھىغا قاراڭ.

**ھېكايە** بىر خىل قىسقا، ئىخچام نەسرىي ئەسەر. ھېكايە ئادەتتە قىسقا، سەھىپە جەھەتتىن كىچىك، سۇژېتى بىرقەدەر ئاددىي بولىدۇ، پېرسوناژلىرىمۇ ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى رېئال تۇرمۇشنىڭ تىپىك بىر پارچىسى ياكى بىر تەرىپىلا بولىدۇ.

جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى ماۋدۇن ھېكايىگە تەرىپ بەرگەندە: "تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىرەر مەسىلە ياكى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېپىك ئەسەر — ھېكايە دەپ ئاتىلىدۇ"، دەپ كۆرسەتكەن.

ھېكايىدە يازغۇچىنىڭ ماھارىتى كىشى ھاياتىدىن كىچىككىنە بىر ئېپىزوتنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا ھاياتنىڭ مۇھىم تىپىك تەرەپلىرىنى ئىخچام شەكىلدە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ئىش» خۇددى شۇنداق، زۇنۇن قادىرىنىڭ «مۇئەللىمنىڭ خېتى» دېگەن تېمىدىكى ھېكايىسىمۇ مول مەزمۇن ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

**ئاخبارات ھېكايىلىرى** يېقىندىن بۇيان خەنزۇ ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھېكايىنىڭ بىر خىلى. ئەڭ ئاۋال قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال «ھازىرقى زامان»دا ئېلان قىلىنغان. ئۇ

ھېكايە شەكلى بىلەن كىتابخانىلارغا رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە مەلۇم دەرىجىدىكى بەدىئىي توقۇلما بولۇشقىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ.

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەردىن ليۇ ياجۇننىڭ «دېڭىز ئاستىدىكى لاتقا — لى داۋىي ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە» («ھازىرقى زامان»نىڭ 1984 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)ياڭ جىڭنىڭ «ئۆتكەن ئىشلار» («ئۆكتەبىر»نىڭ 1985 ـ يىل 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىقلار بار.

**ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن غەرب دۇنياسىدىكى بىر تۈرلۈك يېڭى ھېكايىلەر. بۇ خىل ھېكايىلەر ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىقتىكى سۇژېت ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىش تەرتىپىنى، ياكى ۋەقەلىكىنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىش ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان بىر لىنىيىلىك، تۈز سىزىقلىق كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ۋەقەلىكىنى بايان قىلىشنى ۋاقىت تەرتىپى ياكى ئورۇن ـ جاي تەرتىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيىتىگە ئاساسەن ئىختىيارى باغلىنىش پەيدا قىلىپ تەشكىللەيدۇ. ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە چېتىشىشلىقى ۋاقىتنىڭ، بوشلۇقنىڭ، لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەمىشە دېگۈدەك ۋاقىت تەرتىپىدىن ھالقىغان، كۆپ ئۆزگىرىدىغان، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئىككى كۆرۈنۈش ئوتتۇرىسىدا ۋاقىت، ئورۇن جايغا مۇناسىۋەتلىك لوگىكىلىق باغلىنىش بولمىغان ھالدا بايان قىلىنىدۇ. بۇرۇنقى



ئىشلار، ھازىرقى ئىشلار ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلار گىرەلەشتۈرۈلۈپ، تەكرارلىنىپ تەسۋىرلىنىۋېرىدۇ. ئەمما، ئىختىيارى تۇتاشتۇرۇش ئاساسسىز، چېكى يوق بولمايدۇ.

ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنى مەركەز قىلىپ، مەلۇم شەيئىنى قوزغىتىش پىلتىسى قىلىشتىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى ھەممە تەرەپلەرگە ئۈزلۈكسىز تارقىتىدۇ ۋە يەنە يىغىۋالىدۇ. ئەنە شۇنداق تەكرار تارقىتىش ۋە يەنە يىغىۋېلىش ئارقىلىق بىر خىل ستېرېئولۇق كومپوزىتسىيە شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىدە مۇئەييەن قائىدە يوق. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلۇق يازغۇچىلار ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن يېزىپ كەلمەكتە. ھەتتا بىر يازغۇچىنىڭ بىرنەچچە ھېكايىسىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر بار. ھازىر ئېقىپ يۈرگەن ھەر خىل ئىجادىيەت ئېقىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرى ئىچىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان.

ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن فرانسۇز يازغۇچى پروستېنىڭ «ئۆتكەن يىللارنى ئەسلەش»، چياۋئىسنىڭ «يۇرىس» قاتارلىقلىرى بار.

**تەجرىبە ھېكايىلىرى** 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن

20 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرىغا چىققان فرانسىيە ناتۇرالىستىك ئەدەبىياتىدا ئورۇن ئالغان ھېكايە تۈرى. ئۇ ئاتالمىش ئىلمىي تەجرىبە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھېكايە ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ناتۇرالىزمچى يازغۇچى ئېمىل زولا «تەجرىبە ھېكايىچىلىقى» دېگەن ماقالىسىدە: "ئەگەر تەجرىبە ئۇسۇلى كىشىلەرنى ماددىي تۇرمۇشنى بىلىشكە يېتەكلىيەلىگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا تەجرىبە ئۇسۇلى كىشىلەرنى ھېسسىياتنى بىلىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى بىلىشكىمۇ يېتەكلىيەلەيدۇ." دەيدۇ. تەجرىبە ئۇسۇلى دېگەنلىك، يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن توپلىغان ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ئىچىدىكى ھەر خىل مۇھىت ئىچىگە پېرسوناژنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت بەلگىلىگەن پائالىيەت قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش دېمەكتۇر. ناتۇرالىستىك ھېكايىلەر تەجرىبىنىڭ خاتىرىسى بولغانلىقتىن "تەجرىبە ھېكايىسى" دەپ ئاتالغان.

تەجرىبە ھېكايىچىلىرى پېرسوناژ، ۋەقەلىك، مۇھىتلارنى تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۈچلۈك سۇبيېكتىپچىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبە ھېكايىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكىدىن سۆز ئېچىشقا بولمايدۇ.

**توقۇلمىسىز ھېكايىلەر** 60 -، 70 - يىللاردا ئامېرىكىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل يېڭى ئەدەبىي ژانىر. ئۇ "يېڭى ئاخبارات خەۋىرى" دەپمۇ ئاتالغان.

بەزى يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشنىڭ غەلىتىلىكى يازغۇچىلار-



نىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىدىن ھالقىپ كەتتى، توقۇلما ھېكايىلەرنى يازغاندىن كۆرە، ھېكايە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىشلارنى تەسۋىرلىگەن تۈزۈك دەپ قارىغان. بۇ خىل ژانىر ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلىگەندە ئۆزىنىڭ كۆزىتىشلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى ئارىلاشتۇرۇشقا، ھەر خىل سىمۋوللۇق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىي ئاخباراتتىن چوڭقۇر، ئىنچىكە بولۇپ، ئاپتورنىڭ يەنىمۇ كۆپ شەخسىي خاھىشلىرىنى قوشۇۋالغان بولغاچقا بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئۆزگىچەرەك بولىدۇ.

**تېپىشماق ھېكايىلەر** ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان ھېكايىلەرنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئويلاندۇرىدىغان، نەتىجە چىقىرىشقا، جاۋاب تېپىشقا ئۈندەيدىغان تېپىشماقلىق ۋەقەلەرنى پۈتكۈل سۇژېتنىڭ لىنىيىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە لوگىكىلىق قىياس، پەن بىلىملىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

تېپىشماق ھېكايىلەر ئۆسمۈر بالىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئېچىش ۋە ئۆستۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

**چامباشچىلىق ھېكايىلىرى** جۇڭگونىڭ كونچە ھېكايىلىرىنىڭ بىر تۈرى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كەڭ تارقالغان. مەزمۇنى چامباشچىلىق، ئۇرۇش - سوقۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا

ياردەملىشىپ دېلو ئىنقىلايدىغان ۋەقەلەر كۆپرەك يېزىلغان.

بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسىملىرى ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سۇژېتلىرى ئەگرى-توقاي، ئاجايىپ، چىگىش بولۇپ كىشىلەرنى رام قىلىۋالىدۇ. يارىتىلغان ئوبرازلىرىمۇ مۇئەييەن رەڭدارلىققا ئىگە. ئەمما، بۇ ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەس، چۈشكۈن مەزمۇنلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ماختايدىغان، بۇ ئەمەلدارلار ۋە چامباشچىلار پارىخور، زالىم ئەمەلدارلاردىن ياخشى دەيدىغان كۆز قاراشلار بىلەن تولغان. خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇمغا قارشى، ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش ئۈمىدىنى ئاشۇنداق بىر قىسىم چامباشچىلارنىڭ ئۇرۇش-سوقۇش ماھارىتىگە باغلاپ قويغان. ئۇلارنىڭ چامباشچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىتى ئاخىرقى ھېسابتا فېئودال خانلىق تۈزۈمنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ مەدھىيە ئوقۇلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەسەرلەر فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى قوغدايدۇ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**رازۋېتكا ھېكايىلىرى** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ھېكايىلەر. بۇنداق ھېكايىلەردە ئاساسەن جىنايى ئىشلار دېلو-



لىرىنىڭ تۈگۈلۈشى ۋە جەريانى يېزىلىدۇ. ھەمىشە دېگۈدەك ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ رازۋېتكا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رازۋېتچىكلار مەركىزىي پېرسوناژ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ جۈرئەتلىك، پاراسەتلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى رازۋېتكا ئىقتىدارى ئىپادىلىنىدۇ. سۇژېتلىرى ئەگرى-توقاي، غەلىتە، كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ.

لېكىن، بۇ ھېكايىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پەلەپەتىش قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قاتارلىق تەپسىلاتلارنى ھە دەپ تەسۋىرلەپ، مىستىتزىم ۋە ئىدېئالىزمنى تارقىتىدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ كىشىلىك پەلسەپىسى بىلەن ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ. مانا بۇلار بۇ ھېكايىلەردىكى پاسسىپ ئېلېمېنتلاردۇر.

ئەنگلىيىدە مەيدانغا چىققان «ھولمېسنىڭ دېلو رازۋېت قىلىشى» رازۋېتكا ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق ئەسەر.

**سۆكمە ھېكايىلەر** خەنزۇ كلاسسىك پروزىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بىر تۈرى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇچىلىقى، سىياسىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە پارىخورلۇقى ھەممىدە ئەجنەبىلەرگە قۇلچىلىق قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ جاھالەت ئىلكىدىن ئويغىنىپ چىقالماسلىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەيدانغا كېلىپ راۋاجلانغان. بەزى

يازغۇچىلار ئاشۇنداق تېمىلاردا ناھايىتى كۆپ ھېكايىلەر يېزىپ جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەبىقىلىرىنى دېگۈدەك پاش قىلغان، سۆككەن. لۇشۈن «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇمات» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئەسەرلەرگە يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە ئۇلارنى "سۆكمە ھېكايىلەر" دەپ ئاتىغان.

بۇ ھېكايىلەر رېئاللىقنى كەڭ كۆلەمدە پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان، بۇرژۇئا رېفورمىزمنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، تەنقىدى ئۇزۇل-كېسىل بولمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھېكايىلەردە فېئوداللىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىرىغا خام خىيال بىلەن ئۈمىد باغلاش خاھىشلىرى ئېغىر بولغان. بەدىئىيلىك جەھەتتە، كۆپرەك ھەجۋ، مۇبالىغە، كۆپتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەمما، يىغىنچاقلاش، تىپىكلەشتۈرۈش جەھەتلەردە يېتەرلىك بولمىغان.

**فوتو ھېكايىلىرى** ئارتىست رول ئالىدىغان، ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىغا ئاساسەن سۈرەت تارتىلىپ كومپوزىتسىيىسى تەشكىللىنىدىغان، ئاندىن يېزىق ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش بېرىلىدىغان ھېكايىنىڭ بىر تۈرى.

فوتو ھېكايىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن، كېيىنچە ئىتالىيىدە پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپادا تەرەققىي قىلىپ بىر خىل يېڭى ئەدەبىي ژانىر سۈپىتىدە ئومۇملاشقان. يېقىندىن بۇيان لاتىن ئامېرىكىسىدا كەڭ تارقالماقتا.



فوتو ھېكايىلەر پېرسوناژلار ھالىتىنىڭ چىنلىقى، ئوبرازلارنىڭ تەسىرلىكلىكى ۋە سەھنىلەردىكىدەك ۋاقىت، بوشلۇقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى، كۆرۈنۈشلەرنى جانلىق، بىمالال قانات يايدۇرغىلى بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

**قارا يۇمور ھېكايىلىرى** 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئامېرىكىدا يېزىلغان ھېكايە شەكىللىرىدىن بىرى ۋە ئامېرىكا ھېكايىچىلىقىدىكى ۋەكىللىككە ئىگە ئەدەبىي ئېقىم ئىجادىيىتى. بۇ ئاتالغۇ فرىدمان تۈزگەن «قارا يۇمور» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى تۈپەيلىدىن سىڭىشىپ قالغان.

بۇنداق ھېكايىلەردە ھەمىشە "قەھرىمانلىققا قارشى" پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ، پېرسوناژلار ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ تېتىقسىزلىقى، جەمئىيەتنىڭ شەخسلەرنى ئېزىۋاتقانلىقى گەۋدىلىك تەسۋىرلىنىپ، مۇھىت بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسچىلىكلەر مەسخىرە قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئاشۇ خىل ھالەتلەر چوڭايتىلىپ، ئەگىتىلىپ، شەكلى ئۆزگەرتىلىپ يەنىمۇ بىمەنە، كۈلكىلىك قىلىنىپ ئىجتىمائىي رېئاللىققا دارتىملىنىدۇ ھەم ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ئىپادىلىنىدۇ.

تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر جەھەتتە، ھېكايە ۋەقەلىكىدە مەنتىقىلىق باغلىنىش كەم بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنى بايان قىلىش بىلەن فانتازىيە، ئەسلىمە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئەستايىدىل پەلسەپىۋى

پېكىرلەر بىلەن پەن-تېخنىكا قىستۇرۇلۇپ ئىلىشتۇرۇۋېتىلىدۇ.

قارا يۇمۇر ھېكايىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، 60-يىللاردىكى ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەكس ئېتىلىشى بولدى.

**قىياس ھېكايىلىرى** قىياسەن ھۆكۈم قىلىپ دېلو ئېنىقلاش تېمىسىدىكى ھېكايىلەر. رازۋېتكا ھېكايىلىرىنىڭ بىر تۈرى.

بۇنداق ھېكايىلەردە لوگىكىلىق قىياس بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ دېلو رازۋېت قىلىنىدۇ ۋە ئېنىقلىنىدۇ. بۇ خىل ھېكايىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-، 30-يىللىرىدا ياۋروپا، ئامېرىكىدا كەڭ تەرەققىي قىلغان، 60-، 70-يىللاردا ياپونىيىدە تارقىلىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

”قىياس ھېكايىلىرى“ دېگەن ئاتالغۇمۇ ياپونىيىدە دەسلەپ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئومۇمەن رازۋېتكا ھېكايىلىرىغا ئوخشايدۇ، لېكىن پەرقى شۇ يەردىكى، بۇ ھېكايىلەردە ئىلمىي، لوگىكىلىق قىياس قىلىشقا ئېتىبار بېرىلىپ، قىياسىي ھۆكۈم بىلەن سىرلىق، چۈشىنىكسىزدەك كۆرۈنىدىغان ئىشلارنى ئېنىقلاپ دېلو ئەھۋالى ۋە دېلونى پاش قىلىش جەريانى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ياخشى يېزىلغان قىياس ھېكايىلىرى سۇژېتلىرىنىڭ مۇرەككەپ، ئاجايىپ، چىگىش بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭقۇر، نازۇك تەھلىل ۋە توغرا، ئەقىلگە مۇۋاپىق ھۆكۈملىرى



ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ كىتابخانلارغا بەدىئىي زوق بېرىشتىن تاشقىرى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ قوزغىتىش بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

ئەمما، قىياس ھېكايىلىرى ھەمىشە دېگۈدەك شەخسىي باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق تارىخىي كۆز قارىشى، مىستىتىزمنى تەرغىپ قىلىدۇ. شەھۋانىيلىقنى تەسۋىرلەپ، تېررورلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ. بۇلار كىتابخانلارنى زەھەرلەيدۇ.

**كىنو ھېكايىلىرى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىنو فىلىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا چىققان ھېكايىلەرنىڭ بىر تۈرى.

كىنو ھېكايىلىرى ھېكايە قۇرۇلمىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان كىنو ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ: يەنى، ۋەقەلىك راۋاجى تېز بولىدۇ، كۈچلۈك ھەرىكەتلەرنى تەسۋىرلەش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. پسىخىك ھالەتنىڭ سۈرەتلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. كىنو فىلىملەرگە خاس بولغان ئالاھىدە كۆرۈنۈش ۋە يىراق مەنزىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ پەيدا قىلىدىغان كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئۈنۈمىگە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

**لىرىك ھېكايىلەر** ھېكايىلەرنىڭ بىر خىلى، غەربىي ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان

ھېكايە تۈرى.

لىرىك ھېكايىلەردە قويۇق لىرىك كەيپىيات بولىدۇ ۋە يەنە ھېكايىلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىمۇ بولىدۇ. تەسۋىرلىرى لىرىكىغا باي، تىلى لىرىك شېئىرلاردىكىدەك پۇختا، ئالاھىدە تاللانغان ۋە تاۋلانغان بولىدۇ، ئاق تەسۋىر بولمايدۇ.

**مىكرو ھېكايىلەر** ھېكايىنىڭ بىر تۈرى. "بىر پەسىلىك ھېكايە"، "كىچىك ھېكايە"، "دەرىجىدىن تاشقىرى كىچىك ھېكايە"، "بىر مىنۇتلۇق ھېكايە" قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتالماقتا. ئەسلى ئەنگلىيەدە پەيدا بولۇپ 50-يىللاردا ياپونىيىگە تارقالغان. يازغۇچى شىڭشىن يى «ئالەم توزاڭلىرى» دېگەن ژۇرنال تەسىس قىلىپ، مەخسۇس مۇشۇ خىل ھېكايىلەرنى نەشر قىلغان.

مىكرو ھېكايىلەرنىڭ ھەجمى كىچىك بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر ئۈزۈكىنى، مەلۇم بىر كىچىك كۆرۈنۈشىنى، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىكى كىچىككىنە ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، چوڭقۇر ئىدىيە، مۇھىم ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پېرسوناژ ئاز، ئەمما روشەن يېزىلىدۇ، پېرسوناژنىڭ مەلۇم تەرىپى مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. كومپوزىتسىيىسى ماھىرانە تەشكىللىنىپ، سۇژېتى مۇرەككەپ قىلىۋېتىلمەيدۇ. ئاق تەسۋىر ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىخچام، تاۋلانغان تىل ئىشلىتىلىدۇ.

**ھۆججەتلىك ھېكايىلەر** فرانسىيە يېقىنقى زامان يازغۇچىلىرىدىن ئاكا-ئۇكا گونگېرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان



بىر خىل ھېكايە تۈرى.

ئۇلار ھېكايە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم، يېزىشتىن ئىلگىرى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ پاكىت ئاساسىي تۇرغۇزۇش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى ئارتۇقچە تەكىتلەپ، كىشىلەرنىڭ "ئەڭ تۆۋەن قابىلىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش"نى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەر "ھۆججەتلىك ھېكايىلەر" دەپ ئاتالغان.

**ۋەھىملىك ھېكايىلەر** مەزمۇن جەھەتتىن ۋەھىملىك ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھېكايىلەرنىڭ بىر خىلى. ئۇ ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىزم دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان.

ۋەھىملىك ھېكايىلەر رازۋېتكا ھېكايىلىرى، جاسۇسلۇق ھېكايىلىرى، تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكەتلەر ھېكايىلىرى، ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

غەرپ دۇنياسىدىكى ۋەھىملىك ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى زورلۇق ۋە شەھۋانىيلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەشۋىق قىلىدۇ، بۇنىڭ پاسسىپ تەسىرى بار.

**ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر** ھېكايىنىڭ بىر تۈرى. تېخى بولمىغان نەرسىلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھېكايىلەر. بۇ خىل نەرسىلەرنى ئىلمىي كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق فانتازىيىلەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە بولمىغان نەرسىلەر

ئۇستىدە كىتابخانىلارنى مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان ھېكايىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**يېڭى ھېكايىلەر** 50-يىللاردا مەيدانغا چىققان، فرانسىيىدىكى "يېڭى ھېكايىچىلەر" ئېقىمى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھېكايىنىڭ بىر خىلى.

يېڭى ھېكايە پېرسوناژلارنى مەلۇم پىسخىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىل، ياكى پىسخىك ھالەتنىڭ "ۋاقىتلىق سايمىنى" دەپ قارايدۇ. ئادەمنى ئەمەس، ماددىي دۇنيانى كۆپرەك يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى تۇتۇق، خىرە بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئىسمىمۇ بولمايدۇ. سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ بېشى، ئايىغى بولمايدۇ، بەزى چاغلاردا ھېكايە يېشىمدىن كېيىن يەنە ئېكسپوزىتسىيىسى باشلىنىدۇ، بەزى چاغلاردا پۈتۈن ئەسەر ئاياغلاشمىدىيۇ، ۋەقەلىكى داۋام قىلىۋېرىدۇ.

بۇ ھېكايىلەر "كۆرۈش سېزىمى ۋە بەلگىسى بار"لىققا ئېگە ئېغىر، توغرا، فوتو ئاپپاراتتەك ساداقەتمەن تىل ئىشلىتىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.

يېڭى ھېكايىلەر ھېكايە سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. "مەن"دىن ئىبارەت ئاڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ "چىنلىق"نى ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھېكايىلەردۇر.

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەردىن سالوتېنىڭ «مارتېلو»، لوب — گرىيېنىڭ «رېزىنكە»، بۇتورنىڭ «مىلاندىن



ئۆتكەندە» قاتارلىقلار بار.

**يېڭى "يېڭى ھېكايىلەر"** 60-يىللاردا فرانسىيىدىكى "يېڭى 'يېڭى ھېكايىچىلەر'" ئېقىمى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھېكايىلەر.

بۇ خىل ھېكايىلەر "يېڭى ھېكايىلەر"نىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ، ھېكايە شەكلىنى يېڭىلاش جەھەتتىن، يېڭى ھېكايىلەردىنمۇ يىراققا كېتىپ قالغان. ئۇ تىلنى پۈتۈنلەي "يېڭىلاش"نى، يەنى گرامماتىك قائىدىلەرنىڭمۇ، لوگىكىلىق باغلىنىشىنىڭمۇ، تىنىش بەلگىلىرىنىڭمۇ بولماسلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەسەردە جۈملىلەر، جۈملە بۆلەكلىرى، ئابزاسلارمۇ بولماسلىقى، ئوقۇغان كىشىگە ئىپتىدائىي دەۋرگە قايتقاندەك تەسىرات قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇ، يازغۇچى شەكىل ئۈستىدە ئىزدەنسىلا بولىدۇ، ھېكايىنىڭ قانداق ئىدىيىۋىلىكنى ئىپادىلەشلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق كېرەك دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. شۇڭا يېڭى "يېڭى ھېكايىلەر"مۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھېكايىلەردۇر.

**ھېكمەت** مۆجىزە؛ بىلىمدانلىق؛ دانىشمەنلىك؛ تەدبىر، سەۋەب.

مەسىلەن: «ھېكمەتلىك سۆزلەر» توپلىمىنى ئالساق، دانىشمەنلەرچە ئېيتىلغان ھېكمەتنى چوڭقۇر، كىشىلەرنى چارە-تەدبىرگە ئىگە قىلىدىغان، بىلىمنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىن توپلانغان تەجرىبىلەرنى ئوقۇيمىز.

ھېكمەتلىك سۆز بەزىدە ئەقلىيە سۆزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئوبراز** ئوبراز ئادەتتە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ، بىرى، كەڭ مەنىدىكى ئوبراز، يەنە بىرى تار مەنىدىكى ئوبراز.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق سۆز ۋە نۇتۇق ۋە ماقالىلەردە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە تىل ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىشكە قارىتىلغان. بۇ كۆپىنچە ئوخشىتىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، مەسىلەن: "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئەمەلگە قويۇش ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ، ئەكسىچە، بۇنداق ئورنىنى كۈچەيتىدۇ." بۇ جۈملىدىكى ئوخشىتىشلار (ئاستىغا سىزىلغان سۆز گۇرۇپپىسى) دېمەكچى بولغان مەقسەتنى جانلىق ھەم كونكرېتلاشتۇرۇپ كىشىلەر كۆز ئالدىدا ئېنىق مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە كىشىلەر كۆڭلىدە ئىلىم-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن "ئېچىلىش-سايراش" لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنە مەسىلەن: "ئەدەبىيات-سەنئەت پۈتۈن ئىنقىلاب ماشىنىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان چىشلىق چاقى ۋە ۋىنتىسى" دېگەن بۇ جۈملىدىكى ئوخشىتىشلار بىزدە چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. بۇ جۈملىنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا مەلۇم ئوبراز ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ كەڭ مەنىدىكى ئوبرازلىق تىل بولۇپ، ئەدەبىي



ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئوخشىمايدۇ.

**بەدىئىي ئوبراز** تار مەنىدە ئەدەبىياتنىڭ پەقەت رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى پەۋقۇلئاددە شەكلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسەن پېرسوناژ، ۋەقە، مەنزىرە ۋە شارائىت قاتارلىقلارنى ئەسەردە ئومۇملاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرگەن كىشىلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىدۇر. تېخىمۇ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش، تاللاش، پىششىقلاش ھەم يۇغۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان ھەققىي تۇرمۇش مەنزىرىسىدۇر. ئەدەبىي ئەسەردە تۈپ ئىدىيە ۋە مۇددىئا، غايە ۋە ئىرادە كونكرېت بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيىتى، ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە يالىڭاچ شوئار، ۋەز-نەسىھەتلەردىن كۆپ دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدۇ. مۇبادا ئەدەبىي ئەسەردە ئوبراز بولمىسا، ئۇ كۈچسىز، تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ھېساپلانمايدۇ.

بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا رەسساملارغا بوياق، سىزىقلار، ھەيكەلتىراشقا موم ۋە خېمىر، مۇزىكانتقا ئاھاڭ ۋە رىتىم، ئۇنىڭ بارماقلىرى قانچىلىك مۇھىم بولسا، يازغۇچى، شائىر ئۈچۈن ئوبراز يارىتىشتا تىل سەنئىتى شۇ قەدەر مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئوبرازلاشتۇرۇش** يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى

كونكرېت، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى ۋە ئۇسۇلى ئوبرازلاشتۇرۇش بولىدۇ.

يازغۇچى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا، ئادەتتە، ئاۋۋال تۇرمۇشنى بىلىش جەريانىنى، ئاندىن ئۇنى ئىپادىلەش جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئوبرازلاشتۇرۇش جەريانى ئاساسەن تۇرمۇشنى ئىپادىلەش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بەدىئىي ئوبراز تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، بەلكى ئۇ كونكرېت، تەسىرلىك شەكىللەر ئارقىلىق تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبرازلاشتۇرۇش جەريانى يەنە يىغىنچاقلاش ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش جەريانى بولىدۇ.

ئوبرازلاشتۇرۇش — ئۇقۇم ۋە قىياسىي ھۆكۈم قوللىنىدىغان پەننىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن ئەدەبىياتنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسىي بەلگە. گەرچە، بەزىدە غەيرىي ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ تەسۋىر، ئوخشىتىش، سىمۋول قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى قوللىنىلىپ، مەلۇم بىر ئابستراكت شەيئى كونكرېت، تەسىرلىك ئوبرازلىقلىققا ئىگە قىلىنسىمۇ، ئۇ ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولمايدۇ.

**ئوبرازچانلىق** ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبرازدىن ئىبارەت ئالاھىدە شەكىل قوللىنىپ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە پەيدا بولغان كونكرېتلىق، تەسىرچانلىق، جانلىقلىق ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتماقلىق ئوبراز-



چانلىق دېيىلىدۇ.

ئوبرازلىق، بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان ئەسەرلەر ياكى نۇتۇقلارنىڭ بەزى تەسىرلىك، كونكرېتلىق تەسۋىرلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**ئوپتىمىزم** ئۈمىدۋارلىق. كېلەچەككە ۋە ئومۇمەن ھەرقانداق بىر ئىشقا ئىشەنچ بىلەن قاراش؛ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياخشى ۋە پارلاق تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە مايىل بولۇش.

**ئوپېرا** ناخشىنى ئاساس قىلىپ مۇزىكا، شېئىر، ئۇسۇل، شەكىل (دېكوراتسىيە) قاتارلىق سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرغان تىياتىر شەكلى.

ئوپېرانىڭ ئاساسىي يەنىلا ئوپېرا سېنارىيىسى بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگ، ياندىما سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شېئىر بىلەن يېزىلىدۇ. سەھنە ئوپېراسى ئاشۇ شېئىرلارغا ئىشلەنگەن ئاھاڭ بىلەن ناخشىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ناخشا ئارقىلىق دراماتىك كومپلېكت ئېچىپ بېرىلىدۇ ۋە تىياتىر مەزمۇنى ئىپادىلىنىدۇ.

**ئوپېرېتتا** ئۇسسۇل ۋە دىئالوگلار ئارىلاشقان، كومېدىيىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىلىق سەھنە ئەسىرى؛ ئاشۇنداق ئەسەرلەر ئوينالغان تىياتىر.

**ئوچېرك** ئېپىك ژانىرلارنىڭ بىرى، ئۇ، ۋەقە، ھادىسىلەرنى، تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ۋە كونكرېت كىشىلەر پائالىيىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن، باشقا ئېپىك ژانىرلار

(مەسىلەن: پوۋېست، ھېكايە)دىن پەرق قىلىدۇ. يازغۇچى پوۋېست ياكى ھېكايە يازغاندا، بەدىئىي توقۇلمىلاردىن كەڭ پايدىلىنىدۇ. ھاياتتا ئەينەن سادىر بولمىغان ھادىسىلەرنى ئويلاپ چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىجابىي توقۇلما ئوبرازلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، ياكى ھايات، بار بولغان شەيئىلەر پروتوتىپىدىن پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ. ئوچېركتا بولسا، ئۇنداق ئەمەس. ئوچېرك يازغۇچىسى ۋەقە-ھادىسىلەرنى، پاكىتلارنى، كىشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىنى، مىجەز-خۇلقىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تاللىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئەينەن ساقلاپ قالىدۇ. شۇ مەنىدە ئوچېرك "ھۆججەتلىك ئەدەبىيات" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوچېرك مەتبۇئاتتىكى ئادەتتىكى خەۋەرلەردىن ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن، ۋەقەلىكنى ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە مەنزىرىلەرنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش سەنئىتى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئوچېركتا قەھرىماننىڭ پورترېتى، مەنىۋى قىياپىتى، پسىخولوگىك خاراكتېرىستىكىسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى» (خاتىرە) ناملىق ئوچېركى ۋە ياش يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق كىتابى ياخشى مىسال بولالايدۇ.

**ئوخشىتىش** ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى گەپ-سۆز، ماقالە-نۇتۇقلاردىمۇ باشقىلارغا چوڭقۇر تەسىر بېرىش ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان



ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى.

ئوخشىتىش مۇۋاپىق ۋە ئۆز جايىدا قوللىنىلسا، ئوي-پىكىر ھەم شەيئىلەرنى ئوڭاي چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى كۆرسەتكىلى، ئابستراكت نەرسىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئۇستازلار، گېنىئال يازغۇچىلار بۇ ئۇسۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن: ماركس ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇمنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: "ھەقىقەتنى ئەڭ ياخشى چاقماق تېشىغا ئوخشاتساق، ئۇ قانچە قاتتىق ئۇرۇلسا، شۇنچە يورۇق نۇر چىقىرىدۇ." بۇ يەردە ھەقىقەت كونكرېت نەرسىگە ئوخشىتىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ كۈرەش جەريانىدا نامايان بولىدىغانلىقى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن.

ئوخشىتىشلار مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئېنىق ئوخشىتىش: بۇ ئوخشىتىش ناھايىتى روشەن بولىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى كۆز ئالدىمىزدا بىرلا ۋاقىتتا ئەكس ئېتىدۇ "دەك، تەك" قوشۇمچىلىرى ۋە "گويا" "ئوخشاش"، "خۇددى" قاتارلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

"مەن خۇددى تالغا ئوخشاش قەيەرگە سانجىپ قويسا، شۇ يەردە كۆكلەيمەن." (لېي فېڭ خاتىرىسىدىن)

ئۇيغۇر زار-زار يىغلار،
ۋاپا قىلمىغاچ ئول يار،
قەپەزدىكى بۇلبۇلدەك،
ھەسرەت-ئەلەم ئارتار.

(ئۇيغۇرى)

2. يوشۇرۇن ئوخشىتىش: بۇ خىل ئوخشىتىشتا ماسلىشىش باغلىنىشى بولىدۇ، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئېنىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا، بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى زىچ ۋە يوشۇرۇن بولىدۇ.

مەسىلەن: "پارتىيە سېنى يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى." (لىي فېڭ)

يەنە بىر مىسال: "ھەقىقەتەن شۇنداق، مەن ئۆزەمنىڭ پولات ياكى پولات ئەمەسلىكىمنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزەمنى مەشكە تاشلىشىم كېرەك." (ۋېي ۋېي: «ياشلار، ياشلىق باھارىڭلار تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن») بۇ جۈملىدە پولات ئوخشالغۇچى، مەش ئوخشىغۇچى بولۇپ، ناھايىتى قىيىن بولغان كۈرەش شارائىتى مەشكە ئوخشىتىلغان. "مەن" ئۆزىنىڭ ھەقىقىي چېنىققان ياكى چېنىقمىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن پولاتنىڭ دومنا پېچتا تاۋلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ماسلىشىپ باغلىنىپ كەلگەن.

3. ۋەكىللىك ئوخشىتىش: بۇ خىل ئوخشىتىش يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن



ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈنمەي، ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قويىنۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ
يادىڭغا يارىم ئال، مېنى.

(ت. ئېلىيېۋ)

شائىر بۇ شېئىردا ئوبرازلىق تەپەككۇردىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر يۈرەك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن. "ئالما" ئوخشالغۇچى شەيئى ئورنىدا قوللىنىلىپ، قىزىقارلىق سۆز ئويۇنى ھاسىل قىلىنغان.

يەنە بىر مىسال: ئىچ ئات تارتسا ياندىق تارتماسلىق، ياندىق تارتسا ئىچ ئات تارتماسلىق. بىر تامچە سۇ دېڭىزغا قوشۇلغاندىلا، ئاندىن قۇرۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىككى مىسالدىمۇ ئوخشالغۇچى يوق، پەقەت ئوخشىغۇچىلا بار، ئېيتايلى: (1) مىسالدا "قەدەم بىرلىكى پىكىر بىرلىكى"دىن ئىبارەت ئوخشالغۇچى يوق بولسا؛ (2) مىسالدا "ھەربىر شەخس ئۆزىنى كوللېكتىپقا بېغىشلاش"تىن ئىبارەت ئوخشالغۇچى يوق.

**ئورتاق ھېسسىيات** (ھېسسىي ئورتاقلىق) ئەدەبىيات-سەنئەتنى بەدىئىي زوقلىنىش جەريانىدا مەيدانغا كېلىدىغان پسىخىك ھادىسە. كىشىلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن

بەدئىي زوق ئېلىۋاتقاندا ھەمىشە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئورتاقلىق پەيدا بولغانلىقىنى، ئەسەردىكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ياكى ئاساسەن بىردەك تۇيۇلغان بەدئىي تەسىراتنى سېزىدۇ. مانا بۇ ئورتاق ھېسسىيات، ياكى ھېسسى ئورتاقلىقتۇر.

ئورتاق ھېسسىيات ئاپتور بىلەن زوقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سادا چىقىرىش ۋە ئەكس سادا قايتۇرۇش، "بىرى 'ھە' دېسە، يەنە بىرى 'ھۇ' دېيىش" ھالىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. قۇدرەتلىك بەدئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى، ئورتاق ھېسسىياتقا سەۋەبچى بولىدىغان ھەل قىلغۇچ شەرت بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئورتاق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان ئاساس بولىدۇ. ئەسەردە كۈچلۈك بەدئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولغاندا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن زوقلانغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئورتاقلىق جايلار بولغاندىلا، ئاندىن ئورتاق ھېسسىيات مەيدانغا كېلىدۇ. ئەسەردە بەدئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كەم بولسا، ياكى ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن زوقلانغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئورتاقلىق جايلار بولمىسا، ياكى زوقلانغۇچىنىڭ بەدئىي زوقلىنىش كۈچى كەم بولسا ئورتاق ھېسسىيات تۇغۇلمايدۇ.

**"ئوشۇق ئادەم"لەر** 19-ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىدىكى



ئاقسۆڭەك زىيالىيلارنىڭ تىپى. ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ زاۋاللىققا يۈزتۇتقان دەۋرىدە ياشىغان، ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە يانچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدا تىن ئالالمىغان، يۇقىرى قاتلام جامەئەسى بىلەن بۇلغىنىپ ئۆتۈشنى خالىمايدۇ. ئەمما، خەلق ئاممىسىدىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەچكە، ئاقسۆڭەكلەر مەيدانىدىنمۇ كېچەلمەيدۇ، تۇرمۇشتا ئېنىق نىشانى يوق، قايمۇقۇپ يۈرىدۇ. پۇشكىننىڭ «يېۋگېنى ئونېگىن»دىكى ئونېگىن، گرتسىننىڭ «كىم ئەيىپلىك»ىدىكى بېلتوۋ، لېرمونتوۋنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»دىكى پېچورىن، تۇرگېنېۋنىڭ «رودىن»ىدىكى رودىن، گونچاروۋنىڭ «ئوبلوموۋ»ىدىكى ئوبلوموۋ قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق "ئوشۇق ئادەم"لەردۇر.

**ئومونىم** شەكىلداش، ئاھاڭداش سۆزلەر. شەكىل ۋە تەلەپپۇزى بىر، ئەمما مەنىسى باشقا-باشقا سۆزلەر، شەكىلداش سۆزلەر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۇيۇقلار ئومونىم سۆزلەرنى قاپىيە قىلىدۇ.

**ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش** ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ۋە سىنىپىي لۇشيەنىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى. بۇ مەسىلە 1942-يىلى يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئومۇملاشتۇرۇش: خەلق ئامممسغا جددىي ئېھتياجلىق ۋە ئۇلار ئوڭاي قوبۇل قىلالايدىغان باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

يۇقىرى كۆتۈرۈشتە: پرولېتارىيات ۋە خەلق ئامممسىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى بويلاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، خەلق ئامممسى ۋە كادىرلارغا ئېھتياجلىق بولغان نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋەتتە ئىگە. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساس، يۇقىرى كۆتۈرۈش يېتەكچى، يەنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش يۇقىرى كۆتۈرۈش يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش بولمايدىكەن، يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرى كۆتۈرۈش بولمايدىكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىي قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىۋېرىدۇ.

**ئويۇن** خەلق ئىچىدىكى ھەر خىل ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ئامممسى ئىچىدە شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھەر خىل ئويۇنلىرى (سەيلە ـ تاماشا قاتارلىقلار)



بار. بۇ ئويۇنلار خەلقىنىڭ سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرى سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن: "پوتا سېلىش" ئويۇنىنى (مىلىس ئالساق، شەرقىي شىنجاڭدىكى خەلقلەر ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدا يەرلىك تۈس ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. دېھقانلار ئىشتىن يانغاندا، بوش ۋاقىتلاردا ئورمان، باغلاردا بۇ خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

**ئۇسلۇب** ئاتالغۇلارنىڭ "ئىستىل ۋە ئۇسلۇب" ئىزاھىغا قاراڭ.

**ئۇقۇملاشتۇرۇش** ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ناتوغرا خاھىش. بۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساس قىلىنغان ھالدا ئوبراز يارىتىلماستىن، بەلكى ئاددىي چۈشەنچە بېرىش ۋە "ئۇقۇملاشتۇرۇش" ئوبراز يارىتىشنىڭ ئورنىغا قويۇلىدۇ. ئورتاقلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىگە سەل قارايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان ئوبراز دەۋر روھىنىڭ ساپ كانىيى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئۇقۇملاشتۇرۇلغان ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىمۇ بولمايدۇ.

**"ئۈچ بىر" چىلىك** ياۋروپا كلاسسىزم (كونىچىلىق) تىياتىرچىلىقىنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى. ئۇنىڭ مەنىسى، تىياتىر ۋەقەلىكى، ئورۇن ـ جاي، ۋاقىت بۇ ئۈچى مۇكەممەل بىردەكلىككە ئىگە بولۇش دېگەن بولىدۇ. يەنى، تىياتىر ئەسىرىدە

بىر مۇكەممەل سۇژېت (ۋەقەلىك) بولۇش، بۇ ۋەقەلىك مۇكەممەل بىر ۋاقىت ئىچىدە (مەسىلەن: 24 سائەت ئىچىدە) يۈز بەرگەن بولۇش، يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە بىرلا ئورۇندا (مەسىلەن: بىر شەھەر، ياكى بىر كوچىدا) باشلىنىپ، ئاياغلىشىدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

17-ئەسىردىكى فرانسىيە كلاسسىزمچى (كونىچى) دراماتۇرگلار بۇ قانۇنىيەتكە قاتتىق ئەمەل قىلغان، رومانتىزمچى دراماتۇرگلار تولاراق شېكىسپىر ئۈلگىسى ئارقىلىق بۇ پرىنسىپلارغا قارشى تۇرغانىدى.

**ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش** بۇ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ پارتىيىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش غەرىزى بىلەن ياساپ چىققان ئەكسىيەتچى ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىلىرىدىن بىرسى.

1968-يىلى بۇ شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ئۇلار مۇنداق ئىزاھلىغان: "بارلىق پېرسوناژلار ئىچىدە ئىجابىي پېرسوناژلارنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ ئىجابىي پېرسوناژلار ئىچىدە قەھرىمان پېرسوناژلارنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ قەھرىمان پېرسوناژلار ئىچىدە ئاساسىي قەھرىماننى گەۋدىلەندۈرۈش." شۇنىڭدىن كېيىن "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇ تەبىرىدىن كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەگكىلى بولماس مۇقەددەس پرىنسىپى بولۇپ قالدى.

ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىسىدە ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىنكار قىلىنىدۇ. "ئۈچنى



گەۋدىلەندۈرۈش"، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىگە كەتمەن چاپىدۇ.

**ئۈچىنچى خىل كىشىلەر** 1931-يىللىرى خۇچيۇيۈەن (胡秋原) سۇۋېن (苏汶) قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن سول قانات يازغۇچىلار ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ كىشىلەر قاتارىغا قويۇپ "ئەركىن كىشىلەر"، "ئۈچىنچى خىل كىشىلەر" دەپ ئاتىغان. «ئوقۇش كىتابى»، «دەۋر» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ئەدەبىيات-سەنئەت ئەركىنلىكى» قاتارلىق ماقالىلەر يېزىپ "مەڭگۈلۈك ئەدەبىيات-سەنئەت" دېگەننى تەشۋىق قىلغان، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىنقىلابىيلىقىنى ۋە سىياسىيلىقىنى ئىنكار قىلىپ، سول قانات يازغۇچىلار ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى ماھىيەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ياقلايدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت دەپ ۋالاقشىغان. بۇنىڭغا قارىتا لۇشۈن بىلەن چۈي چيۇبەي قاتارلىقلار ماقالىلەر ئېلان قىلىپ بۇلارنى قاتتىق پىپەن قىلغان.

**ۋارىيانت** (لاتىنچە varianis—ئالمىشىش سۆزىدىن) ئەسەرنىڭ بىر ئەسەر (مەسىلەن: چۆچەك ياكى قوشاقلار)نىڭ ۋارىيانتلىرى ھەرقايسى دەۋردە ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كەلگەن:

تەڭلىدىكى توقاچقا
سىيادان سىلىپ ياققان.

مەن ئاتامدىن كىچىك قېپ،
ئەل ـ مەلە مېنى باققان.

دېگەن قوشاقنىڭ: "بېلىمدىكى توقاچىقا، سىيادان قوشۇپ ياققان، مەن ئانامدىن ئايرىلىپ، پارتىيە مېنى باققان"، "مەن يېتىم، بىچارىنى، پارتىيە ئاتام باققان." دېگەندەك ۋارىيانتلىرىمۇ بار.

يازغۇچى مۇشۇنداق ۋارىيانتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگەللەپ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئېسىل نۇسخىسىنى يوغۇرۇپ چىقىدۇ.

**ۋەزخانلىق** خەلق ئارىسىدا ۋايىزلىق، مەدداھلىق دېيىلىدۇ. يىرىك ئېپىك ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىي جەڭنامە، تەزكىرىلەرنى ئىنتوناتسىيىلىك نۇتۇق ۋە قول، پۇت، چىراي ھەرىكەتلىرى بىلەن جانلاندۇرۇپ سۆزلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ۋەزىن** (ئەرەبچە، وزن — ئۆلچەم، تارازى، ئېغىرلىق سۆزىدىن) شېئىرىي نۇتۇقنى نەسرى نۇتۇقتىن ئايرىيدىغان شېئىرىيەت ئاساسلىرىدىن بىرى. ئۇ (ۋەزىن) رىتىملىق نۇتۇق ھېسابلىنىدىغان شېئىرنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنى جەملىگۈچى ئاتالغۇدۇر، شېئىرنى قايسى ۋەزىندە ئىكەنلىكىگە قاراپ، بارماق ۋەزنى، ئارۇز ۋەزنى دېگەندەك خىللارغا ئايرىيمىز. شېئىرىي رىتىم ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىلىق ۋەزىن تۈرى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.



**ئارۇز ۋەزنى** (ئەرەبچە) شېئىرىي مىسرالاردىكى سۆزلەرنى مەلۇم ۋەزن ـ ئۆلچەمگە سېلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئارۇز ۋەزنى مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى (قىسقا ياكى ئۇزۇنلۇقى)نىڭ مەلۇم تەرتىپتە كېلىشىگە ئاساسلىنىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدە مىسرالاردىكى رىتىملىق بۆلەكلەر رۇكىن دېيىلىدۇ، رۇكىن ئۇزۇن تاۋۇش ھەرپلىرى ۋە "ئەلىف" (ا)نىڭ مىقدارىغا، ئۇلارنىڭ مۇتەھەررىك (ھەرىكەتلىك) يەنى "زىر"، "زەۋەر" ياكى "پەش"لىك بولۇشىغا ۋە ياكى ساكىن (ھەرىكەتسىز)، "زىر"، "زەۋەر"، "پەش" سىز بولۇشىغا قاراپ ئۈچ تىپقا بۆلۈنىدۇ: سەبەپ، ۋاتەد، ۋاسلە.

رۇكنلار بوغۇملارنىڭ مىقدارى ۋە سوزۇق ياكى قىسقىلىقىغا قاراپ سەككىز "ئاسىل"غا بۆلۈنىدۇ ۋە ھەربىرى مەخسۇس نام بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇ "ئاسىل"لارنى ئارۇزدا قوبۇل قىلىنغان "فەئەلە" (ھەرىكەت قىلماق) مەستەر (پېئىل يىلتىزى) بىلەن كۆرسەتسەك مۇنداق بولىدۇ:

1. فەئۇلۇن (ئەسلى: فعولن) 2. فائىلۇن (ئەسلى: فاعلن) 3. مەفائىلۇن (ئەسلى: مفاعيلن) 4. مۇستەفئىلۇن (ئەسلى: مستفعلن) 5. فائىلاتۇن (ئەسلى: فاعلاتن) 6. مەفائىلەتۇن (ئەسلى: مفاعلتن) 7. مۇتەفائىلۇن (ئەسلى: متفاعلن) 8. مەفئۇلاتۇ (ئەسلى: مفعولات)

بۇ سەككىز "ئاسىل" ئايرىم ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا ھەر

خىل رىتىملىق بۆلەكلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، شۇ يوسۇندا ۋەزن ئەركانى (روكنلىرى) كۆپىيىدۇ، بۇ هال ئارۇزدا يۈزدىن ئارتۇق ۋەزن يارىتىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارمۇ مۇزىكىلىق، ئاهاڭدارلىققا باي بولۇپ، ناخشىغا ئېلىشقا ناهايىتى ئوڭاي، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى شۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن ئىبارەت.

ئارۇز ۋەزنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ناهايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل شېئىرىيەت شەكلىدۇر، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ نەمۇنىلىرى قەدىمكى زامان خەلق قوشاقلىرىدا بولغان، بۇنداق قوشاقلار مۇرەببە شەكلىدىكى (ئا ئا ئا ب) شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» سەھىپىسىدە كۆپرەك ئۇچرىتىمىز.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە ئارۇز ۋەزنى كەڭ ئورۇن ئالغان. مەسىلەن: 11 ـ ئەسىردىكى يۈسۈپ خاس هاجىپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بۇ هال ئېنىق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىلاسسىك شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىمۇ (ئەهمەد يۈكنەكى، لۇتفى، ناۋايى، خىرقىتى قاتارلىقلار) ئارۇز ۋەزنىدە يازغان.

ئارۇز ۋەزنىدىكى خەلق قوشاقلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:



تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
تۆپىسىگە قار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

بۇ قوشاقنى "بەهرى مۇقتەزىب" شەكلىدە يېزىلغان دېيىش مۇمكىن.

يەنە بىر مىسال:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باهارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇ بېيت "رەمەل مۇسەممەن" شەكلىدە يېزىلغان

هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلار بار.

مەسىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ۋەتەن هەققىدە غەزەل» ۋە باشقىلار.

**بارماق ۋەزنى** ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق بىر خىلى. ئۇ، مىسرالاردىكى سۆز بوغۇملىرىنىڭ مىقدارىغا ئاساسلانغان شېئىر سىستېمىسى، بارماق ۋەزنى تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ قەدىمكى ۋەزنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن شېئىرلار بۇ سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بارماق ۋەزنى يېقىنقى ۋە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ ئاساسىي ۋەزنى ھېسابلىنىدۇ.

مىسرالارنى تەشكىل قىلغان تۇراقلاردىكى بوغۇملار سانىنىڭ بىر خىل تەكشى تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە رىتىم ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆي-ئىمارەت ئۇلىدىن،
شاخ، يوپۇرماق غولىدىن.
مەڭگۈ چىقماي ماڭىمىز،
پارتىيىنىڭ يولىدىن.

بۇ پارچىدىكى ھەربىر مىسرا ئىككى تۇراق، يەتتە بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەربىر مىسرا شۇ تەرتىپتە تەكرارلانغان تۇراقلاردىكى بوغۇملار مىقدارىغا ئاساسلانغان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بارماق ۋەزنى تۆت بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ.

سەككىز بوغۇملۇق شېئىرغا مىسال:

ئەسىرلەر تۇم، يىللار ۋاراق،
ئايلىرى قۇر، كۈنلەر چېكىت.
ئاي-كۈنلەرگە ماغدۇر بېرىپ،
يىللارياسار، جەڭچى يىگىت.

(ل. مۇتەللىپ)

توققۇز بوغۇملۇق شېئىرغا مىسال:

ئاتام ئېيتقان دەستۇرنى دائىم،
تەكرارلايدۇ ماڭا ئانا يەر.



مەن سادىقمەن ئاڭا تېنىمدىن،
تاكى تىنىق توختىغان قەدەر.

(قۇربان بارات)

11 بوغۇملۇق:

مەن بۈگۈن سەھەردە ئويغانغان چاغدا،
يېڭىدىن توخۇلار قاقاتتى قانات.
ۋىسال شارابىدىن ئىچكەن يۈرەكتەك،
ئاھ، قانداق ياشارغان ھەممە كائىنات.

(ئابلىز نازىرى)

12 بوغۇملۇق شېئىر:

جاننىڭ كۆركى — مۇھەببەت، شەرتى ۋاپادۇر،
ۋاپاسىزغا مۇھەببەت ھەم بىۋاپادۇر،
مۇشەققەتسىز راھەتنىڭ كەينى جاپادۇر،
جاپاسى يوق مۇھەببەت ھەم بىساپادۇر.

(ئىمىن تۇرسۇن)

15 بوغۇملۇق شېئىر:

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراق،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق.
قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرنىڭ مەنبەئىيدۇر بۇ چىراق،
تۈندە يول تېپىپ يۈرۈشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراق.

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

16 بوغۇملۇق شېئىر:

يۇرەككە ئوق تېگىپ، ياتسام ئەدى ئاستانىدا ھەي-ھەي،
مازارىم گۈل قۇچۇپ، قالسام ئەدى بوستانىدا ھەي-ھەي.
ۋەتەننىڭ دانە تۇپراقى گويا ئالتۇن، ھىدى زەپەر،
تەۋەررۇك نامىنى يازسام ئەدى داستانىدا ھەي-ھەي.

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى)

**ۋەقە، ۋەقەلىك** ۋەقە — يۈز بەرگەن، پەيدا بولغان ئەھۋال. ۋەقەلىك — يۈز بەرگەن ھەر خىل ئەھۋاللارنىڭ ئۆزى، پەيدا بولۇشى قاتارلىقلارنى مەلۇم بىر نۇقتىغا جەملەش. ئىجادىيەت ئۈچۈن بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى ۋە ئۆگىنىلىشى يازغۇچى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان جەريان.

**ۋەقەلىك يىپ ئۇچى** بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى بىر پۈتۈن ۋەقەلىك (ھېكايە، دراما، كىنو قاتارلىقلارنىڭ پېرسوناژلار تەرەققىياتى، ئىش-پائالىيىتى، مۇناسىۋىتى (بىر پۈتۈن باغلىنىشى)نى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر بايانى ئەسەرلەردە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق يىپ ئۇچى بولىدۇ. ئاساسىي يىپ ئۇچى بىرلىنىپ بويلاپ تەرەققىي قىلىدۇ. قالغانلىرى بولسا، ئۇنى دەۋر قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ.

**ۋۇلگارىزم** چاكىنىلاشتۇرۇش. ئەدەبىياتتا ھەددىدىن ئارتۇق قوپال، داغال-يىرىك سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىش؛ ئەسەرلەردە بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، ساختىلاشتۇرۇپ، رېئاللىقنى بۇزۇپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ ئىپادە قىلىش.

**ئېپوپېيە** (گرېكچە epopoiia گرېتسىيىدە مەلۇم بىر



تارىخىي ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن خەلق ھاياتىنى، ئۇنىڭ كۈرىشى ۋە قەھرىمانلىرىنى كەڭ تەسۋىرلىگۈچى خەلق رىۋايەتلىرى، قوشاقلىرى "ئېپوپېيە" دەپ ئاتالغاندى، گومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» ناملىق ئەسەرلىرى مانا شۇ خىلدىكى كلاسسىك ئېپوپېيەلەردۇر. ئېپوپېيە چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ئېپوس** (گېرېكچە epos — رىۋايەت، ھېكايە، قوشۇق سۆزىدىن)

(1) بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ لىرىكا ۋە دىرامىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تەرىزدىكى يەنە بىر تۈرى. ۋەقەلەرنى كەڭ ھېكايە قىلىشقا ئاساسلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر گۇرۇپپىسى ئېپىك تۈر ياكى ئېپوس دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە قەھرىمانلىق ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلار مەجمۇئەسى. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك، تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە قەھرىمانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئېپوس ھېسابلىنىدۇ.

**ئېپىتېت** (گرېكچە، ئىلاۋە سۆزىدىن) ئېپىتېت ئادەتتە سۈپەتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. نەرسە، ھادىسىلەرنىڭ روشەن ئوبرازىنى بېرىش، شەيئىلەرنىڭ ئېنىق ھالەتلىرىنى، سۈپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەرىپلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز ياكى ئىبارە.

مەسىلەن: ئالتۇن كۆز پەسلى، ئاق ئالتۇن (پاختا) دېگەندەك.

ئاققۇدەك چوققىدا، ياقۇت قىيادا،
سىردىشىپ تۇرىدۇ ھال رەڭ بۇلۇتلار.
كۈمۈش رەڭ لېنتىدەك شارقىراتمىنىڭ،
جامىدىن سۇ ئىچەر بۇغا-مارااللار.
(ت. ئالماس)

بۇ شېئىرنى مۇنچىلىك جانلىق، روشەن ۋە يېقىملىق قىلغان نەرسە، شائىرنىڭ ماھارەت بىلەن ئۆز ئورنىدا ئىشلەتكەن سۈپەتلەشلىرىدۇر.

سۈپەتلەرنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل، ئېپىتېت ئۈچۈن كۆپرەك سۈپەت سۆزلىرى ئىشلىتىلىدۇ، رەۋىش ۋە رەۋىشداشلار سۈپەتلەش ئورنىدا كېلىشى مۇمكىن.

**ئېپىزوت** (گىرېكچە episodion — ۋەقە پەيدا بولۇش سۆزىدىن) 1. ئايرىم تۇرمۇش ھادىسىسى، 2. رومان، دراما-سېنارىيە قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان تەركىبىي قىسمى.

**ئېپىگراف** ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى تەرىپىدىن ئۆز ئەسىرىنىڭ باش تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك، ياكى مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك تەسىر قىلىدىغان باشقا ئەسەرلەردىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، ياكى ھېكمەتلىك سۆزلەردىن قىسقا، مەنىلىك ئۈزۈندى ئېلىش.

مەسىلەن: «سەرسانلىق سەرگەردانلىقتا» تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى كىتابى «ئاچا-سىڭىل»نىڭ باشلىمىسىغا «ئىگور پولكى



توغرىسىدا داستان»نىڭ بىرمىسراسى "ئاھ، رۇس يېرى..." ئېپىگراف قىلىپ ئېلىنغان.

**ئېپىلوگ** (گرېكچە epi — كېيىن، Logos — سۆز) قەدىمكى گرېك درامىلىرىدا ئاپتورنىڭ ئۆز پىلانى ۋە دراما خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تاماشىبىنلارغا قاراتقان خاتىمىسى "ئېپىلوگ" دەپ ئاتالغان. ھازىر "ئېپىلوگ" سۆزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە "خاتىمە" ئورنىدا قوللىنىلىۋاتىدۇ.

**ئېتنوگراف** بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەمدە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ رېئال ھالىتىگىچە كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىدىغان شەخس.

**ئېتنوگرافىيە** (گرېكچە) 1. بىرەر خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ماددىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنى بىۋاستە كۆزىتىش يولى بىلەن ئۆگىنىدىغان ساھە؛ 2. بىرەر مىللەتنىڭ ياكى بىر تېررىتورىيىدىكى بىرقانچە مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئېتىكا** ئەخلاق ھەققىدىكى پەيلاسوپىيىلىك تەلىمات؛ ئەخلاق؛ ئەخلاق قائىدىلىرى.

**ئىرونىيە** (گرېكچە eironeia — مەسخىرىلەش، كەمسىتىش سۆزىدىن) ئىرونىيە ھەجۋىنىڭ، ياكى ھەزىل-يۇمورنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا ئىرونىيە ئۆز مەنىسىدىن

كۆچۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭمۇ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆز، ئىبارە ئەكسىچە مەنىدە، يەنى قارىمۇقارشى ھالەتتە كېلىدۇ، يازغۇچى پېرسوناژ ياكى ئۇنىڭ بىرەر ھەرىكىتى توغرىسىدا بىر خىل گەپ قىلىپ، باشقىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

"ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا" دەپتىكەن بىر ساددا
تىترەك، قارا يىللارنىڭ بىر دانىشمىنى(؟!)

(ل. مۇتەللىپ)

بۇ مىسالدىكى "دانىشمەن" دېگەن سۆز قارىماققا ئىجابىي مەنىدە كەلگەندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە كۈچلۈك مەسخىرە قىلىش مەنىسىدە ھۆكۈم قىلىنغان. ئىرونىيە — ئەپسۇسلىنىپ، غەزەپلىنىپ ئېيتىلىش ياكى باشقىچە مەنىنى ئاڭلىتىش مۇمكىن بولغان پوئېتىك ئىبارىدۇر، ئۇ تولا ھاللاردا، مەجازى ئوبرازلارغا ئىگە بولغان مەسىلىلەردە كېلىدۇ.

**ئېستېتىزم** گۈزەللىكچىلىك. ئېستېتىكا تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان نەرسىلەرنى، گۈزەللىكى نەپىس سەنئەتنى، روشەن بەدىئىي شەكىللەرنى سۆيۈش؛ سەنئەتتە مەزمۇننى، غايىۋىلىكنى بىر تەرەپكە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئارتۇقچە تاشقى شەكىلگە، "ساپ سەنئەت"كە بېرىلىش؛ ئېستېتىكىدا شەكىلۋازلىق قىلىش...قا بېرىلىدىغان كۆز قاراش ۋە شۇ كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئېقىمى.

**ئېستېتىكا** گۈزەلچىلىك. (گرېكچە aisthesis ھېس - تۇيغۇ سۆزىدىن) ئېستېتىكا — جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى گۈزەللىك



ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى ھەققىدىكى پەن. ئېستېتىكا بارلىق گۈزەللىكنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئېستېتىكا ھەققىدىكى قاراشلار ئىككى مىڭ يىلدىن ئىلگىرىلا بار بولۇپ، دەسلەپكى ئىلمىي پىكىرلەر سوقرات (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىر) ۋە پلاتون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV _ V ئەسىرلەر) قاتارلىقلار تەرىپىدىن بايان قىلىنغانىدى. ئېستېتىكىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇستەقىل پەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىر) تەرىپىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن XIII ئەسىرگە قەدەر بۇ پەن مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن مۇقىملىشالماي كەلدى. ئۇ گاھ دىن ھەققىدىكى، گاھ پوئېتىكا، گاھ گۈزەللىك ھەققىدىكى پەن دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىزاھلاندى. پەقەت 1735 - يىلى نېمىس ئالىمى بائۇمگارتېن گۈزەللىكنى بىلىش ھېسسىي بىلىشتىن ئىبارەتلىكىنى ئېنىقلاپ، ئېستېتىكا تېرمىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. XVIII ئەسىر ئاخىرىدىكى نېمىس كلاسسىك ئېستېتىكلىرى (ئى.كانت. گېردېر. لېسسىڭ) ئېستېتىكانىڭ پەلسەپە تەركىبىدىكى مۇستەقىل پەن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئاساسلاپ بەردى. XIX ئەسىردە گېگىل ۋە چېرنىشېۋسكىلار ئېستېتىكا بويىچە قىممەتلىك تەتقىقاتلار قىلىشتى. ئۇلار ئېستېتىكىنىڭمۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى بارلىقىنى ئاساسلاپ چىقتى. بۇ قاراشلار ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك- لىرى تەرىپىدىن تولۇقلاندى، ھازىرمۇ بۇ ھەقتە تۈرلۈكچە

قاراشلار مەۋجۇت.

ئومۇمەن ئېستېتىكا مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە جەمئىيەت ھەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدىكى رولىنى، گۈزەللىكنىڭ ئەكس ئېتىش قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، گۈزەللىككە نىسبەتەن كىشىدە ئويغانغان ھېس-تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ھەم ئۇنىڭدىن زوقلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ ئۆگىنىدۇ، يەنە ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى ھېس قىلىشى ۋە بۇ خۇسۇسىيەتنى تەربىيە قىلىشنىمۇ ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، ئېستېتىكا پەقەت سەنئەتتىكى گۈزەللىكنىلا ئۆگىنىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە سەنئەت ئېستېتىكىنىڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساسىي ئوبيېكتلىرىدىن بىرى سانالسىمۇ، لېكىن ئۇ، سەنئەتتىكى گۈزەللىكنى تەتقىق قىلىشتا تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت نەزەرىيىسى، ئەدەبىياتشۇناسلىق قاتارلىق باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەنمۇ باغلىنىدۇ.

ئېستېتىكا — سەنئەتنىڭ مۇھىم، ئومۇمىي ۋە يېتەكچى قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق سەنئەتنىڭ پەلسەپە، تارىخ، سىياسىي ئىقتىساد، ئېتىكا، سوتسىئولوگىيە، سىياسەتكە ئوخشاش ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ، سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن پەرقلىق تەرەپلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئېستېتىكا — سەنئەتتىكى ھاياتىي مەزمۇن ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇتاناسىپلىق



قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، سەنئەتشۇناسلىق ئۆزىنىڭ ھەممە تەتقىقاتلىرىدا ئېستېتىكا ئىنقىلاپ بەرگەن ئومۇمىي قائىدىلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىكەن، ئەدەبىيات ھەققىدىكى پەن — ئەدەبىياتشۇناسلىقمۇ ئۆز تەتقىقاتىدا ئېستېتىكىغا سۈيۈنىدۇ، ھالبۇكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئېستېتىك ۋە بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش شەكىللىرىدىن بىرىدۇر. ئېستېتىكا بولسا، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ۋە قانۇنلىرىنى ئىشلەپ چىقىشتا، ئۆز نۆۋىتىدە سەنئەتكە، سەنئەتشۇناسلىققا تايىنىدۇ. خۇلاسە: ئېستېتىكا ماركسچە، لېنىنچە پەيلاسوپىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى، ئىنساننى مەنىۋى تەرەپتىن گۈزەل قىلىپ تەربىيىلەشتە سەنئەتنىڭ رولى مەسىلىسىنى ئۆگەنگۈچى پەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى رولى ناھايىتى مۇھىم.

**ئېسسە** (لاتىنچە exigo — چامىلايمەن، ئۆلچەپ كۆرمەك سۆزىدىن)

ئېسسە ئەركىن كومپوزىتسىيىگە ئىگە بولغان كىچىك ماۋزۇلاردا، شەخسىي مۇلاھىزە ۋە كۆز قاراشلارنى ئىپادە قىلىدىغان كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەر. بۇنىڭدا ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى دەۋا ۋە خۇلاسىلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاپتور ئۆزىنىڭ شەخسىي قاراشلىرىنى دەلىللەشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇ ساپ پەلسەپىي، پۇبلىتسىستىك خاراكتېردىمۇ يېزىلىشى مۇمكىن.

**ئېسكىز** ئاخبارات ئەدەبىياتى ژانىرى. بۇنىڭدا ئاساسەن بىرەر ۋەقەنىڭ بىر تەرىپى، بىرەر كۆرۈنۈش ياكى بىرەر پېرسوناژ يېزىلىدۇ، شۇڭلاشقا بىرنەچچە پارچە-پۇرات، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ۋە بىرنەچچە گەۋدىلىك مۇھىم مەنزىرىلەرنى ئاددىي يېزىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىي ئەسەر ئېسكىز دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئەڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى روشەن، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: لى جىنىڭ «يۈيمىن ئېسكىزى»، سۇنلى يازغان «يېزا ئېسكىزى» بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

**ئېفېمىزىم** (يونانچە eu — ياخشى phmi — گەپ قىلىمەن سۆزىدىن تۈزۈلگەن) توغرىدىن توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش ياكى دېمەكچى بولغان سۆزنى ئەينەن ئېيتماي، شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش-ھەرىكەتنى ئېيتىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلەش ئېفېمىزىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن: 1. "تۇغماق"سۆزى ئورنىغا "يەڭگىمەك، كۆز يورۇماق"دېگەندەك سۆزلەرنى، "ئۆلمەك" دېگەن سۆز ئورنىغا "ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، تۈگەپ كەتمەك، قۇربان بولماق"...قاتارلىق سۆزلەرنى قوللانغانغا ئوخشاش. 2. ... ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇرۇشتىن مەڭگۈ توختىدى،...ئۇ ئەمدى بىز بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى. (گېزىت سۆزى)



3. كۆرەشچان باللار، قوغلىشىپ يىللار
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

يۇقىرىدىكى مىساللاردا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەردە "ئۆلۈم" سۆزى بىۋاستە تىلغا ئېلىنماستىن، پەرقلىق ھالدا مۇۋاپىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك، ئېفېمىزىم يېزىقچىلىقتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئېكزىستېنتسىئالىزم** بارلىقچىلىق. پەلسەپىدىكى ئېكزىستېنتسىئالىزم (بارلىقچىلىق)كەڭ تارقالغان خەلقئارالىق پىكىر ئېقىمى. ئۇنىڭ ئىجادچىسى دانىيىلىك كىركېگىل (1859 — 1938) بولۇپ، «ئەندىشىلىك كۆز قاراشلار» دېگەن ئەسىرىدە بارلىقلىققا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى نېمىس پەيلاسوپى خوسېر (1859 — 1938)، ياسپىس (1883 -)، ھېدگېل (1889 -) لار كىركېگىلنىڭ نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار ھالەتچىلىك ۋە گەۋدىچىلىك نەزەرىيىسى ئىچىدىن بارلىقلىقنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بارلىق ۋە ماھىيەتنى ئايرىۋېتىپ بىلىشنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى تەكىتلەيدۇ. فرانسۇز پەيلاسوپى ۋە ئەدىبى سارتىرى (1905 - 1980) ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، داڭلىق "بارلىق ماھىيەتتىن ئالدىدا تۇرىدۇ" دېگەن ئېكزىستېنتسىئالىزم (بارلىقچىلىق) تەلىما-

تىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سارتىرى بىرتەرەپتىن دۇنيانى مەنىسىز، كىشىلىك ھاياتنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ بارلىقلىق قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ "ئىنساننىڭ مۇقەررەرلىكى ئەركىنلىك"، مۇھىمى "تاللاش" ئېلىپ بېرىش "ھەرىكىتى"نى سۆزلەش كېرەك دەپ قارايدۇ. لېكىن سارتىرى غەيرىي قىياسچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكنى تاللىشى جەمئىيەت ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

بارلىقچىلىق ئەدەبىياتى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيىدە باش كۆتۈرگەن بىر تۈرلۈك ئەدەبىي پىكىر ئېقىم بولۇپ، 40-يىللاردا، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن راۋاجلىنىپ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋە فرانسىيە، ياۋروپادا كەڭ تارقىلىپ، تەسىرى پۈتۈن دۇنياغا تېز تارقالغان. ئەڭ ئاۋۋال بارلىقچىلىق ئەدەبىياتىنى سارتىرى تىكلىگەن. ئۇ 1936-يىلى پەلسەپە ئەسىرى «تەسەۋۋۇر»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 1938-يىلى «بىزارىلىق» ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، ئوبراز ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتقا ۋە "بارلىق"لىققا قارىتا بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1943-يىلى پەلسەپە ئەسىرى «بارلىق ۋە يوقلۇق»دا ئۆزىنىڭ بارلىقچىلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن.

شۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر يازغۇچى گالىيۇر (1913-1960) «سىرتقى ئادەم» ھېكايىسىنى يېزىپ 1942-يىلى ئېلان قىلىش بىلەنلا زور



ئەكس سادا قوزغىدى. بۇ ھېكايىنىڭ خاھىشى سارتىرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. ئوبزورچىلار بۇنى بارلىقچىلىق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بىر يېڭى ئەدەبىي ئېقىم مەيدانغا كەلدى دەپ قاراشتى.

فرانسىيە بارلىقچىلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىلىرى ياشلارنىڭ زېرىكىشلىك، تېڭىرقاش كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن، پەلسەپىۋى قائىدىلەر ئوبرازچانلىقتىن كۆپ، كەيپىياتمۇ تۆۋەن يېزىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئەسەرلەر زور ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە تاقىلىدىغان، روشەن ئىدىيىۋى مەيدان ئىپادىلىنىدىغان بولغان، شۇنداقلا ئۇلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلىپ "كىشىلىك قىممىتى"نى قوغداش، رەزىللىك ھالەتلەرنى تەنقىد قىلىش خاھىشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، ئىلگىرىكى نوقۇل "ئىنساننىڭ بارلىقلىق قىممىتى" كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئادەمنى مۇقەملاشتۇرۇشقا قارىغاندا يەنىمۇ كونكرېتلىق كۆچىگە ئىگە بولدى.

بارلىقچىلىق ئەدەبىياتى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى، جۈملىدىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھازىرقى زامانچىلارنىڭ ئۇسۇللىرىنىمۇ بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، يۈكسەك دەرىجىدىكى پەلسەپىۋى قائىدىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كىرىشىنى؛ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ مۇرەككەپ، ئەگرى-توقاي بولماسلىقىنى؛ ئاساسىي قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتىنىڭ پەلسەپىلىك قائىدىلەر ئاساسىدا مۇھاكىمە ۋە تەھلىل ئارقىلىق

راۋاجلىنىشىنى؛ ئىدىئوم سۆزلەر، يېپىق ئوخشىتىش سۆزلىرى ئىشلىتىشىنى: تىل جەھەتتە، قىسقا، چۈشىنىشلىك، شوئارسىمان جۈملىلەر قوللىنىشنى؛ سۈپەتلەش، مۇبالىغە، كۆپتۈرۈش بولماسلىقنى، ئاشۇلار ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېردىكى ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بارلىقچىلىق ئەدەبىياتى ھېكايىچىلىق، تىياتىرچىلىق تەرەپلەردە مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپلا قالماي، نەسىرچىلىك ساھەسىدىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

**ئېكسپوزىتسىيە** (لاتىنچە exrositio — چۈشەندۈرۈش سۆزىدىن) سۇژېتنىڭ كىرىش، باشلىنىش قىسمى، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى شەكىللىنىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ھايات شارائىتلىرى، ۋەقە باشلانغان تارىخىي شارائىت تەسۋىرى.

ئېكسپوزىتسىيىنىڭ سۇژېت تۈگۈنىدىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ تۈگۈنگە ئوخشاش ئەسەردىكى ۋەقەنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا تەسىر قىلمايدۇ،

ئېكسپوزىتسىيە ئەسەردىكى ئورنىغا بېقىپ ھەر خىل بولىدۇ: 1. توغرا ئېكسپوزىتسىيە — ئەسەردە ۋەقە باشلىنىشتىن بۇرۇن كېلىدۇ. 2. كېچىكتۈرۈلگەن ئېكسپوزىتسىيە — ۋەقە تۈگۈنىدىن كېيىن يازغۇچى تەرىپىدىن قەھرىمانلار ھەققىدە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش مەلۇماتى. 3. تەتۈر ئېكسپوزىتسىيە — ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا قەھرىمان ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات.



ن. ۋ. گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى ئېكسپوزىتسىيە كېچىكتۈرۈلگەن ئېكسپوزىتسىيىدۇر.

**ئېكسپرېسسىئونىزم** (ئىپادىچىلىك). 20 ـ ئەسىر باشلىرىدا بۇرژۇئا سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ئەكسىيەتچى ئېقىم، بۇ ئېقىم سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئىندىۋىدۇئالىزم، سۇبيېكتىۋىزم ۋە شەكىلۋازلىقنى ھىمايە قىلىدۇ.

**ئېلېگىيە** (گرېكچە elegos — شىكايەت سۆزىدىن) قەدىمكى گرېتسىيىدىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر خىلى، يەنى غەمكىن، ئەلەملىك، مۇڭلۇق شېئىر، پۇشكىن ۋە لېرمونتوۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئېلېگىيىلىرى دۇنياغا مەشھۇردۇر. ئەينى زاماندا گو مورومۇ بىر قىسىم ئېلېگىيىلەرنى يازغان.

**ئېموتسىيە** (لاتىنچە emovere — سۆزىدىن) ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن تولغان، ئېموتسىئونال نۇتۇق. ئومۇمەن كىشىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، كۆچۈرمىلىرى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**ئېمپرېسسىئونىزم** (تەسىراتچىلىق). بۇرژۇئا سەنئىتىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭدا غايىۋىلىكنى، مەزمۇننى ئىنكار قىلىپ، كىشىنىڭ نازۇك كەچۈرمىشلىرىنى، كەيپىياتلىرىنى، تەسىراتلىرىنى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىماستىن تەسۋىرلەشكە ئورۇنغۇچى ئېقىم. ئۇلار شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەسىراتىغا ۋە تەسىرلىنىشكە ئاساسلىنىپ كۆپتۈ-

روشنى، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنى ئارىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**ئىبارە** بىر ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان بىر ياكى بىرقانچە سۆز بىرىكمىسى.

مەسىلەن: ھەممە گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش، دېگەندەك.

**ئىپادىچىلەر** ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى شەكىلچىلىك ئېقىملىرىنىڭ بىرى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەن، ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان.

بۇ ئېقىمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىنى ئاساس قىلىپ رېئال دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىش؛ كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى ”مېنىڭ دۇنيايىم“ دەپ تونۇپ، دىققەت مەركىزىنى ئىچكى سۇبيېكتىپ دۇنياغا مەركەزلەشتۈرۈش؛ ئۆزىنى، ئۆز تەسىراتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش... تىن ئىبارەت.

ئىپادىچىلەر شەكىلنى ئۆزگەرتىش، مۇبالىغە شەكلى بىلەن ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە غەرەزلىك ئىپتىدائىيلاشتۇرۇش بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى بۇ ئېقىمنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئىپادىچىلىك ئەسەرلىرى خىيالىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشكە قارشى تۇرىدۇ.



ئىپادىچىلەرنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇشۇ ئېقىمدىكى سەنئەتكارلارنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان كاپىتالىزم رېئاللىقىغا قارىتىلغان قارشىلىق بولغانىدى.

بۇ ئېقىمنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ۋەكىلى بېئېن، تىياتىر ساھەسىدىكى ۋەكىلى كاۋكاۋشكا، مۇزىكا ساھەسىدىكى ۋەكىلى شۇنبېرگ ئىدى.

**ئىپادىلەش** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قوللىنىدىغان ھەر خىل كونكرېت ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى.

ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلەش مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1. تىلنى قانداق قوللىنىپ بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش؛ 2. ھېكايە سۇژېتىنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 3. مۇبالىغە، ئوخشىتىش، كۈچەيتىش، ھەجۋىي قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قانداق قوللىنىش قاتارلىقلار.

**ئىپادىلەش ۋاستىلىرى** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە قوللىنىدىغان ھەر خىل كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى. يەنى بايان، تەسۋىر، توقۇلما، كۆپتۈرۈش، مۇبالىغە قاتارلىقلار. بۇلار ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بولۇپ ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى جانلىق

ئىپادىلەش، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تارتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

**ئىجاد** بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەر ياكى ماددىي بايلىق يارىتىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش؛ ياراتقۇچىلىق، ئىجادىيەت؛ ئويلاپ چىقارماق، كەشىپ قىلماق؛ يارىتىلغان ئەسەر، ئىجادىي مەھسۇلات.

**ئىجادىي** ئىجاد قىلىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن باغلىق بولغان، يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىش. ئىجادىي ئىش. مەخسۇس ئىجادىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك يىغىلىش. مەسىلەن: ئىجادىي ئۇلتۇرۇش، ئىجادىي پائالىيەت...

**ئىجادىيەت** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش. بۇ خىل ئىجادىيەت ئاپتورنىڭ بەلگىلىك دۇنيا قارىشى ئاساسىدا بولىدۇ. شۇنداقلا بەلگىلىك سىنىپىي مەيداندا تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تاللاش، تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا مول ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئوبرازلىق، جانلىق بەدىئىي ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئاددىيلا بىر ئىش ئەمەس. بەلكى تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت چوڭ ئىش. جۈملىدىن ئۇ مۇرەككەپ ۋە مۇشەققەتلىك مەنىۋى ئەمگەك جەريانىدىن ئىبارەت.

**ئىجادىيەت ئەركىنلىكى** بۇ مەسىلە ئەڭ بىرىنچى قېتىم



ۋ. ئى. لېنىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. لېنىن: "سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ھەققىي، ئەركىن ئەدەبىيات" دېگەنىدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك. بۇ خىل ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى يازغۇچىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. شەخسنىڭ ئىجادىي كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ۋە ئالاھىدە كۆز قاراشقا ئىگە بولۇش، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇش زۆرۈر، شۇڭا ئىجادىيەتنىڭ ئەركىن بولۇشى شەرت. دېمەك، يازغۇچى ئۆز مېڭىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىشى، تېما، باش تېما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى، قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرىنى ئىپادە قىلىشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى شەرت، شۇنداق بولغاندىلا، ھەققىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. ۋ.ئى. لېنىن بۇ جەھەتتە ئالاھىدە توختىلىپ، 1913-يىلىدىلا بەدىئىي ئىجاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر قاتار كونكرېت چارە-ئۇسۇللىرىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئۇ، بەدىئىي ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئال ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىي ئىشتا "شەخسىي تەشەببۇسقا،

شەخسىي قابىلىيەتكە، پىكىر ۋە خىيالغا، شەكىل ۋە مەزمۇنغا مەيدانىنى كەڭرى ئېچىپ بېرىش مۇتلەق لازىم"لىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

”بىز دەۋاتقان ئىجادىيەت ئەركىنلىكى مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، جەمئىيەت يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەمىن ئەتكەن كاپالەتنى، يەنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە شەكىللەنگەن، ئىجادىيەتنىڭ روشەنلىكى، ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرسى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت داۋامىدىكى ئەركىن روھىي ھالىتىنى، يەنى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە، رېئاللىقنى ئىپادە قىلىشتا زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە قەدەم باسقانلىقىدەك روھىي سەكرەتمىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىككى مەزمۇن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ ھەم بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئوبيېكتىپ شارائىت تەمىن ئەتكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولغاندىلا تېخىمۇ كۆپ يازغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىجادىي ئەركىنلىك ھالىتىگە قەدەم قويۇشتەك رېئال مۇمكىنچىلىكىنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. يەنى كەڭ يازغۇچىلار سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاندىلا ئوبيېكتىپ شارائىت تەمىن ئەتكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە ئىگە بولالايدۇ“ («تارىم» 85-يىللىق 3-سان، 110-بەت.)

**ئىجادىيەت تارىخى** يازغۇچى ئەسىرىنىڭ يارىتىلىش



تارىخى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ۋارىيانتىدىن تاكى ئەڭ كېيىنكى تۈگەللەنگەن نۇسخىسىغىچە ئىشلەنگەن تارىخىنى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرەر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە شۇ يازغۇچىنىڭ غايىۋى، ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋەقەلىك، مۇھىت، قىياپەت ۋە ئوبرازلار يارىتىش جەريانىدىكى پىكىر، ئۆزگەرتىشلەر بىلەن، يازغۇچىنىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، يىغىپ ئېيتقاندا ئەسەرنىڭ جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە تۇتقان ئورنى، ئەھمىيىتى بىلەن تونۇشىمىز.

**ئىجادىيەت جەريانى** يازغۇچىنىڭ ئەسەر ئۈستىدە ئىشلەپ بارغان ئىجادىي ئىش جەريانى. بىر باسقۇچتىن ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتۈشى. ھەرقايسى يازغۇچىدا ئوخشىمىغان ئىجادىي جەريان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ جەريان يازغۇچىغا تۇرمۇشنى ئۇزاق ۋاقىتلار كۆزىتىش، ئۆگىنىشتىن قولغا كېلىدۇ. بۇ جەريان يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر ۋە بىۋاسىتە تەجرىبە ھاسىل قىلىشىدىن، ۋەقەلىكنى ئىنچىكە كۆزىتىپ غايە-مەقسەت يولىدىكى ئىزدىنىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتىن ئالغان ماتېرىياللارنى تاللاش ۋە ئۇلارغا ئۆز مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش، بۇ ماتېرىياللارنى جايلاشتۇرۇش ۋە بەدىئىي ئوبرازلاردا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىش ئەدىبتىن ناھايىتى چوڭ غەيرەت-شىجائەتنى تەلەپ قىلىدۇ، توپلانغان تۇرمۇش ۋە

ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ۋەزىيەتتىكى خۇلق ـ مىجەزى ھەم كەچۈرمىلىرىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. ئىجادىي ئىش جەريانىدا ئەسەرنىڭ ھەممە جەھەتتىكى تەھرىرلىك ئىشلىرى تۈگىگەن بولىدۇ. ئەسەر نەشرگە تەييار بولغان سەۋىيىگە كېلىدۇ، مانا بۇ — ئىجادىيەت جەريانىدۇر.

**ئىجادىيەت ئىلھامى** (قىزغىنلىقى) يازغۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ ئۇنى كۆزەتكەندە، تەھلىل قىلغاندا بەزى ۋەقە ـ ھادىسىلەر يازغۇچىغا تەسىر قىلىپ، يازغۇچىدا شۇ تۇرمۇشقا نىسبەتەن مەلۇم بىر تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر يازغۇچىدا مول تۇرمۇش تەجرىبىسى، تۇرمۇشنى كۆزىتىش قابىلىيىتى بولمىسا، يازغۇچىدا ھەقىقىي ئىجادىيەت ئىلھامىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەت ئىلھامى يازغۇچىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

**ئىجادىيەت ئۇسۇلى** ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەندە يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن چاغدا، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە رېئايە قىلىدىغان پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، تۇرمۇشقا قانداق قاراش، قانداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش قاتارلىق بىر قاتار ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچ جەھەتلەردە



تۇتقان پرىنسىپلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، مانا شۇ سەۋەپتىن، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇخىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: رېئالىزم، رومانتىزم، كلاسسىزم، ناتۇرالىزم، ئېستېتىزم، ئېكسپرېسسىئونىزم ۋە سۇررېئالىزم قاتارلىقلار. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخىي ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن، رېئاللىقنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىش بىلەن غايىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىشتەك ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت خاھىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئىككى خىل ئاساسىي ۋە تۈپكى ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

**ئىدىئوما** (گرېكچە idioma ئۆزىگە خاس ئىبارە) پەقەت بىرلا تىلغا خاس بولۇپ، باشقا تىللارغا ئەينەن تەرجىمە قىلغىلى بولمايدىغان ئىبارە. مەسىلەن؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئاغزىنى تاتلىق قىلماق"ياكى "بېشىغا كۈن چۈشمەك" دېگەن سۆزلەر ئىدىئوم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، تاتلىق يېمەكلىكنى يەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلغانلىقنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئارزۇ يولىدا ئۆزىگە ئىلھام بەرگەنلىكنى ھەمدە شۇ يولدا لەززەتلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكى ئىدىئوممۇ بېشىغا دەرد ـ ئەلەم، يامان كۈن كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىزاھ، ئىزاھلاش** سۆز، ئىبارە ياكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش.

تېكىستلەرنىڭ ئايرىم يېرىگە كەلتۈرۈلگەن ياكى ئايرىم مەسىلىلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچە مەلۇمات، چۈشەندۈرۈش، ئەسلەتمە، ئۇقتۇرۇش.

**ئىستىئارە** مېتافورا. مۇشۇ ئاتالغۇلارنىڭ "م" قىسمىغا قاراڭ.

**ئىستىل ياكى ئۇسلۇب** ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى خاس ئالاھىدىلىكى. يەنى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى، ئوبرازلار خاراكتېرى، سۇژېت كومپوزىتسىيىسى ۋە تىلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ جۇغلانمىسى.

يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش جۇغلانمىسى، بەدىئىي يېتىلىشى، خاس خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىستىل ياكى ئۇسلۇب ئاتالغۇسىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەنگەن ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىككىمۇ قوللىنىلىپ، دەۋرنىڭ ئۇسلۇبى، مىللەتنىڭ ئۇسلۇبى، مەلۇم بىر ئېقىمنىڭ ئۇسلۇبى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ.



ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يازغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجادىي خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، ھەرقايسىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بەدىئىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتا پايدىلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت زوقلىنىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتى يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**ئىستىلىستىكا** تىلشۇناسلىقتىكى مەخسۇس بىر تارماق. ئۇ مەنە ۋە ھەر خىل تىل ماتېرىياللىرىنى قانداق قوللىنىش مەسىلىلىرىنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى مۇۋاپىق ئىپادە قىلىشنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئىستىلىستىك ھالەتلەرنىڭ قائىدىلىرىنى، ئىستىلىستىك كۆز قاراشلار سىستېمىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ھەر خىل ئىستىلىستىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ۋە ئىجاد قىلىپ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق ئىپادىلەشكە يېتەكلەيدۇ.

**ئىستىلىستىك ۋاستىلەر** كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمەن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت قىلىپ بېرىدىغان ۋاستىلەر ئىستىلىستىك ۋاستە دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىستىلىزاتسىيە** بىرەر يازغۇچى ئىجادىغا خاس غايىۋى-بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە، ئىپادە قىلىش ئۇسۇلىغا، تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىش.

**ئىقتىباس** (ئەرەبچە اقتيباس-ـزىيا، ئالماق سۆزىدىن) 1. ئۆز پىكرىنى ئىزاھلاش ياكى تەستىقلاش ئۈچۈن باشقىلار-نىڭ ئەسىرىدىن پارچە ياكى مەلۇم بىرەر سۆز (ئىستاتا) كەل-تۈرۈش؛ 2. باشقا بىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئىجادىي قايتا ئىشلەش.

مەرھەبا، باشلانغان ئالتۇن دەۋرىڭگە!
ھەي، قەدىمى، گۈزەل يالقۇنتاغ گۈلى،
"تىل تەگمىسۇن باھارىڭغا،
ئاسقىن تىل تۇمار"...①
ھاياجان ئىچىدە تۇرغان بايروننىڭ
بالزاك ۋە گابايىنلارنىڭ
كۆزىدە تۇرپان ئوبرازى:
ئەرشكە ئۆرلەۋاتقان نەقىشلىق مۇنار!

(مەمەتجان سادىق)

**ئىلھام** تۇرلۇك ئىلمىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى، ئاپتور كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ

---

① بۇ ئىككى مىسرا ئا. خوجانىڭ.



قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجاد قابىلىيىتى.

تارىختىن بۇيان ئىلھام مەسىلىسىدە ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار بولۇپ كەلدى. ئىدېئالىزمچىلار ئىلھامنى بىرخىل سىرلىق روھىي ھالەت دەيدۇ. بىز بۇ مەسىلىدە مۇنداق كۆز قاراشتا، يەنى:

1. ئىلھام بولسا تەپەككۇر جەريانىدىكى بىر خىل ھادىسە. بارلىق تەپەككۇر ھادىسىلىرىگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى بىر خىل ئىنكاسى. 2. ئىلھام بولسا، ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. قېتىرقىنىپ ئەمگەك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇش، باي تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇش ئىلھامغا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. 3. ئىلھام ئىدىيىۋى كەيپىيات يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن چاغدا پەيدا بولىدۇ. ھالبۇكى، يۈكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشكەن تەپەككۇر بولغاندىلا تونۇشتا بۆسۈش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىماژىزم** تەسىرچىلىك. ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا تارقالغان ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئېقىمى. 1913-يىلى شۇم، پاندې ۋە فىلىنت قاتارلىقلار لوندۇندا تەسىرچىلىك خىتابنامىسى ئېلان قىلىپ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىۋاستە ئىپادىلەشنى، "ئىپادىلەش"كە ياردىمى تەگمەيدىغان ھەرقانداق سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلاشنى، ئېغىز تىلى رىتىمنى ئەنئەنىۋى رىتىم ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

تەسىرچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى "دەرھال تەسىر قىلغان

ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتنىڭ قايتىدىن بىرلىشىشى"نى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. ئۇلار كۆرۈش سەزگۈسىگە تەسىر قىلغان نەرسىلەر ئارقىلىق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پەيدا بولىدىغان بىۋاستە سېزىم ۋە ئوي پىكىرلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بۇ ئېقىم ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىكى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئېغىز تىلىنى كۆپرەك قوللىنىش، ئەركىن شېئىر يېزىش ۋە تەسىراتنى يىتىلدۇرۇش جەھەتلەردە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

**ئىنتوناتسىيە** ئاۋاز ئاھاڭى. سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى تەلەپپۇز ئۇسلۇبى؛ تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، ئېگىز، پەس بولۇپ تۇرۇشىدىن تەشكىل تاپقان رىتىملىق، ئاھاڭلىق نۇتۇق تۈزۈلۈشى.

**ئىندېكس** رويخەت، نام، كۆرسەتكۈچ. مەسىلەن: چىقىرىلىۋاتقان كىتابلار ئىندېكسى دېگەندەك.

**ئىندىۋىدۇئاللىق** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى. يازغۇچى ئىندىۋىدۇئاللىقى روشەن بولغان تىپىك ئوبرازنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقىنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. پېرسوناژنىڭ "نېمە قىلىۋاتقانلىقى"نىلا ئىپادىلەپ قالماستىن،



"قانداق قىلىۋاتقانلىقى"نىمۇ ئىپادىلەيدۇ ۋە ئاخىردا پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىنىڭ كونكرېت ھەرىكەت شەكلى، چىراي قىياپىتى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش يولى، سۆزلەش ئادىتى، قىزىقىش، مىجەز-خۇلقى ئېنىق بولغان "ئايرىم بىر ئادەم" قىلىپ چىقىدۇ، مانا بۇلار ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىنسان تەبىئىتى** ئىنسان تەبىئىتى ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ "تەبىئىي خۇسۇسىيىتى" بىلەن سىنىپىيلىكتىن خالى بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى پەقەت ئۆتكەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت بىلەن كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزم جەمئىيىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ ئورتاق ئىنسان تەبىئىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئارقىلىق سىنىپىيلىكنى ئىنكار قىلىش خاتا. سىنىپىيلىكنىلا ئېتىراپ قىلىپ، ئىنسان تەبىئىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىقمۇ ئوخشاشلا خاتا.

سىنىپلارنىڭ يوقىلىشى ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسان تەبىئىتى تېخىمۇ يۈكسەك باسقۇچتا ساغلاملىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

ماركس «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدە: "ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئومۇمىي تەبىئىتىنى، ئاندىن كېيىن ھەربىر دەۋردە تارىخىي يوسۇندا ئۆزگىرىپ بارغان ئادەم تەبىئىتىنى تەتقىق

قىلىش لازىم"① دەپ كۆرسىتىپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئومۇمىي-
لىقى بىلەن مۇئەييەن دەۋردىكى ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاش-
تۇرۇپ بەرگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ: "بىز پرولېتارىياتنىڭ
ئىنسان تەبىئىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى
قۇۋۋەتلەيمىز"② دېگەنىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى
ئەمەلىيەتتە خەلق دېگەن مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئورتاق
ئىنسان تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئادەمنىڭ سىنىپىيلىكتىن خالى ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى دېگە-
نىمىزدە، بۇ ئاساسەن ئانا-بالىلىق مۇھەببىتى، ئەر-ئاياللىق
مۇھەببىتى، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش، دوستلىرىغا سادىق بولۇش،
گۈزەللىكنى ياقتۇرۇش قاتارلىق كىشىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان
ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ. ئاتا-بالا ۋە قېرىنداشلىق مېھرى،
ئائىلە لەززىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئائىلە تەشكىلاتى
شەكىللەنگەندىن كېيىنكى مەھسۇلى، ئائىلە تەشكىلاتى پارچىلە-
نىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بىر خىل ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى سۈپە-
تىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماركس رەپىقىسىگە يازغان
خېتىدە: "ھالبۇكى مېنىڭ مۇھەببىتىم،... پرولېتارىياتقا

① ك. ماركس: «كاپىتال»، 1-توم، خەنزۇچە نەشرى، 669-بەت.
② «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، 1967-يىل
ئۇيغۇرچە نەشرى، 145-بەت.



بولغان مۇھەببىتىمۇ ئەمەس، بەلكى سۆيۈمۈلۈك‌ كۆمگە، يەنى ساڭا
بولغان مۇھەببەت، كىشىنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەمگە ئايلان-
دۇرىدىغان مۇھەببەت"① دېگەن.
رېئال تۇرمۇشتا كونكرېت ئادەمنىڭ ئۆزىدە سىنىپىيلىق بىلەن
ئىنسان تەبىئىتى كۆپىنچە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، سۈت
بىلەن سۇدەك قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بەزىدە بىرى مۇھىم
تەرەپ بولسا، بەزىدە يەنە بىرسى مۇھىم تەرەپ بولىدۇ. بۇنى
ماركسىزملىق ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى بويىچە تەھلىل
قىلىشىمىز لازىم.
**ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەش-
تۈرۈش** بۇ بىر يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلى. ئىنقىلابىي رېئالىزم
بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش ئىجادىيەت ئۇسۇلى —
سوتسىيالىستىك رېئالىزم پرىنسىپلىرىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-
سەنئىتىنىڭ كونكرېت مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەش-
تۈرۈلۈشى. ئۇ، جۇڭگولاشقان سوتسىيالىستىك رېئالىزمدۇر.
ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
مەزگىلىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن (1958-يىل) ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى
بىرلەشتۈرۈش (قىسقىچە "ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش" دېيىلىدۇ) ئىجا-

① جېنىي ماركسقا يېزىلغان خەت. «ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى»،
29-توم، 515-بەت.

دىيەت ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل يالغۇز تارىختىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيتىنىڭ ئېسىل تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەش بىلەن خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشلا بولماستىن، يەنە ئېلىمىز ئەدەبى- يات ـ سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

ئېلىمىزنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبى- يات ـ سەنئىتىگە يېڭى تەلەپ قويىدى، ئىجادىيەتتە دەۋرنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۈنۈملۈك يېڭى ئۇسۇلنى قوللىنىش — ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالدىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەت ۋە غايە كۆز قارىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات يولىنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق مەشئەل. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ، غايىنى قانات قىلىدۇ. شۇڭا ئەمەلىيەت كۆز قارىشى بىلەن گۈزەل غايە ـ كېلەچەك كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى "ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش"نىڭ تەلىپىدۇر.

"ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش" ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلاردىن مۇستەھكەم پرولېتارىياتلىق مەيدان ۋە روشەن پوزىتسىيىدە بولۇشنى، خىلمۇخىل ئۇسلۇب ۋە شەكىل- لەرنىڭ ئەركىن مۇسابىقىسىنى يولغا قويۇشنى، ئوخشىمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىللەرنى ئەركىن قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئىنۋېرسىيە** (لاتىنچە inversi — ئورۇن ئالماشتۇرۇش سۆزىدىن)



نۇتۇق بۆلەكلىرىنىڭ گرامماتىك نورمىسىدىن تاشقىرى ھالەتتە قوللىنىشقا ئاساسلانغان ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن بىرى، ئىنۋېرسىيە شېئىرى نۇتۇقتا، شۇنداقلا يازما نۇتۇقلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ، شېئىرىيەتتىكى ئىنۋېرسىيە كۆپرەك شائىرنىڭ خاھىشىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى، شائىر مەلۇم سۆزلەرنى تەكىتلەش ۋە ئۇلارنىڭ تەسىر قىلىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، كۈچەيتىش ئۈچۈن نۇتۇقتا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى گراممatik قائىدىگە زىت بولمىغان ھالدا ئەتەي ئۆزگەرتىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پوئېتىك سىنتاكسىسنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، شۇڭا ئىنۋېرسىيە شائىرنىڭ ئەسەر غايىسىنى بىرىنچى پىلانغا قويۇش نىيىتى بىلەن باغلانغان قانۇنىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. تەكىتلە- مەكچى بولغان پىكىرگە مەنتىقى ئۇرغۇ بېرىش، ئۇنى كۈچەي- تۈرۈش ۋە شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا بۇ ئۇسۇلنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ.

مەسىلەن:

يايلاقتا بارىمەن دەريا ياقىلاپ،
غۇرقىراپ ئۇچماقتا سەھەر سالقىنى.
سىمابتەك سۈزۈك سۇ ئاقسا شارقىراپ.
ھۆسنىدىن ئەكس ئېتەر ئىقبال يالقۇنى.

(ت. سامساق)

بۇ شېئىردا گەپتىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبى ئادەتتىكى جۈملە قۇرۇلۇشىدىن باشقىچە بولۇپ كەلگەن. يەنى شائىر "دەريانى

ياقلاپ يايلاقتا بارىمەن. سەھەر شاملى غۇرقىراپ چىقماقتا. سىمابتەك سۈزۈك سۇ يالتىراپ ئاقسا، ھۆسنىدىن ئىقبال يالقۇنى ئەكس ئېتىدۇ" دېگەن ئادەتتىكى گەپ تۈزۈلۈش قائىدىسىنى شېئىرىي نۇتۇقنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ، ئۇنى يۇقىرىقى ھالەتكە كەلتۈرگەن.

**يازغۇچى** بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان شەخس؛ ئەدىب.

**ياندىما سۆز** تىياتىر ئەسەرلىرىگە خاس ئاتالغۇ. يەنى دىئالوگ، مونولوگ، ياندىما سۆز پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ، ۋەقەلىك گارمونىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى. دراما ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىدا ئاكتىيور بىر چەتتە تۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ سۆزى ياكى ھەرىكىتىگە نىسبەتەن باھا بېرىش خاراكتېرىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى پائالىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا قارشى تەرەپكە ئاڭلاتماي دەۋاتقاندەك، ياكى بىۋاستە تاماشىبىنلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ سۆزلەيدۇ. مانا بۇ "ياندىما سۆز" دېيىلىدۇ.

**يەرلىك تۈس** ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم بىر رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، يەر تۈزۈلۈشى، كىلىماتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تۇرمۇش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش؛ شۇنىڭدەك شۇ رايوننىڭ يەرلىك تىل پەرقى (شىۋە-ئىبارە)، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق



شەكىللەنگەن بىر خىل بەدىئىي خۇسۇسىيەت.

**يوبىلېي** تەبرىكلەش كۈنى. بىرەر شەخسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىش-پائالىيىتى يىللىقى ياكى بىرەر تەشكىلات، مۇئەسسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىم. مەسىلەن: شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىق يوبىلېيى، يازغۇچىنىڭ 30 يىللىق ئىجادىي يوبىلېيى دېگەندەك.

**يوشۇرۇن لىنىيە** تىياتىر ئەسەرلىرىدىكى بايانى ۋاستىلەر ئارقىلىق ۋەقەلىك يىپ ئۇچىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان، بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان سۇژېت. "يوشۇرۇن بايان"غا قاراڭ.

**يوشۇرۇن ئىبارە** تىياتىر، كىنو ئاكتىيورلىرىنىڭ ئويناش ماھارىتىگە ياردەم بېرىدىغان، ئاكتىيور سۆزىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتلىك ئىبارە. ئۇ سۆزنىڭ مەقستى ۋە مەنىسىدىن تاشقىرى مەنە بارلىقىنى، دېمەكچى بولغان گەپ دېيىلگەن بولسىمۇ، مەقسەت ئېنىق ئۇقتۇرۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يوشۇرۇن ئىبارە بىر سۆزدىن كۆپ مەنە چىقىرالايدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، نۇرغۇن ئىچكى ئىدىيىۋى مەنىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەملىگەن بولىدۇ. شۇڭا تاماشىبىنلارغا تولۇق تەسەۋۋۇر ئىمكانىيىتى قالدۇرىدۇ.

تەجرىبىلىك دراماتۇرگ ۋە سىنارىيە يازغۇچىلار يوشۇرۇن

ئىبارە ئارقىلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**يېشىم** ئادەتتە يېشىم-تۈگەللىمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېشىم ئەدەبىي ئەسەردىكى زىددىيەت-توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلىنىشى بولۇپ، سۇژېت راۋاجلىنىپ يېشىم باسقۇچىغا بارغاندا پېرسوناژلار ھەم ۋەقەلەردىن بەلگىلىك نەتىجە چىقىرىلىدۇ. باش تېما پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ ۋە سۇژېتمۇ يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەسىلەن: «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى»نىڭ 9-بابى — «ئاقىۋەت»تە ئاQ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ مۇشۇ ئەسەرنىڭ يېشىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يېڭى پىكىر ئېقىمچىلار** 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيەدە باش كۆتۈرگەن ئەدەبىي ئېقىم، "يېڭى رېئالىزمچىلار" ياكى "يېڭى ماھارەتچىلەر" دەپمۇ ئاتالغان.

بۇ ئېقىمدىكى يازغۇچىلارنىڭ روشەن ئەدەبىي تەشەببۇسلىرى يوق. ئەمما، ئىجادىيەتتە تۆۋەندىكى ئورتاق خاھىشلارغا ئىگە: تەبىئىيچىلەر (ناتۇرالىستلار)نىڭ ساپ ئوبيېكتىپچىلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ غايىۋىلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە توقۇلما بولۇشقا، تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئېتىبار بېرىپ، بەدىئىي ماھارەتكە، بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.



ئۇلار كىشىلىك ھاياتنى ئەستايىدىل كۆزىتىشنى، رېئاللىقنى پۇختا ئىگەللەشنى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەندە يازغانلىرىدا يېڭى مەنە بولۇشنى، يېڭى ئىدراك ئويغىتالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**يېڭى تەنقىدچىلەر** 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 50-يىللىرىغىچە ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ساھەسىدە تەسىرى بىرقەدەر چوڭراق تەنقىدچىلەر ئېقىمى.

يېڭى تەنقىدچىلەر ئېقىمىنىڭ ئەزالىرى كۆپ، تەشەببۇسلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ ئاساسىي خاھىشى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1. ئۇلار بەلگىچىلەر (سىمۋولىستلار)نىڭ گۈزەللىكچىلىك (ئېستېتىكا) نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ ئەسەرنى مۇستەقىل، ئوبيېكتىپ بەلگە، سىرتقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئورگانىك گەۋدە، يەنى "ئورگانىك فورمالىزم (شەكىلچىلىك)" دەپ قارايدۇ. 2. ئۇلار ئەدەبىياتنى، ماھىيەتتە بىر خىل ئالاھىدە تىل شەكلى، تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى ئەسەرنىڭ يېزىقىنى تەھلىل قىلىش، ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش رولى ۋە يوشۇرۇن مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش، يەنى "يېزىق مەنىسى بويىچە تەھلىل قىلىش" دەپ قارايدۇ.

بەلگىلىكچىلىك (سىمۋولىزم) ئۇلارنى گۈزەللىكچىلىك نەزەرىيىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يېزىق مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىش بۇ ئېقىمنىڭ ئوبزورچىلىقتىكى ئاساسىي ئۇسۇلى.

**يېڭى تۇيغۇچىلار** 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ بېشىدا ياپونىيىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم. 1925-، 1926- يىللىرى تېز تەرەققىي قىلغان.

يېڭى تۇيغۇچىلار، كىشىلەر كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق دۇنيانى بىلىدۇ ۋە دۇنيانى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنى ھېسسىي بىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بىۋاسىتە كۆزىتىشكە تايىنىپ شەيئىلەرنى ئىپادىلەشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يېڭى ھېس-تۇيغۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن يېڭىچە تەسىرات ئېلىش، ئاندىن رېئاللىققا نىسبەتەن بەدىئىي ئىش قوشۇش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى كۆرۈنۈشتىكى رېئاللىقنى ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەش، سۇبيېكت ۋە بىۋاسىتە ھېسسىياتنىڭ رولى ئۈستۈن، سىمۋوللاشتۇرۇش رېئاللىقتىن مۇھىم دېگەنلەرنى تەكىتلەيدۇ.

**يېڭى سەنئەتكارلار** 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 30- يىللىرىنىڭ بېشىدا ياپونىيىدە باش كۆتۈرگەن ئەدەبىي ئېقىم. ئۇ، يېڭى تۇيغۇچىلار ئېقىمى پارچىلانغاندىن كېيىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان پرولېتارىيات ئەدەبىيات ھەرىكىتى باشلانغان يىللاردا تۇغۇلغان.

بۇ ئېقىمنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەشەببۇسى يوق. ئەمما، ئۇلار بەدىئىيلىك ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەننى تەرغىب



قىلىپ، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرىدۇ. رېئال چىنلىقنى ئىپادىلەشكە ھۇجۇم قىلىپ، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنى ”بەدىئىيلىكنى قۇربان قىلىدۇ“، دەپ قارايدۇ. چۈشكۈنلۈكنى، شەھەر تۇرمۇشىدىكى پەلپەتىشچىلىكنى، ”ئىنسان لەززىتى“نى ئىپادىلەشنى تەرغىب قىلىدۇ.

”يېڭى سەنئەتكارلار“ ئېقىمى شەكىللىنىپ بىرەر يىللاردىن كېيىنلا پارچىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي تارقىلىپ كەتكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ تەسىرى خېلىغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

# «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»گە پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


«ئەدەبىياتشۇناسلىق تېرمىنلىرىنىڭ رۇسچە-ئۆزبېكچە ئىزاھلىق لۇغىتى» («ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1983-يىل نەشرى.)

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى — ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن»، دەرسلىك (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى.)

«قىسقىچە ئەدەبىي بىلىملەر لۇغىتى» (خەنزۇچە. گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، لەنجۇ، 1985-يىل نەشرى.)

«ژانىرلۇغىتى» (خەنزۇچە. شەرقىي شىمال سىفەن داشۆسى نەشرىياتى، چاڭچۈن، 1986-يىل نەشرى.)

«ئوكيانىس» (خەنزۇچە. شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل نەشرى.)

«جۇڭگو قامۇسى» (خەنزۇچە. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل نەشرى.)





مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: مەھمۇت زەيىدى
سەمەت دۇگايلى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1988-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 2.15 يۈەن

**简明文学术语词典**

（维吾尔文）

麻合木提，赛买提编著

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：15 3/8

1988年7月第1版

1988年7月北京第1次印刷

印数：0001—5,000册

统一书号：M10049(4)231定价：2.15元

ISBN 7—105—00100—3/I·37